شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە مۇنەۋۋەر ژۇرنال، شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتىغا نائىل ژۇرنال

2011
6



B U L A K

# بۇلاق

ISSN 1005-0876
12>
9 771005 087006

源泉 (布拉克) ◎ BULAK

# ئەجداد نەسىھىتى



ئەقىل قايدا بولسا، ئۇلۇغلۇق بولۇر،



ئاتىلار سۆزى ئەقىلنىڭ كۆزى.



بىلىم كىمدە بولسا، بۈيۈكلۈك تاپۇر.



ئەخلاق ــ پەزىلەت ئادەم زىننىتى.



جىمىكى ئىشىڭنى ئەقىل بىرلە قىل، بىلىم بىرلە ۋاقتىڭنى ساقلاشنى بىل.

خەتتات: مەمەت نەۋبەت

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە فولكلورىنىڭ قوش ئايلىق ژۇرنىلى

# بۇلاق



33 - يىل نەشرى

ئومۇمىي 141 - سان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

## تىل، تارىخ ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى

«قوتادغۇبىلىك»تە «قارشى» ئاتالغۇسى ........................ ھەمدخان ئىسلامىي (ئۆزبېكىستان) (72)
ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: تۇرسۇن قۇربان تۈركەش
ئۇيغۇرلاردا ئۆلۈم ئۆزئىتىشقا دائىر ئېتىنىك ئۆرپ ـ ئادەتلەر ........................ ئابلىز مۇھەممەت سايرامى (76)
ساتتار ھاجى ۋە ئۇنىڭ تېمىتىپ سۆغرىش ئۇسۇلى توغرىسىدىكى مەلۇماتلار ........................ (95)
توپلاپ رەتلىگۈچى: بۈمەريەم شېرىپ خۇشتار
يەكەندىكى خانىقالار ھەققىدە ........................ ھىدايەت يانتاق (97)

## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

نوقۇت پالۋان (چۆچەك) ........................ (102)
ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: دىلئارام باھاۋىدىن
ئەبدەش باتۇر (چۆچەك) ........................ (105)
توپلاپ رەتلىگۈچى: ھىمىت سامساق

※

مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە: ئەھمەد يەسسەۋىي (رەسسام: مۇرادىل ئابىد)

※ ※ ※

مەسئۇل مۇھەررىرى: دىلئارام باھاۋىدىن

مۇھەررىرى: مۇتەللىپ ئىسمايىل

تەكلىپلىك كوررېكتورى: ۋەلى زەيدۇن

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت

خەتتاتلار: قۇربانجان شەيدائىي، مەمەت نەۋبەت

تەھرىر بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2827971 ـ 0991
ئېلېكترونلۇق خەت ساندۇقى: bulak@yahoo . cn
تارقىتىش بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2827472 ـ 0991

مىرزا شاھ مەھمۇد ئىبنى مىر فازىل چوراس

# رەفقۇت – تالىبىن

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

مۇھەررىردىن: «ئەنسۇت – تالىبىن» ئاتاقلىق ئەدەب، تارىخچى مىرزا شاھ مەھمۇد ئىبنى مىر فازىل چوراسنىڭ «تەۋارىخ» ناملىق ئەسىرىدىن باشقا يەنە بىر مۇھىم ئەسىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەسەر پارس تىلىدا يېزىلغان بولۇپ، دۆلەتشاھ بەگنىڭ ئوغلى ئوسمانشاھ بەگنىڭ پەرمانىغا بىنائەن ئەبۇ مەنسۇر ناملىق شائىر ۋە ئەدەبىي تەرجىمان تەرىپىدىن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. تەرجىمان «ئەنسۇت – تالىبىن»نىڭ بۇ تەرجىمىسىگە «رەفقۇت – تالىبىن» دەپ ئات قويغان. بۇ ئەسەردە تەسەۋۋۇپ پېشۋالىرىنىڭ نەسىل – نەسەبى ۋە بەزى ئىش – پائالىيەتلىرى بايان قىلىنغان بولۇپ، مۇشۇ مەزمۇنغا مۇناسىۋەتلىك ھالدا رايونىمىزنىڭ قاراخانىيلار دەۋرىدىن باشلاپ تاكى سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئاخىرلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى بەزى ئەھۋاللىرى ھەققىدە مەلۇمات بېرىلگەن. بۇ ئەسەرنىڭ ئەدەبىي ۋە تارىخىي قىممىتى مۇشۇ تۈپەيلىدىن ناھايىتى يۇقىرى. ئەمما، ھەممە نەرسىنىڭ مېۋىسى ۋە شۆپىكى، مېغىزى ۋە شاكىلى بولغىنىدەك، بۇ ئەسەردە سەئىدىيە خانلىقىنىڭ كېيىنكى ۋاقىتىدا رايونىمىزدا يامراپ كەتكەن ئىشانپەرەسلىك، مەزھەپپەرەسلىك، سۇلۇكۋازلىق، شەخسكە چوقۇنۇش، نەسەبكە چوقۇنۇش ئىدىيەۋى خاھىشلىرىنىڭ تەسىرى مەلۇم دەرىجىدە ئەكس ئەتكەن. ئەسەرنىڭ دەۋرىمىز ئۈچۈن قىممەتلىك تەرەپلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭ پاسسىپ تەرەپلىرىگە تەنقىدىي مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك.

«رەفقۇت – تالىبىن»نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ئاغدۇرۇلغان بۇ نۇسخىسىنى نەشرگە تەييارلاشتا بۇ ئەسەرنىڭ سانكىت – پېتېربورگدا ساقلىنىۋاتقان B771 نومۇرلۇق قول يازمىسىنىڭ كۆپەيتىلمىسى ئاساس قىلىندى.


اوغلی حضرت امام حسین حضرت علی المرتضی نینک اوغلی
ایرورلار رضوان الله تعالی علیهم اجمعین اما عاقل و دانالارغه
مخفی قالماغایکیم حضرت سید کمال الدین مجنون حضرت رسالت
پناه صلی الله علیه وسلم نینک مدینهٔ منوره و روضهٔ مطهره
لاریدا یاکین و متوطن ایردیلار اول سروری عالم و فخر اولاد آدم
صلی الله علیه وسلم نینک بشارت لاری بیله فرغانه
ولایتی کا کلدیلار اول وقتی دا اوترار و کاسانی و فرغانه و اوزگند
واوش بو ولایت لار پادشاهی سلطان ایلیک ماضی ایردی
و اول ایلیک لار ستوق بغراخان غازی علیه الرحمه والرضوان
نینک نبیره لاری ایردیلار سلطان ستوق بغراخان غازی
یوسف قادرخان غازی نینک عم زاده سی ایردیلار اهل بشارت
و اهل کرامت ملق دین ایردیلار حضرت حق سبحانه و تعالی سلطان
ایلیک ماضی غه بر جور صفت و پسندیده سیر فرزند صالح کرامت
قیلاریدی

قیلیب ایردی و آیهٔ کریمه نینک مضمونی بو ایردیکیم قوله تعالی
وَالْبَنُونَ زِينَةُ الْحَيٰوةِ الدُّنْيَا وَالْبٰقِيٰتُ الصّٰلِحٰتُ
خَيْرٌ عِنْدَ رَبِّكَ ثَوَابًا وَخَيْرٌ أَمَلًا اول ایلیک نینک
زاینداروشن و هویدا و مسلمی و اظاهر پیدا ایردی بر از نه
کیچه سی ایردیکیم سلطان ایلیک ماضی توشنی کوردی حضرت پیغمبر
صلی الله علیه وسلم اول فرزند سید کمال الدین مجنون غه عقده
قیلدیلار سلطان ایلیک ماضی اویغودین بیدار بولدی ایرسه
شکر منعم حضرت حق سبحانه و تعالی نی شکرینی بجا کلتوردی تا خجسته
وقت بو وعده غه انتظارلیق تارتار ایردی حضرت سید کمال الدین
ولی مادر زاده صاحب ارشاد و بزرگ زاده ایردیلار اول لار
خارق عادت و کشف کرامت لحظه لحظه ظاهر بولور ایردی اول بزرگ
عالی جناب هر وقت اویقوغه مشغول بولسالار اولوغ صوی تیلغ
سیلان محافظت قیلیب یاشلاریدا یا بان بولوب تورار ایردی

(«رەفقۇت – تالىبىن»نىڭ B771 نومۇرلۇق قول يازمىسىدىن ئېلىنغان فوتو سۈرەت)

...[1] پېشانىلىرىدە ئېنىق كۆرۈنىدۇكى، كۆڭلى يورۇق كىشىلەرگە ناماز بىلەن ئۆتكەن كىشىنىڭ يۈزى قۇياشتەك نۇرلۇق كۆرۈنىدۇ، دېيىلگەن. ئەزەل ساقىيىسى شاراب بىلەن لىپمۇلىق تولغان جامدىن بۇ بىر يۇتۇم سۆھبەت شارابىنى سۇلۇك ئەھلىنىڭ سورۇنىغا قويۇپتۇكى، تەڭرى ئۆزىنىڭ قەدىمىي سۆزىدە: «تەۋبە قىلغانلار»[2] نۇشدارۇسىنى غەم زەھىرى بىلەن ئېزىپتۇ. «ئەلۋەتتە، ھەربىر مۇشكۇللۇك بىلەن بىر ئاسانلىق بار»[3]، ئۇنىڭ نىجاتلىق بېرىش ۋە قۇتقۇزۇش مەنزىلى ۋە ئورۇنلىرىنىڭ سەۋەب ۋە تىرىشچانلىقىدىن كۆڭۈل خەتەرلىرى ئىدراكسىزدۇر؛ ئۇنىڭ ئىلىم ـ مەرىپەت ماكانى ۋە مەھەللىلىرىنى بېسىپ ئۆتۈشتىن كۆڭۈل قەدەملىرى ئاجىزدۇر. ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى بىلىشكە ئەقىل يول تاپالمايدۇ. چۈنكى، قول پالەچ بولسا، سىمابنى قانداق قولغا ئالغىلى بولسۇن. خىيال ئۇچۇرچىسى ئۇنىڭ بۈيۈكلۈكىگە يېتىشەلمىدۇ. چۈنكى، قۇلاق كور بولسا، قانداق ئاڭلىيالايدۇ. كۆز ئۇنىڭ نۇرلۇق جامالىنى كۆرەلمەيدۇ. ئۇ شۇنداق كەرەملىك زاتتۇركى، غورۇرنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ كەتكەن بەندىلىرىنىڭ ئۆزرىنى ئېتىراز زېمىنىدا ئۆزىنىڭ مەرھەمەت تەرتىپى بىلەن تەييار قىپتۇ. «ئەي ئىنسان، سېنى مەرھەمەتلىك پەرۋەردىگارىڭغا ئاسىيلىق قىلىشقا نېمە ئالدىدى؟ ئۇ سېنى ياراتتى»[4]. چۈنكى، تەڭرىنىڭ «كەرىم» (مەرھەمەت قىلغۇچى، ئەپۇچان، كەرەملىك) سۈپىتىنىڭ قارشى تەرىپىدە يەنە «قەھھار» (غەزەپ قىلغۇچى، ئاچچىقلانغۇچى) ۋە «مۇنتەقىم» (ئىنتىقام ئالغۇچى، جازالىغۇچى) دېگەن سۈپىتىمۇ بار. ئالىملار بىلەن جاھىللار، ئادىللار بىلەن زالىملار، ساداقەتمەن ئىتائەتكارلار بىلەن ئاسىي گۇناھكارلار، دوستلار بىلەن دۈشمەنلەر ھەرگىز باراۋەر ئەمەس. تەڭرى ئەلۋەتتە سىياسەت مەيدانىغا كەلتۈرۈپ، ئىتائەتسىز باشباشتاقلارنىڭ جازاسىنى بېرىدۇ .

تەڭرى ئۆز بەندىلىرىگە كۆيۈمچان، رەھىملىك زاتتۇركى، گۇناھكارلارنىڭ تەۋبىسىنى «غۇفران» (كەچۈرگۈچى، مەغپىرەت قىلغۇچى)لىق ئۈمىدى بىلەن: «ئىستىغپار ئېيتىپ پەرۋەردىگارىڭدىن مەغپىرەت تىلىگىن، چۈنكى ئۇ بەندىلەرنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلغۇچى ئەپۇچان زاتتۇر»[5] دەپ ئاشكارا بايان قىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ماختاش ۋە مەدھىيەلەر بولسۇن. يارالمىش مەۋجۇداتلارنىڭ ئەڭ ئېسىلى، پەيغەمبەرلەر سۇلتانى ھەزرىتى مۇھەممەد مۇستافا — ئاللا ئۇ زاتقا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي — غا سان ـ ساناقسىز سالام ۋە دۇئا، ھەددۇ ھېسابسىز رەھمەت ۋە تەشەككۇرلەر چاچقۇ بولسۇنكى، ئۇ زاتنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى پۈتكۈل مەۋجۇداتلارنىڭ يارىتىلىشىغا سەۋەبتۇر. ئۇ مۇبارەك زات پۈتكۈل ئالەمدىكى ھەممە مەۋجۇداتلار ئۈچۈن رەھمەتتۇر. نەزم:

خەستە كۆڭۈل نۇشدارۇسى ئەۋجى ئىلەييە ئەبد،
مەجرۇھ سەنكى مەرھەمۇ بولدى «ئەلەم نەشرەھ»[6] مۇدام.

قۇتلۇغ ئاياغىڭ ھۆرمەتى بولسۇن ئەبەد ئەرشى مەجىد،
چۈن تۇفراغ ئىدى گەردى نەئلىڭ باشىمىز ئۆزرە دەۋام.

(خەستە كۆڭۈلنىڭ شىپالىق دورىسى ساڭا ئىبادەت قىلىشتۇر، مەجرۇھ دىلغا «ئەلەمنەشرەھ» ئايىتى

① قول يازمىنىڭ بېشىدىن بىر بەت كەم.
② «قۇرئانى كەرىم» 13 ـ سۈرە رەئد، 29 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
③ «قۇرئانى كەرىم» 94 ـ سۈرە ئىنشىراھ، 5 ـ ئايەت.
④ «قۇرئانى كەرىم» 82 ـ سۈرە ئىنفىتار، 6 ـ، 7 ـ ئايەت.
⑤ «قۇرئانى كەرىم» 110 ـ سۈرە نەسر، 3 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
⑥ «قۇرئانى كەرىم» 94 ـ سۈرە ئىنشىراھ، 1 ـ ئايەت.

دائىمىي مەرھەم بولدى. قۇتلۇق قەدەملىرىڭىزنىڭ ئەبەدىي ھۆرمىتى بولسۇن، ئايىغىڭ توپرىقى دائىم بىزنىڭ بېشىمىزدا بولسۇن.)

ئۇ سەييىدلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى، جانلىقلار خۇلاسىسى بولمىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەتىر ھىدلىرىغا تولغان نۇرلۇق مەقبەرىلىرىگە تاڭ شامىلى كەبى يېقىملىق ۋە جان بەخش سالاملار ۋە دۇئالار چاچقۇ بولسۇن. يۇمران گۈل ئۇنىڭ گۈزەل رۇخسارىنىڭ نەمۇنىسىدۇر. ئۇنىڭ جامال غۇنچىسى «ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى» ئۇپا - ئەڭلىكلىرىدىن زىننەتلەنگەن، ئۇنىڭ خۇمار كۆزلىرى «پەيغەمبەرنىڭ كۆزى (ئوڭ - سولغا) بۇرالمىدى، (كۆزلەنگەن نەرسىدىن) ئۆتۈپ كەتمىدى»[1] سۈرمىسىنى تارتقاندۇر. نەزم:

گۈل يۈزۈڭ گۈلگۈنە گۈللار تەبەقى، زۇلفۇڭىزنىڭ تارى ئەنبەر تارى،
بولدى گۈللار بۇ يۈزۈڭنىڭ ئەرەقى. ساچىڭىزنىڭ يىدى سۈنبۇل ئارى.

(گۈل يۈزۈڭ گۈللەر تەبىقىسىنىڭ يۈزىگە ئەڭلىكتۇر، بۇ يۈزۈڭنىڭ تەرلىرىدىن گۈللەر ھاسىل بولغاندۇر، چىچىڭنىڭ تارىسى ئەنبەردەك، پۇراقلىرى سۈنبۇل ھىدىدەكتۇر.)

ئۇ زاتنىڭ كەرەملىك ئەسھابلىرى ۋە بۈيۈك ئەۋلادلىرىغا ئۇلۇغ - ئۇلۇغ دۇئالار ۋە كاتتا - كاتتا سالاملار بولسۇن. ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئىسلامنىڭ ئىززەت ۋە ئىكرامىغا سەۋەبچى ئىدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە دۇئا ۋە سالاملار بولسۇن.

بىلگىن ۋە خەۋەردان بولغىنكى، بۇ «مەقامات»نى شەرھلەشنىڭ ۋە بۇ سۆزلەرنى ئېچىشنىڭ سەۋەبى شۇ ئىدىكى، ئۇ روھلار ئاسمىنى قۇتۇپىنىڭ ئەۋلادى، ئىلاھىي ھېكمەتلەرنىڭ كانى، پاك كەبىدە ئىستىقامەت قىلغۇچى، ھەقىقەت سىرلىرىنىڭ نامايەندىسى ۋە تەرىقەت يوسۇنلىرىنىڭ نازارەتچىسى، مەرىپەت ئىزلىرىنىڭ ماھىرى، نۇرلار قىبلىسى، سىرلار مەركىزى، ياخشىلارنىڭ ياخشىسى، ئىتائەت نۇرلىرىنىڭ خەزىنىسى، كۆڭۈل ھۇزۇرلىرىنىڭ مەنبەسى ۋە كانى، مەرھەمەتلىك تەڭرىنىڭ تاللىغىنى، تەڭرىگە يېقىنلىقى كۆپ ئاشكارىلانغان ئۇشتۇر خەلىفە — تەڭرى ئۇ زاتنىڭ سىرلىرىنى مۇقەددەس قىلغاي — نىڭ كەرەملىك مېۋىسىنىڭ ئەۋلادى، ئۇممەتلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى، ئىلىم - مەرىپەت تەختىنىڭ ئىگىسى، كامالەت ۋە قايغۇ - ھەسرەت گۈرۈھىنىڭ سەركەردىسى غوجا شەھىد خەلىفەم — تەڭرى ئۇ زاتنىڭ روھلىرىغا رەھمەت قىلغاي — ۋە پەزىلەت ئەربابلىرىنىڭ كاتتىسى، ھەقىقەت ۋە كامالەت ئەسھابلىرىنىڭ ھۆججىتى، سادىق ئەمەللىك دوستلارنىڭ نەمۇنىسى، ئىزباسارلار پىرقىسىنىڭ خەلىپىسى خاجە مۇھەممەد ئاقىل — تەڭرى ئۇ زاتنىڭ قەبرىگاھىنى ئەتىر ھىدلىرىغا تولدۇرغاي — ۋە ئۇ خاسىيەتلىك سائادەت نەزەرلىك كۆزلەرنىڭ نۇرى، ئىنسان ئەۋلادىنىڭ يولباشچىسى، كۆز نۇرلىرىنىڭ باغچىسى نەبىرە خەلىفەم — تەڭرى ئۇ ئەزىزلەرنىڭ مەقبەرىسىنى نۇرلاندۇرغاي — ۋە ئۇ نۇرلۇق شام، ھەسەلدىن تاتلىق مېۋە، ئۇلۇغلار ئەۋلادى، زامان ئەسھابلىرىنىڭ رەھبىرى، ھەر تەرەپتىكى شەرەپ ئىگىلىرىنىڭ شەرەپلىكرەكى خەلىفەم خاجە مۇھەممەد تەبئىيەت ھەسەن — ئۇ زاتنىڭ مەقبەرىسى نۇرلۇق بولغاي — ۋە ئۇ ئېسىللىك دەرىخى، ئىزباسارلىق مېۋىسى، پەيغەمبەر ئەۋلادلىرىنىڭ مەرتىۋىسىدە ئورۇن ئالغۇچى، دۆلەت سارىيىنىڭ خەزىنىسى، ئەۋلىيالىقا يەتكەن شاھ ئابىددىن خەلىفەم — ئۇ زاتنىڭ قەبرىسى نۇرلۇق بولغاي، تەڭرى ئۇنىڭغا رەھمەت ۋە بەرىكەت ئاتا قىلغاي — ۋە ئەمىرلەر ئەمىرى، ئالىملارنىڭ مەركىزى، سالىھلارنىڭ دوستى، غېرىبلارنىڭ قاياشى، بىلىم ئەھلىنىڭ سەردارى، ئۆتكۈر

[1] «قۇرئان كەرىم» 53 - سۈرە نەجم، 17 - ئايەت.

كۆزلۈكلەرنىڭ سەرۋىرى، دەۋر دەرياسىنىڭ گۆھىرى، ئادەمىيلىك كانىنىڭ جەۋھىرى، مۇرۇۋۋەت هۈنەرلىك، ئوي ـ خىياللىرى كەرەملىك ئادالەتنى ياقىلىغۇچى ۋە كامالەت ئىزدىگۈچى، لەقەبلىرىنى بايان قىلىشقا ئېھتىياجى يوق زات دۆلەتشاھ بەگ — ئۆمرى ئۇزۇن، دۆلىتى دائىمىي بولغاي — نەزم:

ئەمىرۇل ـ ئەمان شاھى دارا نىشان،
سىكەندەر سىفەت ھاتەمىي زەر فىشان.

يانا مۇندىن ئۆزگە زىرائەت ئىشى،
يالىڭ، ئاچلارغا سەخا بەخشىشى.

بولۇپ مەجلىس ئاراي جەمشىددەك،
يېتىپ بارچەغە نەفئى خورشىددەك.

بۇ رەڭ فىئىل ئىلە ئۆمرنى ئۆتكەرىپ،
مەدارىسۇ مەسجىد ئۆيىن فۇتكەرىپ.

ئەدالەتدە نوشىرۋان، كەيقۇباد،
ئىبادەتدە سىر دەفتەرى يا ئىباد.

خۇدا جۇيلۇقدا ئەردى مۇدام،
دېدىم مەن مىڭدىن بىرىن ۋەسسەلام.

ئۇلۇمى دىيانەتدە فازىل ئېرۇر،
سەۋادى ئوقۇماقدا كامىل ئېرۇر.

ئايا، كامران ئەھلىنىڭ شاھىسەن،
ئۇلۇم ئەھلىنىڭ شاھى دىلخاھىسەن.

ئىبارەت ئوقۇر، مەئنى ئايغان چاغى،
فەساھەتدە يەكتا كەمايەنبەغى.

جەھان بارچە ئۆمر ئىلە يار بول،
جەھاندارلارغە چۇ سەردار بول.

كى سۆز فەھمىدە بارچەلەردىن ئاشىپ،
كۆڭۈل بۇرجىدىن ئەقل نۇرى تاشىپ.

قىلىپدۇر سېنى دەۋلەت ئەھلىغە شاھ،
نەسىب ئەۋجىدە ماھى ئەنجۇم سىپاھ

چۇ تۇغرايى خانلىقدا دانا بەلەند،
رەفىق سۆزلەنىڭ فەھمىدە ئەرجۇمەند.

سەن ئولساڭ سەلاتىنى ساھىبقىران،
بولاي مەن ئىشىكىڭدە چۇن پاسبان

چۇ ئولتۇرغان ئەلگە زۇھۇرى يېتىپ،
نۇرىي ئەقلىدىن بارچەغە كەسب ئېتىپ.

ئەگەر شاھ مەھمۇد بولساڭ يانا،
ئايازىڭ بولۇپ چاكەر ئولغۇم ساڭا.

ھەمە ئەھلى مەئنى بىلۇر ئەردىلەر،
ھەمە زەۋقۇ تەھسىن قىلۇر ئەردىلەر.

سېنى دەرلەر ئەل سانى سۇلتان ھۇسەين،
ھەمە ئەھلى كۆز بولسا سەن ئىنسانى ئەين.

يۇسۇفدەك جەمالى نەمۇدار ئېدى.
سۆزىدە جەۋاھىرلار ئاسار ئېدى .

كى سۇلتان ھۇسەينىم دېدىم مەن سېنى،
نەۋازىش قىلىپ، قىل نەۋايى مېنى.

ئىشىدۇر ئىبادەتدە يەزدانپەرەس،
يانا ئەدل ئىلە بارچەغە دادرەس.

نەۋايىدەك ئولغۇم ساڭا مەدھگۇي،
ھەمە ھۇسنۇ خۇلقۇڭدىن مۇ بەمۇي.

قالسا ئاندىن كىتاب ھەم خانلىق،
كى ئالىملاغە خەيرۇ ئېھسانلىق.

كى نەچچەند رىسالە دېسەم ئاتىڭا،
چۇ لايىق سىفەتلەر دېسەم زاتىڭا.

ئىچىمدە سۆزۈم كۆپەيدۇرۇر تىلدا ئاز،
مۇنىڭ بىرلە ئۆتتى ھەمە قىشۇ ياز.

ۋە لېكىن زەمان ئەھلىنىڭ تەبئىدىن،
ھەسەد ئەيلەگەچ، سۆز قاچىپ زېھنىدىن.

بىرەر تەبئ ئىمدادى بولغاي زەمان،
كۆڭۈل پەرتەۋىگە كېلىپ سۆز ھەمان.

ۋە گاھى بۇ كۆڭلۈم سەفا كەسب ئېتىپ،
گەھى بىر ـ ئىكى ھەمكى مەزمۇن تاپىپ.

ئېتىپ نەزم ئانىڭ ئەمرى ئالىي بىلەن،
شۇرۇڭ قىل دېگەن ھۆكمى قالى بىلەن.

تاپىپ سۆزلەمەك قۇۋۋەتىن ئاندىن ـ ئوق،
دېدى ئۇشبۇ سۆزلەرنى كۆڭلى سىنۇق.

ئايا، غافىرى خالىقى زۇل ـ جەلال،
ئانىڭ باشىغە مەغفىرەت نۇرى سال.

سەلامەت تۇتۇپ بەر ئۇزاق ئۆمر ئاڭا،
ئۇشۇل ئۆمرىدە قىلسۇن تائەت ساڭا.

سەنا ئەيلە، مەنسۇر، دۇئاگۇي بول،
ئانىڭ خۇبلۇغىغە تەلەبجۇي بول.

(سائادەتلىك ئەمىر ـ ئۆمىرالارنىڭ دارادەك بۈيۈك، ئىسكەندەر سۈپەتلىك، ئالتۇن چاچقۇچى ھاتەمدەك سېخىي پادىشاھى؛

ئۇ خۇددى پادىشاھ جەمشىدتەك مەجلىسلەرنىڭ زىننىتى بولدى. ھەممەيلەنگە گوياكى قۇياش نۇرىدەك پايدا ـ مەنپەئەت يەتكۈزدى.

ئادالەتتە نۇشىرۋان ۋە كەيقۇباددەكتۇر، ئىبادەتتە ھەممىنىڭ ئالدىنقىسىدۇر؛ دىيانەت ئىلمىدە پىشقان، ئوقۇشتا كامىلدۇر.

ئىبارەت ئوقۇغان ۋە مەنە ئېيتقان ۋاقتىدا پاساھەتتە يەككە ـ يېگانىدۇر.

سۆز ئىلمىنى چۈشىنىشتە ھەممەيلەندىن ئېشىپ چۈشكەن، ئۇنىڭ كۆڭۈل بۇرجىدىن ئەقىل نۇرلىرى تولۇپ تاشقاندۇر.

خانلىق نىشانلىرىدە بىلىمى يۇقىرى، يېقىملىق سۆزلەرنى قىلىشقا ماھىر؛

ئۇلتۇرغانلارنىڭ ھەممىسىگە ئۇ نامايان بولسا ئۇنىڭ ئەقلىدىن ھەممەيلەنگە نۇر ھاسىل بولىدۇ.

مەنە ئىگىلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇ زاتنى بىلەتتى، ھەممەيلەن ئۇنىڭدىن زوقلىناتتى، ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئېيتاتتى.

ئۇنىڭ چىرايى گوياكى يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ چېھرىدەك نامايان بولاتتى، سۆزلىرىدىن ئۈنچە ـ جاۋاھىرلار چېچىلاتتى.

ئىبادەتتە قىلىدىغان ئىشى خۇداگۇيلۇق ئىدى، يەنە ئادالەت بىلەن ھەممەيلەننىڭ دادىغا يېتەتتى.

كىتاب ۋە خانلىق ئىشىدىن باشقا، ئۇنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئالىملارغا خەير ـ ئېھسان قىلىش ئىدى.

يەنە زىرائەت ئىشلىرى، يېلىڭ، ئاچلارغا ساخاۋەت قىلىش ئىشلىرى؛

ئۆمرىنى ئاشۇنداق ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزگەنىدى، مەدرىسە، مەسچىد ئۆيلىرىنى سېلىپ پۈتكۈزگەنىدى.

دائىم تەڭرى رىزاسىنى ئىزدەيتتى، مەن پەقەت بۇنداق ئىشلاردىن مىڭىدىن بىرسىنى دېدىم، خالاس.

ئەي، سەن بەختىيارلارنىڭ شاھىسەن، ئىلىم ئەھلىنىڭ ياخشى كۆرگەن پادىشاھىسەن.

جاھانلا بولىدىكەن، ئۆمۈر ساڭا يار بولسۇن، جاھاندارلارنىڭ سەردارى بولغىن.

تەڭرى سېنى دۆلەتمەنلەرگە پادشاھ قىپتۇ، يۇقىرى مەنسەپ بىلەن ھېسابسىز قوشۇنغا ئىگە قىپتۇ.
سەن سۇلتان ساھىبقىران بولساڭ، مەن ئىشىكىڭدە پاسىبان بولاي؛
ئەگەر سەن پادشاھ مەھمۇد بولساڭ، مەن ئاياز بولۇپ، خىزمىتىڭنى قىلاي؛
سېنى كىشىلەر ئىككىنچى سۇلتان ھۇسەين دېيىشىدۇ، ھەممە كىشى كۆز بولسا، سەن ئىنسانىنىڭ كۆزىسەن.
مەن سېنى سۇلتان ھۇسەينىم دېدىم، سەن ماڭا ئىلتىپات قىلىپ، مېنى نەۋايى قىلغىن.
مەن ساڭا نەۋايىدەك مەدھىيە ئېيتاي، بارلىق گۈزەل خۇلقلىرىڭنى بىرمۇبىر بايان قىلاي.
سېنىڭ نامىڭغا بېغىشلاپ نەچچىلىگەن كىتابلارنى يازسام، سېنىڭ زاتىڭغا لايىق سۈپەتلەرنى ئېيتسام؛
ئىچىمدە سۆزلىرىم كۆپ، لېكىن تىلىمدا ئاز؛ شۇنىڭ بىلەن نەچچە قىش ـ يازلار ئۆتۈپ كەتتى.
زامان ئەھلىنىڭ تەبئىتىدىن ھەسەتخورلۇق جۇش ئۇرۇپ تۇرغاچقا، زېھنىمدىن سۆزمۇ قېچىپ كەتتى.
بەزىدە ئىستىبداتىم مەدەتكار بولغاچقا، كۆڭۈل يورۇقلۇقىغا سۆزلەر پەيدا بولاتتى.
بەزىدە كۆڭلۈمگە پاكلىق ھاسىل بولۇپ، بىر ـ ئىككى مەزمۇن ئايان بولاتتى.
مەن ئۇنىڭ باشلا دېگەن ئالىي پەرمانى بىلەن ئۇنى نەزم قىلاتتىم؛
مەن كۆڭلى سۇنۇق ئۇنىڭدىن سۆزلەش قۇۋۋىتىگە ئېرىشىپ، بۇ سۆزلەرنى دېدىم.
ئەي مەغپىرەتلىك، ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىم، ئۇنىڭ بېشىغا ئەپۇ ۋە مەغپىرەت نۇرىنى ياغدۇرغايسەن.
ئۇنى سالامەت قىلغىن، ئۇنىڭغا ئۇزۇن ئۆمۈر بەرگىن، ئۇ بۇ ئۆمرىدە ساڭا تائەت ـ ئىبادەت قىلسۇن.
ئەي مەنسۇر، شۈكۈر ـ سانا ئېيتقىن، ئۇنىڭغا دۇئا قىلغىن، ئۇنىڭغا ياخشىلىق تىلىگىن.)

ئۇ زامانىنىڭ مۇبارەك خىسلەتلىك گۈزىلى ۋە دەۋرىنىڭ قۇتلۇق پائالىيەتلىك يېگانىسى — ئاللا ئۇنىڭ سايىسىنى ئۇزاققىچە داۋام قىلدۇرغاي — نىڭ مەدھىيەسىدە، ئەي ۋىلايەتلەر بايرىقىنىڭ پارىسى، ئۇلۇغلۇق قەلىمىنىڭ مەكتۇبى، ۋىلايەت ئىسكەندەرىنىڭ نۇرلۇق ئەينىكى، ھىدايەت جەمشىدىنىڭ جاھاننى ئايان قىلغۇچى جامى، خەلىپىلىك قۇتىسىنىڭ قىممەت باھالىق گۆھىرى، سۆز توپلىمىنىڭ ئېگىز مەشئىلى، ھۆكۈمرانلىق مەيدانىنىڭ جەۋلانكار چەۋەندازى، ئادالەت بوستانىنىڭ خۇش ئاۋازلىق بۇلبۇلى، ئىلىم كىتابىنىڭ ھىمايىچىسى، ئادالەت بوستانىنىڭ سايىسى، شان ـ شەرەپ گۇرۇھىنىڭ كامالەت ئىگىسى، نەسەب جامائىتىنىڭ ئۇلۇغى، ئەمىرلەر بولىقىنىڭ تامچىسى، ئىزباسارلار قەلىمىنىڭ سىزمىسى، يەنى ئەزىز ۋە سۆيۈملۈك پەرزەنت ئوسمانشاھ بەگ ئىبنى دۆلەتشاھ بەگ — دۆلىتى ئەبەدىي، مەملىكىتى دائىمىي بولسۇن — نەزم:

نەسەبدە ئېرۇر ئالىي بۇزورگ نەژاد، سەفا بابىدا كۆڭلى شەمئى خەبىر،
ھەسەبدە داغى خاجەئى پاك زاد. ۋەفا سانىدا بارچەغە دىلپەزىر.

كىچىكدىن شەرىئەت شىئار ۋەرزىشى، ئوغۇلنى ئاتا سىيرى دەپدۇر نەبىي،
ئوقۇپ ئىلىم فەزل ئىستەمەكدۇر ئىشى. چۇ كۆن رەۋشەن ئولسە جەھان خۇش كەبى.

باباۋۇ بابا شاھلارغا ۋەزىر،
ئاتاسى ئەمىرۇ ئۆزى ھەم ئەمىر.

ئانا جانىبىدىن ئەمىرلەرغە شاھ،
ئاتا نىسبەتىدىن ئېرۇر ئالىي جاھ.

ئىكى جانىبىدىن قەۋى ھالدۇر،
سىكەندەر كەبى شەئنىدە فالدۇر.

بۇ شەھلىق خەتىنىڭ ئېرۇر خاتەمى،
خەۋانەردلىك بابىدا ھاتەمىي.

تەۋازۇئ ئەدەبدە داغى كان ئېمىش،
چۇ خۇشخۇيلۇق سانى ئۇسمان ئېمىش.

ئەزەل كۈندە شەھلىق مۇناسىب ئېدى،
ئانىڭ چۈن خۇدايىم ئاتىن شەھ دېدى.

ئاڭا بەرسۇن ھەق دەۋلەتى مۇستەدام،
ئاتا ئورنىدا بولسۇن قايىم مەقام.

ئاتا مەئنىسى قىلسۇن ئاندىن زۇھۇر،
ئۇشول مەئنى ئىلە كۆڭلى تاپسۇن سۇرۇر.

خۇداۋەند ئاڭا دىنۇ دەۋلەت بېرىپ،
جەھاندار قىلسۇن ھۆكۈمەت بېرىپ.

دىيانەتدا بولسۇن بەسىي كامران،
ئەدالەتدە قىلسۇن شەھى ھۆكمران.

قەۋى بازۇلۇغ بولغاي ئول دەستى رەس،
ئەدۇسىنى قىلغاي ئاياغىدا خەس.

شۇجائەتدە رۇستەم نىشان ئولغۇسى،
زىيافەتدە نادىر زەمان ئولغۇسى.

ھەمە ۋەقتدە شەيخى خاتىر بولۇپ،
ئىبادەتغە مەشغۇلۇ شاكىر بولۇپ.

ئاتاۋۇ ئانا جەمئ ئىلە مۇستەقىم،
ئۆزىنىڭ دىيارىدا بولسۇن مۇقىم.

ئۇلار ھەققىدە مەن دۇئا ئەيلەرەم،
ئىجابەت قىلۇر ئەردىلەر زۇل ـ كەرەم.

بۇلار ۋەسفىنى مەن دېسەم ئايۇ يىل،
تۈگەنمەس ئۇلار ۋەسفىدە قالۇ قىل.

نەچە مەدھ قىلسام ياراشۇر مۇڭا،
چۇ كۆپ ياخشىلىق يەتتى ئاندىن ماڭا.

ۋە لېكىن غەرەزدىن يىراق قالغامەن،
شۇرۇئ ئەتمەكىمدە ئۇزاق قالغامەن.

بۇ مەنزۇمەنى قانچە ئەتسەم ئۇزاق،
تۈگەنمەس بۇ كۆڭلۇمدە دەردۇ فىراق.

غەرەزنى قويۇپ مەشغۇل ئولماق ئەجەب،
ئەمىر سۆزلەرى تەئخىر ئولماق ئەجەب.

قويۇپ سۆزنى، مەنسۇر، مەقسەدغە يۈز،
ئەمىر ئەمرىغە يون قەلەم، خامە سۈز.

(نەسەب جەھەتتە يۇقىرى ۋە كاتتىلار ئەۋلادى، شان ـ شۆھرەتتىمۇ پاك غوجىلاردىن ئىدى.

كىچىككىدىن باشلاپ ھەممە ئىشلىرىدا شەرىئەتكە ئەمەل قىلاتتى، ئىلىم ئوقۇپ، پەزىلەت ئىستەيتتى.

پاكلىق جەھەتتە ئۇنىڭ كۆڭلى بىلىم شامىدەك روشەن، ۋاپادارلىق جەھەتتە ئۇ ھەممە كىشىگە ياقىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ئوغۇل ئاتىسىنىڭ مىجەز ـ خۇلقىنى تارتىدۇ، دەپتىكەن، خۇددى قۇياش يورۇسا، جاھان گۈزەل بولغىنىدەك.

ئۇنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد شاھلارغا ۋەزىر بولغان. ئۇنىڭ ئاتىسى ئەمىر ئىدى، ئۆزىمۇ ئەمىردۇر.

ئۇنىڭ ئانا تەرەپ ئەجدادلىرى ئەمىرلەرگە شاھ بولغان، ئاتا تەرەپ ئەجدادلىرىمۇ ئالىي مەنسەپلەرگە ئىگە بولغان.

ھەر ئىككى تەرەپتىن ئەجدادلىرى كۈچلۈك ۋە بۈيۈك كىشىلەردۇر. ئۇنىڭ شان ـ شەۋكىتى ئىسكەندەر كەبىدۇر.

ئۇ شاھلىق خېتىنىڭ مۆھۈرىدۇر، ساخاۋەتتە ھاتەم كەبىدۇر.

ئۇ ئەدەپ ـ تاۋازۇنىڭ كانىدۇر. خۇشخۇيلۇقتا ھەزرىتى ئوسمان كەبىدۇر.

ئەزەلدىنلا شاھلىق ئۇنىڭغا مۇناسىپ ئىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ ئېتىنىمۇ شاھ دەپ ئاتىغانىدى.

تەڭرى ئۇنىڭغا مەڭگۈلۈك دۆلەت بەرسۇن، ئاتىسىنىڭ ئورنىدا بەرقارار بولسۇن.

ئاتىسىنىڭ خۇي ـ ئەپئالى ئۇنىڭدىن زاھىر بولسۇن، بۇ خۇلقلار بىلەن كۆڭلى شادلىققا ئېرىشسۇن.

تەڭرى ئۇنىڭغا دىن ۋە دۆلەتنى بېرىپ، ھۆكۈمەتنى بېرىپ، جاھاننى ئىدارە قىلغۇچى قىلسۇن.

دىيانەت بىلەن مۇرادىغا يەتسۇن، ئادالەت بىلەن ھۆكۈم سۈرسۇن.

بىلەكلىرى، كۈچلۈك، قوللىرى قۇۋۋەتلىك بولسۇن، دۈشمەنلىرىنى ئاياغ ئاستىدا خەستەك قىلسۇن.

شىجائەتتە رۇستەمدەك بولسۇن، زىياپەتتە زامانىنىڭ يېگانىسى بولسۇن.

ئاتا ۋە ئانىسى ھەم جەمەتلىرى بىلەن ئۆز دىيارىدا مۇقىم بولسۇن.

ئۇلار ھەققىدە مەن دۇئا قىلغايمەن، كەرەملىك تەڭرىم ئىجابەت قىلغاي.

ئۇلارنىڭ سۈپەتلىرىنى ئاي ـ يىللاپ سۆزلىسەممۇ، ئۇلارنىڭ ياخشى سۈپەتلىرى ھەققىدىكى سۆزلەر تۈگىمەيدۇ.

ئۇلارنى قانچە مەدھىيىلىسەم يارىشىدۇ، چۈنكى ئۇلاردىن ماڭا كۆپ ياخشىلىقلار يەتتى.

لېكىن، مەقسەتتىن يىراقلاپ كېتىۋاتىمەن، باشلىيدىغان ئىشىمدىن ئۇزاقتا قېلىۋاتىمەن.

بۇ نەزمىنى قانچە ئۇزۇن يازساممۇ، لېكىن كۆڭلۈمدىكى دەرد ـ پىراقلىرىم تۈگىمەيدۇ.

ئەسلى مەقسەتنى تاشلاپ قويۇپ، باشقا ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇش، ئەمىرنىڭ سۆزلىرىنى كېيىنگە سۈرۈش ئەجەبلىنەرلىك ئىش.

ئەي مەنسۇر، ئەمدى بۇ سۆزنى قويۇپ، مەقسەت تەرەپكە يۈزلەنگىن، ئەمىرنىڭ سۆزلىرى ئۈچۈن قەلەمگىنى يونۇپ، ئۈچلىغىن.)

يۇقىرىدا ئىسمى زىكىر قىلىنغان ئالىي مەرتىۋىلىك بۈزرۈكۋار ئەمىر كەمىنە ئىقتىدارسىز ۋە ئىستېداتسىز بىچارە بەندە ئەبۇ مەنسۇردىن «ئەنىسۇت ـ تالىبىن» (تالىپلار قاياشى) ناملىق بۇ كىتابنى تۈركىي سۆزلەر بىلەن ئوچۇق ۋە روشەن قىلىشنى ئىلتىماس قىلىپ، پەرمانلىرى چۈشكەچكە، پېقىر بۇ شەرەپلىك بۇيرۇقتىن باش تارتالمىدىم. كۈچلۈك پەرمانلىرىنىڭ قۇۋۋىتى ۋە بۇ ئۇلۇغ ئىشنىڭ ئەندىشەسى باشقا غەم ـ ۋەھىمىلەرنى كۆڭۈلگە يېقىن يولاتمىدى. بەلكى ئىلتىماسلىرىنىڭ خۇشاللىقى ۋە نەپەسلىرىنىڭ نۇرى كۆڭۈل ھۇزۇرىغا يارقىنلىق ۋە كۆزنىڭ قۇسۇرىغا يورۇقلۇق بېغىشلاپ، پېقىرنى ئەۋلىيالار زىكرى قوشۇنىغا خادىم ۋە تەڭرى يولىدىكىلەرنىڭ پىكىرلىرى گۇرۇھىغا مۇلازىم قىلغاچقا، بۇ پەرماننىڭ خەتىرىگە مەردانە قەدەم قويدۇم ۋە يۈرەكلىك ھالدا قەلەم يونۇدۇم. ئۇنداق بولمىسا، بۇ

ئەرزىمەس زەررىچىنىڭ ۋە خارۇزار بەندىنىڭ بۇ بۈيۈك دىيارنىڭ ئەھۋالىنى دېمەككە نېمە ھەددى بولسۇن، بۇ بىپايان ۋادىنىڭ سۈپەتلىرىنى پۈتمەككە نېمە ماجالى بولسۇن. بەلكىم ئۇ ھەزرەتنىڭ تىرىشچانلىقلىرى پېقىرنى زوق ـ ھاياجانغا سېلىپ، كۆڭۈل خاھىشلىرى شەۋقى ئىشتىياققا سېلىپ، مەنە كېلىنىنى سۆز چېدىرىدىن چىقىرىپ نامايان قىلدى. ئىلاھىي پەيزىنىڭ چەكسىز بېغىدىن ئىنايەت شامىللىرى يېتىپ، ئىنچىكە ۋە مۇشكۇللۇك غۇنچىلىرىدىن بايان ۋە روشەنلىك گۈللىرىنى ئېچىلدۇردى. «ھەربىر نەرسىنىڭ ئېتى ئاسماندىن چۈشىدۇ» دېگەن مەزمۇن بويىچە «رەفىقۇت ـ تالىبىن» (تالىپلار دوستى) ناملىق بۇ كىتاب «ئەنىسۇت ـ تالىبىن» ناملىق كىتابتىن ۋۇجۇدقا كەلدى. ئەگەر بۇنىڭدا ھەرقانداق خاتالىق ياكى سەۋەنلىك سادىر بولغان بولسا، بارلىق ئۆلىمالار ۋە ياخشى سۈپەتلىك ياشلاردىن تۆۋەنچىلىك بىلەن ئۆتۈنۈشۈم ۋە ياخشى ئۈمىدىم شۇكى، ئۇنى ئەپۇ قەلىمى بىلەن ئۆزگەرتىپ، ئىلتىپات قەلىمى بىلەن سىزىپ، تۈزىتىپ چىققاي. پۈتكۈل ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللا خالىسا، «تەڭرىگە تەۋەككۇل قىلىمىز، تەڭرى بىزنىڭ ئەڭ ياخشى ئىگىمىز، ئەڭ ياخشى مەدەتكارىمىز.»

بىلىش ۋە ئاڭلاش كېرەككى، ئۇ ئۇلۇغلۇق گۈلشىنىنىڭ بۇلبۇلى، دوستلۇق بېغىنىڭ سۇمبۇلى، ياخشى ئىشلارنى توپلىغۇچى، ئېسىل خەۋەرلەرنى يىغقۇچى خاس كىشىلەرنىڭ خادىمى، مەخدۇمزادىلەرنىڭ دوستى، ماقالىلەرنىڭ مۇئەللىپى، كىتابلارنىڭ يازغۇچىسى، تەڭرىگە مەقبۇل بولغۇچى ۋە ئىنسانلارغا مەنپەئەت يەتكۈزگۈچى مىرزا شاھ مەھمۇد ئىبنى مىرفازىل چۇراس ــ تەڭرى ئۇ زاتنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرۈپ، ئۇنىڭغا جەننەتتىن ئورۇن بەرگەي ــ مۇنداق دەيدۇ: شۇ نەرسە ئېنىق ۋە روشەندۇركى، پەيغەمبەرلىك مەرتىۋىسىدىن قالسىلا، ئىنسانىيەتنىڭ ئىستىبدات جەۋھىرىدە ئالەم ئاجايىباتلىرى ۋە سۆزلىرى ئىچىدە ھېچ مەرتىۋە مەخسۇس ئەۋلىيالىق دەرىجىسىدەك ياخشى ۋە ئەۋزەل بولالمايدۇ. ھېچ مەنزىل تەڭرىنىڭ يېقىن كىشىلىرىنىڭ مەنزىلىدەك ۋە كۆلبىلىرىدەك يېقىملىق ئەمەس. ئۇلار تەڭرى تائالانىڭ زاتىدا يوقىلىپ، ھەق تائالانىڭ ئەبەدىيلىكى بىلەن ئەبەدىيلىك مەرتىۋىسىگە يەتكەندۇر. ئۇلار ھەقىقىي ئىنسانلارنىڭ كۆز نۇرى، ياخشىلىق بېغىنىڭ گۈل ـ چېچەكلىرى، ئىككى ئالەم سەدىپىنىڭ سەرخىل گۆھەرلىرى، ئىنسانىيەت مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ پەيز بېغىشلىغۇچى يېقىملىق سەلكىنى، كەشپىيات ۋە مەرىپەت چىمەنىنىڭ بۇلبۇللىرى، زوق ۋە ۋىجدان گۈلشىنىنىڭ گۈللىرى؛ ئۇلار ئىمان ھەقىقىتىگە ئېرىشكەن ۋە تەڭرىگە يېقىنلىق نۇرى بىلەن جۇلالانغاندۇر.

بولۇپمۇ ھەقىقەت يۈكسەكلىكىنىڭ لاچىنى، شەرىئەت تەختىنىڭ پاكىز كىشىسى، مەرىپەت ئاسمىنىنىڭ ئالەمنى ئىللىتقۇچى قۇياشى، مۇھەببەت شەھەرلىرىنىڭ نۇرلۇق ئېيى، تەرىقەت ماشايىخلىرىنىڭ پېشۋاسى، سىياسەت ئىگىلىرىنىڭ يولباشچىسى، مەرىپەت ئەھلىنىڭ سۇلتانى، ۋەھدانىيەت ئەھلىنىڭ ھۆججىتى، ئەۋلىيالىق دەرياسىغا يېتىشكۈچى ۋە جاھانبەخشلىكتە كارامەت ئەۋجىگە چىققۇچى، ئەۋلىيالارنىڭ پاك پاناھى، پاك كىشىلەرنىڭ دوستى، يەنى ھەزرىتى خاجە مۇھەممەد ئەبەيدۇللا ئىبنى خاجە مۇھەممەد يەھيا خاجە شادىي خاجەم دەپ شۆھرەت قازانغان ــ تەڭرى ئۇنىڭ سىرلىرىنى مۇقەددەس قىلغاي ــ بۇ مۇبارەك ۋە شەرەپلىك زات بولسا سۈپەتلەش بىھاجەت، ئۇ زاتنىڭ ھەقىقىي لەتىپىلىرى تەرىپ ۋە ماختاشلاردىن يۇقىرىدۇر. نەزم:

ئەگەر ئەتسەم ھالۇ جەددىن بەر دەۋام،
يۈز قىيامەت ئۆتكۈسى، بولماس تەمام.

(ئۇنىڭ ۋە جەددى ـ جەمەتلىرىنىڭ تەرىپ ـ تەۋسىپىنى قىلسام، يۈز قىيامەت ئۆتكۈچە تۈگىمەيدۇ.)

ئۇ بۇزرۇكۋارنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلساق، ئۇنىڭ ئەھۋاللىرىنىڭ تەپسىلاتى ھەممىگە تونۇشلۇققا ۋە مەشھۇرلۇقتا تۆتىنچى ئاسماندىن تۇغقان قۇياش كەبىدۇر. گويا تۆتىنچى بۇرجدىن تۇغقان قۇياشتەك نۇرانىدۇر. تىلى مەجرۇھ قەلىمىمنىڭ مىڭ ـ مىڭ يىللار ئۆتكۈچە يازسىمۇ، ئۇنىڭ كامالەتلىرىنىڭ بايانىدىن مۇقەددىمىنىڭ بىر چېكىتىنى ئايان قىلالىغۇدەك نېمە ماجالى بولسۇن. تاكى زامان ئاخىرىغىچە ئۇنىڭ كەشپۇ كارامەتلىرىنى قىسقىچە بايان قىلىپ پۈتكۈزەلەيدىغانغا بۇ ئاجىز تىلدا نېمە ئىمكان بولسۇن. لېكىن، ئەقىدە ـ ئىخلاسىنىڭ يۇقىرىلىقى تەقەززاسى جىمجىتلىق مۆھۈرىنى تىلىمغا بېسىپ، سۈكۈت قىلىپ، ئۇندىمەي تۇرۇشقا يول قويمايدۇ، ئامالسىز بۇ بىقارار كۆڭلۈمنى نالە ـ زارغا، كېكەچ تىلىمنى سۆزلەشكە مەجبۇر قىلىدۇ. توغرا، ئوتنىڭ ھارارىتى ئىتتىك بولۇپ، سۇنىڭ قاينىشى كۆچەيسە قازاننىڭ تۈۋىقىنى كۆتۈرىدۇ، ئىختىيارسىز ھالدا پىخىلداپ قاينىغان ئاۋازى ئاشكارا بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ ھەزرەتنىڭ زاھىرىي نەسەبلىرى ۋە مەنىۋى نەسەبلىرى ھەققىدە تۇغۇلۇشى ۋە ۋاپاتى ھەققىدە بىر كىتابچە تۈزۈش ئارزۇسى كۆڭلۈمگە چۈشتىكى، بۇ ئارقىلىق ئۇ ئەۋلىيالار پېشۋاسىنىڭ مۇبارەك ئىسمى زامان سەھىپىسىدە مۇقىم ۋە بەرقارار ھالەتتە قېلىپ قالغاي. گەرچە بۇ ئېتىبارسىز تۇپراق زەررىچىسىدەك بەندىنىڭ قەلەم قارىسىنى ئىستىبدات قەغىزىگە چۈشۈرگۈدەك ماجالى ۋە بۇ ئۇلۇغ سۈرەتكە بىر ھەرىپ سىزالىغۇدەك ھەپىلىسى يوق بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ھەزرەتنىڭ شەۋق ـ ھاياجانلىرى بىلەن بىتاقەت بولۇپ، سۇ ئۈزۈشنى بىلمەي تۇرۇپ ياكى دەريانىڭ ئەھۋالىنى چۈشەنمەي تۇرۇپ، پىكىر كېمىسىنى مۇھىت دېڭىزىغا سېلىپ، ئۇنىڭ قايناملىرىدا باشقىلارنىڭ قانداق ئايلىنىشىدىن خەۋەرسىز بولۇپ، ۋەھىمىلىك دولقۇنلارنىڭ قورقۇنچىسىدىن ئەقىل ـ ئىدراكنى يوقىتىپ، بۇ ھالەت تەسىرىدىن ھالسىزلىنىپ، تۇپراققا تەڭ بولدۇم. «كىمكى كىتاب تۈزسە ئۆزىنى تەنە ۋە مالامەت ئوقىغا نىشانە قىلغان بولىدۇ» دېگەن مالامەتنى بېشىمغا ئېلىپ، بۇ ئېگىز تەختكە ۋە قۇتلۇق مەقسەتكە يۈزلىنىپ، بۇ ئۇلۇغ ئىشقا يۈرەكلىك ھالدا قەدەم قويدۇم ۋە بۇ كىتابنى تۈزۈپ چىقتىم. بۇنىڭغا «ئەنىسۇت ـ تالىبىن» دەپ ئات قويدۇم. بۇ كىتاب بىر مۇقەددىمە، ئىككى باب، توققۇز پەسىل ۋە بىر خاتىمىدىن تەركىب تاپتى. مۇقەددىمە قىسمى ھەزرىتى ئەزىزلەر — تەڭرى ئۆلىرىنىڭ سىرلىرىنى پاك قىلغاي، مەقبەرىلىرىنى ئەتىر ھىدلىرىغا چۆمدۈرگەي — نىڭ زاھىرىي نەسەبلىرى ۋە مەنىۋى نەسەبلىرى ھەققىدە. بىرىنچى باب توغرا بولدىكى، خەلىپىلەر — تەڭرى ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە جەننەتتىن ئورۇن بەرگەي — نىڭ بايانى، بولۇپمۇ ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆت بۈيۈك دوستى ۋە بەزى ئائىلە ئەھلىلىرى — تەڭرى ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن رازى بولسۇن — نىڭ ۋەقەلىرىنىڭ بايانىدۇر. بۇ باب بەش پەسىلگە بۆلۈنىدۇ. بىرىنچى پەسىل مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى سىددىق — تەڭرى ئۇنىڭدىن رازى بولغاي — نىڭ خەلىپىلىكى ۋە كارامەتلىرى ھەققىدە؛ ئىككىنچى پەسىل مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى ھەزرىتى ئۆمەر فارۇق — تەڭرى ئۇنىڭدىن رازى بولغاي — نىڭ خەلىپىلىكى ۋە ئادالەت پەزىلەتلىرى ھەققىدە؛ ئۈچىنچى پەسىل، مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى، ئىككى نۇر ئىگىسى ھەزرىتى ئوسمان — تەڭرى ئۇنىڭدىن رازى بولغاي — نىڭ خەلىپىلىكى ۋە مەرتىۋىلىرى ھەققىدە؛ تۆتىنچى پەسىل مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى ھەزرىتى ئەلى مۇرتازا — تەڭرى ئۇنىڭدىن رازى بولغاي — نىڭ خەلىپىلىكى ۋە ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلىرى ھەققىدە؛ بەشىنچى پەسىل، ھەزرىتى ئىمام ھەسەن — تەڭرى ئۇنىڭدىن رازى بولغاي — دىن سەككىزىنچى ئىمام ئەلى مۇسا

رىزاغىچە بولغان ئىماملار ــ تەڭرى ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن رازى بولغاي ــ نىڭ خەلىپىلىكى ۋە ئىماملىق ئەھۋاللىرىنىڭ بايانى ھەققىدە. ئىككىنچى باب تەرىقەت ماشايىخلىرىنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە بولۇپ، بۇلار ئەزىز ۋە شەرەپلىك زاتلاردۇر. بۇ ھەققىدە يېزىلغان كىتابقا «سىلسىلەتۇز ـ زەھەب» (ئالتۇن زەنجىر) دەپ ئات قويۇلغان. ئاشۇ زاتلارنىڭ كارامەتلىرى ۋە ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلىرى ھەققىدىكى بايانىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ باب تۆت پەسىلگە بۆلۈنىدۇ. بىرىنچى پەسىل بەزى ماشايىخلارنىڭ ئەھۋالى ھەققىدىكى بايان بولۇپ، ھەزرىتى شەيخ ھەسەن بەسرىي ــ تەڭرى ئۇنىڭدىن رازى بولغاي ــ دىن تاكى ھەزرىتى خاجە يۈسۈف ھەمەدانىي ــ تەڭرى ئۇنىڭدىن رازى بولغاي ــ غىچە ئۆتكەن ئەۋلىيالارنىڭ بايانى؛ ئىككىنچى پەسىل ھەزرىتى خاجە يۈسۈف ھەمەدانىيدىن تاكى بۇزرۇكۋار خاجە باھائۇل ـ ھەققۇد ـ دىن نەقشبەندىي ــ تەڭرى ئۇ ئەزىزنىڭ سىرلىرىنى مۇقەددەس قىلغاي ــ غىچە ئۆتكەن ئەۋلىيالار ھەققىدە؛ ئۈچىنچى پەسىل بۇزرۇكۋار خاجە ــ ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي ــ دىن تاكى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەبدۇللا خاجەم پادىشاھنىڭ ئاشكارا بولغان زامانىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆتكەن بۇزرۇكۋارلار ــ تەڭرى ئۇلارنىڭ مەقبەرىلىرىنى ئەتىر ھىدلىرىغا چۆمدۈرگەي ــ نىڭ بايانى؛ تۆتىنچى پەسىل دەۋرنىڭ ئەۋلىياسى، زامانىنىڭ يەكتاسى، ئۈممەتنىڭ يولباشچىسى، مەزھەبنىڭ شامى، ئۈممەتنىڭ مەشئىلى، تەرىقەت قۇياشى، ھەقىقەتنىڭ تولۇن ئېيى، يەنى ھەزرىتى خاجە مۇھەممەدۇللاھ خاجەم پادىشاھ ــ تەڭرى ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي ــ نىڭ قىسقىچە ئەھۋاللىرى، دەرىجىلىرى ۋە بەزى كارامەتلىرىنىڭ بايانى، ھەزرىتى دانىيال خاجەم باشلىق ئەزىزلەر ــ ئۇلارنىڭ دۆلىتى ۋە ئۆمرى ئەبەدىي داۋام قىلغاي ــ نىڭ پەزىلەتلىرى، ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلىرى، جۈرئەتلىرى، زېرەكلىكلىرى ۋە ھىممەتلىرى ھەققىدە ۋە خاجەم پادىشاھنىڭ شەرەپلىك ئىسلامنى ۋە توغرا دىنىنى راۋاجلاندۇرغانلىقى ھەققىدە.

ئالدى بىلەن ھەزرىتى ئىشان، يەنى خاجەم پادىشاھ ــ تەڭرى ئۇنىڭ سىرلىرىنى پاك قىلغاي ــ نىڭ زاھىرىي نەسەبلىرى ھەققىدە توختىلايلى:

ھەزرىتى ئىشان ھەزرىتى خاجە مۇھەممەد يەھيا خاجەم پادىشاھنىڭ پەرزەنتىدۇر. ئۇ زات زامان ئەۋلىياسى ھەزرىتى خاجە ئىسھاق ۋەلى خاجەم پادىشاھنىڭ پەرزەنتىدۇر. ئۇ زات ھەزرىتى مەۋلانا ئەھمەد خاجەگى كاسانىي، يەنى ھەزرىتى مەخدۇم ئەزەم ــ ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي ــ نىڭ ئەڭ كىچىك پەرزەنتىدۇر. ئۇ زاتنىڭ نەسەبى ئۈچ ۋاستە بىلەن مەۋلانا بۇرھانىددىن خالغا يېتىدۇ. مەۋلانا بۇرھانىددىن خال ئىنتايىن يۇقىرى كامالەت ھاسىل قىلغان، ئىستېداتلىق ئۇلۇغ زات ئىدى، ئۇ زات ئەۋلىيالىق مۇقامىغا يەتكەن سۇلتان بۇرھانىددىن قىلىچنىڭ ئەۋلادلىرىدىندۇر.

ھەزرىتى سەييىد كەمالىددىن مەجنۇننىڭ نەسەبلىرىنىڭ ئەھۋالى مۇنداق:

ھەزرىتى سەييىد كەمالىددىن سەييىد جەلالىددىننىڭ ئوغلى، ھەزرىتى سەييىد جەلالىددىن ھەزرىتى سەييىد ئەشرەفنىڭ ئوغلى، ھەزرىتى سەييىد ئەشرەف ھەزرىتى سەييىد زىيائىددىننىڭ ئوغلى، ھەزرىتى سەييىد زىيائىددىن ھەزرىتى سەييىد ئەلائىددىننىڭ ئوغلى، ھەزرىتى سەييىد ئەلائىددىن ھەزرىتى سەييىد بۇرھانىددىننىڭ ئوغلى، ھەزرىتى سەييىد بۇرھانىددىن ھەزرىتى سەييىد قاسىمنىڭ ئوغلى، ھەزرىتى سەييىد قاسىم ھەزرىتى سەييىد تاھىرنىڭ ئوغلى، ھەزرىتى سەييىد تاھىر ھەزرىتى ئەمىر سەييىد ھەسەننىڭ ئوغلى، ھەزرىتى ئەمىر سەييىد ھەسەن مەدەنىي ــ تەڭرى ئۇنىڭدىن رازى بولغاي ــ بىلەن ھەزرىتى ئىمام مۇسا رىزا ھەزرىتى ئىمام مۇسا كازىمنىڭ ئوغلى، ھەزرىتى ئىمام مۇسا كازىم ھەزرىتى

ئىمام جەئفەرىي سادىق ھەزرەتىنىڭ ئوغلى، ھەزرەتى ئىمام جەئفەرىي سادىق ھەزرىتى ئىمام مۇھەممەد باقىرنىڭ ئوغلى، ھەزرىتى ئىمام مۇھەممەد باقىر ھەزرىتى ئىمام زەينۇل ـ ئابىددىننىڭ ئوغلى، ھەزرىتى ئىمام زەينۇل ـ ئابىددىن ھەزرىتى ئىمام ھۇسەيىننىڭ ئوغلى، ھەزرىتى ئىمام ھۇسەيىن ھەزرىتى ئەلىيۇل ـ مۇرتەزانىڭ ئوغلىدۇر. تەڭرى ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە جەننەتتىن ئورۇن بەرگەي.

دانىشمەنلەر ۋە ئاقىللار نەزىرىدە يوشۇرۇن قالمىسۇنكى، ھەزرىتى سەييىد كەمالىددىن مەجنۇن تەڭرىنىڭ ئەلچىسى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام — تەڭرى ئۇ زاتقا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي — نىڭ مەدىنە مۇنەۋۋەردىكى پاك زىيارەتگاھىدا ۋەتەن تۇتۇپ ئىستىقامەت قىلاتتى. ئۇ زات ئالەم سەردارى ۋە ئادەم ئەۋلادىنىڭ پەخرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام — تەڭرى ئۇ زاتقا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي — نىڭ بېشارەتلىرى بىلەن پەرغانە ۋىلايىتىگە كەلدى. ئۇ ۋاقىتلاردا ئوترار، كاسان، پەرغانە، ئۆزگەند، ئوش قاتارلىق ۋىلايەتلەرنىڭ پادشاھى سۇلتان ئىلىك مازىي ئىدى. ئۇ زات سۇلتان ساتۇق بۇغراخان غازىي — تەڭرى ئۇ زاتقا رەھمەت قىلغاي ۋە جەننەت ئاتا قىلغاي — نىڭ نەۋرىلىرىدىن ئىدى. سۇلتان ساتۇق بۇغراخان غازىي بولسا يۇسۇف قادىرخان غازىينىڭ ھاممىسىنىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇلار بېشارەتكە ئىگە بولغان ۋە كارامەتكە ئېرىشكەن زاتلاردىن ئىدى.

تەڭرى سۇلتان ئىلىك مازىيغا بىر ھۆر سۈپەتلىك، خۇلقى يېقىملىق تەقۋادار قىز پەرزەنت ئاتا قىلغانىدى. تەڭرى تائالانىڭ «باللار دۇنيا تىرىكچىلىكىنىڭ زىننىتىدۇر، باقىي قالىدىغان ياخشى ئەمەللەرنىڭ ساۋابى پەرۋەردىگارىڭنىڭ نەزىرىدە تېخىمۇ ياخشىدۇر، ئۈمىد تېخىمۇ چوڭدۇر»① دېگەن كەرەملىك ئايىتىنىڭ مەزمۇنى ئۇ مەلىكىنىڭ زاتىدا ۋە خۇلقىدا ئېنىق نامايان بولغانىدى.

بىر ئازنا كېچىسى ئىدى، سۇلتان ئىلىك مازىي چۈش كۆردى. چۈشىدە ئۇ قىزنى ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام — تەڭرى ئۇ زاتقا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي — سەييىد كەمالىددىن مەجنۇنغا نىكاھ قىلدى. سۇلتان ئىلىك مازىي ئۇيقۇدىن ئويغاندى، ئاندىن پاك ۋە بەرھەق تەڭرى تائالانىڭ نېمىتىگە تەشەككۇر ئېيتتى، نەچچە ۋاقىتلارغىچە مۇشۇ ۋەدىگە ئىنتىزار بولۇپ ئۆتتى.

ھەزرىتى سەييىد كەمالىددىن ئۇلۇغ زاتلارنىڭ ئەۋلادىدىن بولغان ئەۋلىيا ۋە پېشۋالاردىن ئىدى. ئۇ زاتتىن پەۋقۇلئاددە ئىشلار ۋە كەشپۇ كارامەتلەر دەممۇدەم زاھىر بولاتتى. ئۇ ئالىيجاناب بۇزرۇكۋار ھەرقاچان ئۇيقۇغا كىرىشسە، بىر چوڭ يىلان مۇھاپىزەت قىلىپ، ئۇ زاتنىڭ باشلىرىغا سايە تاشلاپ تۇراتتى ۋە دەرەخ ياپراقلىرىنى ئاغزىدا چىشلەپ، چىۋىنلەرنى ئۈركۈتۈپ قوغلايتتى.

ئەلقىسسە، بۇ بۇزرۇكۋار ئۆزگەند شەھىرىگە يېتىپ كېلىپ، بىر مەھەللىدە ئۇخلاپ قالدى. كارامەت ئىگىسى بولغان سۇلتان ئىلىك مازىي بۇ ئەھۋالنى بىلدى ۋە خىزمەتكارلىرىدىن بىرسىنى چاقىرىپ، پالان يەردە مۇنداق سۈرەتلىك بىر يىگىت ئۇخلاۋاتىدۇ. سەن ئۇنىڭ يېنىغا بارغىن ۋە مېنىڭ سالىمىمنى يەتكۈزگىن. ئۇنىڭغا سىزنى بۇ دىيارنىڭ پادشاھى چاقىرىۋاتىدۇ دېگىن، دەپ ئەۋەتتى.

ئۇ خىزمەتكار بېرىپ يىراقتىن كۆردىكى، پادشاھ ئېيتقان سىياقتىكى يىگىت ئۇخلاپ يېتىپتۇ. بىر چوڭ يىلان ئۇنىڭ يۈزلىرىدىن چىۋىننى ئۈركۈتۈپ تۇرۇپتۇ. خىزمەتكار بىر سائەتچە ساقلاپ تۇرغانىدى، ھەزرىتى سەييىد كەمالىددىن ئۇيقۇدىن ئويغاندى، ئۇ يىلانمۇ غايىپ بولدى. سۇلتاننىڭ

① «قۇرئان كەرىم» 18 ـ سۈرە رەئد، 46 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى. ② «قۇرئان كەرىم» 4 ـ سۈرە رەئد، 59 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

خىزمەتكارى ئەلچىلىك رەسمىيەتلىرىنى ئادا قىلدى ۋە پادىشاھنىڭ بۇيرۇقىنى ئورۇنلىدى. ھەزرىتى سەييىد كەمال ئۇنىڭغا:

— مەن بىر قەلەندەر كىشىمەن، مېنىڭدە پادىشاھلارنىڭ خىزمىتىگە كىرىش ئويى يوق، — دېدى.

خىزمەتكار قايتىپ كېلىپ ئەھۋالنى پادىشاھقا مەلۇم قىلدى. سۇلتان خىزمەتكارغا ئۆزىنىڭ چۈشىدە كۆرگەن ۋەقەنى قىسقىچە بايان قىلىپ، ئۇنى قايتا ئەۋەتتى. خىزمەتكار كېلىپ، بۇ ۋەقەنى بىر ئاز بايان قىلىپ، بۇ يىگىتنى يەنە تەكلىپ قىلدى. ھەزرىتى سەييىد «ئاللاغا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزۈڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار»① دېگەن كەرەملىك ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا ئەمەل قىلىپ، كۆرۈشۈش ئۈچۈن سۇلتاننىڭ ھۇزۇرىغا قاراپ راۋان بولدى. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ئىش ئىگىلىرىگە، يەنى شەرىئەت يولىنى تۇتقان پادىشاھلارغا، ئىسلامغا كۈچ چىقارغۇچى ئەمىرلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئۇلارنىڭ بۇيرۇقىنى ئورۇنلاڭلار، دېگەنلىكتۇر.

دېمەك، سۇلتان ھەزرىتى سەييىد كەمالنىڭ ئىستىقبالىغا چىقىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتى. بىر ئاز ئەھۋاللىشىپ، ھال ـ ئەھۋال سورىغاندىن كېيىن، ئۇ زاتنى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى. سۇلتان ھەزرىتى سەييىد كەمالنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى ئەلا دەرىجىدە بەجا كەلتۈردى. بىرنەچچە مۇددەتلەر ئۆتكەندىن كېيىن سۇلتان ئۆيىنى خالىي قىلىپ، ئۆزىنىڭ مەقسىتىنى بايان قىلدى:

— مېنىڭ ياخشى خىسلەتلىك گۈزەل بىر قىزىم بار، — دېدى سۇلتان چۈشىدە كۆرگەنلىرىنى بىر ئاز بايان قىلىپ، — ئۇ ساڭا تەئەللۇق.

بۇ ۋەقە سەييىدكىمۇ ئېنىق مەلۇم ئىدى. شۇڭا، ئۇ زاتمۇ بۇ ئىشتىن باش تارتمىدى، ئوبدان جاۋاب بەردى.

سۇلتان ئۇلۇغ ـ ئۇششاق، چوڭ ـ كىچىك كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ، كاتتا توي ئۆتكۈزۈپ مەلىكە فەررۇخجەمالنى سەييىد كەمالغا نىكاھ قىلدى. ئۇلارنىڭ باشلىرىدىن ئالتۇنلارنى چاچقۇ قىلدى.

سۇلتان بىلەن سەييىد بىر ـ بىرىدىن كەسىپ ئۆگىنىپ، كامالەت تاپتى. شۇنىڭدىن كېيىن سەييىد كەمالغا بېشارەت بېرىلگەچكە، مەدىنە تەرەپكە قايتىپ كەتتى. سۇلتان بۇرھاندىن ئانىسىنىڭ قورسىقىدا قالدى. ھەزرىتى سەييىد كەمال خوشلىشىش ۋاقتىدا سۇلتان ئىلىك مازىيغا:

— بۇ ھامىلىدىكى پەرزەنت ئوغۇل تۇغۇلىدۇ، دەۋرنىڭ ئەۋلىياسى بولىدۇ. ئۇنىڭ نەسلىدىن نۇرغۇن كامالەت ئىگىلىرى ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىش، پەرۋىش قىلىپ تەربىيەلەش سىزگە قالدى، — دېدى. ئۇلار خوشلىشىپ، ۋىدالاشتى.

ھەزرىتى سەييىد كەمال نۇرلۇق دىيار مەدىنىگە بېرىپ، تەڭرى تائالانىڭ رەھمىتىگە ئۇلاشتى (ۋاپات بولدى).

نەچچە مۇددەتتىن كېيىن مەلىكە يەڭگىدى، كېلىشكەن، خۇش خۇلقلۇق بىر ئوغۇل دۇنياغا كۆز ئاچتى.

سۇلتان ئىلىك مازىي كاتتا مەرىكە ئۆتكۈزۈپ، بارلىق ئۇلۇغ ۋە شەرەپلىك كىشىلەرنى يىغىپ، ئوغۇلغا سۇلتان بۇرھاندىن دەپ ئات قويدى. سۇلتان بۇرھاندىن تۇغما ھاياجانلىق زات ئىدى. يەنى،

---

① «قۇرئان كەرىم» 4 ـ سۈرە رەئد، 59 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئاندىن تۇغۇلغاندىلا جەزەبىسى كۈچلۈك ئىدى. ئۇ بەش ياشقا كىرگەندىن باشلاپ بىر ياغاچنى يونۇپ قىلىچ شەكلىدە راستلاپ، بېلىگە باغلاپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ بىلەن ھەرقانداق نەرسىنى چاپسا ئىككى پارە بولاتتى. ئۇ بىر كۈنى تاسادىپىي ھالدا بىر بالا بىلەن جېدەللىشىپ قالدى ــ دە، ئاشۇ ياغاچ قىلىچ بىلەن ئۇ بالىنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى. بالىنىڭ ئاتا ــ ئانىسى سۇلتانغا ئەرز قىلدى.

— ئەي خۇدا يولىدىكى كىشى، — دېدى سۇلتان ئۇنىڭغا، — بۇ بالا تېخى نارەسىدە، نارەسىدە بالىغا خۇن ھەققى دەۋا قىلىش شەرىئەتتە كۆرسىتەلمەيتۇ. ئەگەر بۇ بالا بالاغەتكە يەتسە، بۇ دەۋاغا ھېچقانداق توسالغۇ يوق.

سۇلتان شۇ سۆزلەردىن كېيىن ئۇ بالىنىڭ ئاتىسىغا نۇرغۇن ئىنئام ـ ئېھسانلارنى بېرىپ، ئۇ كىشىنى خۇشال قىلىپ ياندۇردى.

سۇلتان شۇنىڭدىن كېيىن:

— بىر كالا ئېلىپ كېلىڭلار، — دەپ بۇيرۇدى.

كالا ئېلىپ كېلىندى. سۇلتان ئىلىك مازىي سۇلتان بۇرھانىددىنغا:

— ئەي ئوغلۇم، چاپقىن، — دېدى. سۇلتان بۇرھانىددىن:

— خوش، ماقۇل، — دەپ چاپقانىدى، ئۇ كالا ئىككى پارە بولدى.

سۇلتان ئىلىك مازىي دۆلەت ئەمىرلىرى ۋە ئەركانلىرى بىلەن بىرلىكتە بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ مۇنداق دېيىشتى.

— بەش ياشتىكى بالىنىڭ قولىدا كالا بىر زەربە بىلەنلا ئىككى پارە بولسا، ئادەمنىڭ بېشى قانداقمۇ كېسىلمىسۇن.

— بولۇپمۇ كالىنى ياغاچ قىلىچ بىلەن چېپىپ ئىككى پارە قىلىش كارامەت ئىشتۇر، — دېيىشتى ئەمىرلەر.

ھەزرىتى سۇلتان ئىلىك مازىي سۇلتان بۇرھانىددىننى تەربىيەلەش ۋە مۇھاپىزەت قىلىشتا ناھايىتى كۆپ تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى. لېكىن، بۇ بالا ئۇ ياغاچ قىلىچنى يېنىدىن زادىلا ئايرىمايتتى. ئۇنىڭغا كىمكى ئەدەپسىزلىك قىلسا ياكى كۆڭلىدە ئۇنى ئىنكار قىلسا، ئاشۇ ياغاچ قىلىچ بىلەن ئۇنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلاتتى.

يەنە بىرنەچچە مۇددەتلەردىن كېيىن سۇلتان بۇرھانىددىن چاقماق سۈپەتلىك يارقىن، ئۆتكۈر ۋە سۈپسۈزۈك يەنە بىر قىلىچنى تېپىپ يەنە بىر يېنىغا ئېسىپ يۈرىدىغان بولدى. ئەگەر ئۇنىڭ ئالدىغا ئۇنى ئىنكار قىلغۇچىلار ئۇچراپ قالسا ياكى بىر كىم كۆڭلىدە بىرەر ھىيلە ـ مىكرىنى ئويلىسا، ئۇ ئاشۇ ئىككى قىلىچ بىلەن ئۇنداق كىشىنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىدىغان بولدى. خالايىقلار بۇنداق ئەھۋالدىن قورقۇشۇپ، ئۆيلىرىدىن سىرتقا كەم چىقىدىغان بولدى. ئەگەر بىرەر ئىش بىلەن سىرتقا چىقىپ قالسا ئىنتايىن ئېھتىيات قىلىشىپ، بارىدىغان يېرىگە تېز بېرىپ، تېز قايتىدىغان بولۇشتى. نۇرغۇن خالايىقلار سۇلتان بۇرھانىددىننىڭ سىرتقا چىققان ـ چىقمىغانلىقىنى سورايدىغان بولدى. ئەگەر ئۇنىڭ تاشقىرىغا چىققان خەۋىرىنى ئاڭلىسىلا، ۋەھىمىگە چۈشۈپ، ھېچكىم سىرتلارغا چىقىپ ئاشكارا يۈرەلمەيتتى.

بىر كۈنى سۇلتان ئىلىك مازىي سۇلتان بۇرھانىددىندىن:

— ئەي بالام، بۇ ئۆتكۈر ۋە پارقىراق قىلىچنى قەيەردىن تاپتىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

— ئەي بوۋا، — دېدى سۇلتان بۇرھانىددىن جاۋاب بېرىپ، — مېنىڭ بوۋىلىرىم ئىچىدىن شاھ بۇرھانىددىن ئىسىملىك ئۇلۇغ بوۋام بۇ قىلىچنى زادىلا يېنىدىن ئايرىمايدىكەن. ئەگەر مۇنكىرلار كۆڭلىدە ئىنكارچىلىق قىلسا، بۇ قىلىچ بىلەن بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىدىكەن. بۇ قىلىچنى ئىشلىتىپ ئەلنى توغرا يولغا باشلايدىكەن. ئۇ زات ۋەسىيەت قىلىپ: «مېنىڭ نەۋرىلىرىمدىن بىرسى مەن بىلەن ئىسمداش بولىدۇ. ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش ھاياجانلىق، جەزبىلىك، كۆچتۈڭگۈر، كامالەتلىك كىشى بولىدۇ. بۇ قىلىچ شۇنىڭدۇر» دەپ، بۇ قىلىچنى بىر غاردا ئامانەت قويغانىكەن. ئۇنى ساقلاشقا بىر ئەجدىھانى ۋەكىل قىلغانىكەن. غايىب ئالەمدىن ماڭا بۇ خۇش خەۋەر يەتتى. ئۇ غارغا باردىم، ئۇ ئەجدىھا ماڭا بۇ ئامانەتنى تاپشۇرۇپ بېرىپ غايىب بولدى.

— ئەي ئوغلۇم، بۇ قىلىچنى غايىبتىن ساڭا تاپشۇرۇپتۇ. ئۇنى ھەرگىز ئۆزۈڭدىن يىراق قىلمىغىن، — دېدى سۇلتان ئىلىك مازىي.

ئەلقىسسە، ئۇ شەھەردە بىر كىشى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئېتىنى ئەشرەفىددىن فەرغانىي دەپ ئاتايتتى. ئۇ كىشى يۈز مىڭ جاپا ـ مۇشەققەتلەر بىلەن تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ يۈرۈپ سۇلتان بۇرھانىددىن بىلەن دوستلۇق ئورناتتى. سۇلتان بۇرھانىددىنمۇ بەزى ـ بەزىدە ئۇ كىشىنىڭ ئۆيىگە قەدەم تەشرىپ قىلاتتى. باشقا كىشىلەر سۇلتان بۇرھانىددىن بىلەن كۆرۈشۈشكە پېتىنالمايتتى.

بىر كۈنى سۇلتان بۇرھانىددىن ئەشرەفىددىننىڭ ئۆيىگە قەدەم تەشرىپ قىلدى.

— ئەي بۇزرۇكۋار، — دەپ سورىدى ئەشرەفىددىن ئۇنىڭدىن، — بۇرۇنقى ئۇلۇغلار مۇنكىرلاردىن كۆپ يىرگىنچلىك ئەھۋاللارنى كۆرۈپتۇ ۋە نۇرغۇن جاپالارنى تارتىپتۇ، لېكىن سەۋر ـ تاقەت قىلىپ ئۆتۈپتۇ. چۈنكى، ئاللا يولىدىكى زاتلار كەرەملىك ۋە رەھىمدىل بولىدۇ. سىز ئازراقلا خاتالىق بىلەن ئادەملەرنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىسىز. بۇ قانداق ئىش؟

— ئەي ئەشرەفىددىن، بىر سائەت تەخىر قىلغىن، — دېدى سۇلتان بۇرھانىددىن. ئاندىن كېيىن ئۇ ئىككىيلەن ئۆزلۈكىدىن غايىب بولدى ۋە غايىبتىن ئاجايىپ بىر ھالەت نامايان بولدى: قارىسا، بىر يالىڭاچ قىلىچ ئۆينىڭ تورۇسىغا قىل بىلەن باغلاپ ئېسىپ قويۇلۇپتۇ. بىر تەرەپتىن چىۋىنلەر كېلىپ بۇ يالىڭاچ قىلىچقا ئۆزىنى ئۇرۇپ، ئىككى پارە بولۇپ ئۆلۈۋېتىپتۇ. ئۇلار بۇنى كۆرۈپ غايىبلىق ئالەمدىن ئۆز ھالىغا كەلدى.

— ئەي دوستۇم، قارىغىن، — دېدى سۇلتان بۇرھانىددىن، — گۇناھ قىلىچتىمۇ ياكى چىۋىندىمۇ؟

ئەشرەفىددىن فەرغانىي شۇ ھامان سۇلتان بۇرھانىددىنغا ئۆزرە ئېيتىپ، ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورىدى.

سۇلتان بۇرھانىددىنغا كۆپىنچە ۋاقىتلاردا مەستۇ ـ مۇستەغرەقلىق ھالىتى يۈزلىنىپ تۇراتتى. ئۇ زات ھەمىشە ئىلاھىي ئىشق بىلەن مەستۇ ـ مۇستەغرەق بولۇپ، مەستانە ھالەتتە يۈرەتتى. سۇلتان ئىلىك مازىي ئۆزى ھايات ۋاقتىدا سۇلتان بۇرھانىددىننى خانلىق تەختىدە ئولتۇرۇپ، لەشكىرى ۋە پۇقرالىرىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ، ئۆزى ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولماقچى بولغانىدى، لېكىن سۇلتان بۇرھانىددىن قوبۇل قىلمىدى.

سۇلتان ئىلىك مازىينىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە سۇلتان بۇرھانىددىننىڭ ۋۇجۇدىدىكى

مەستانىلىك يوقالدى ۋە هاياجانلىق كەيپىياتلىرىمۇ سەل پەسەيدى. ئۆتكەن كۈنلىرىدىكى نامازلىرىنىڭ قازاسىنى ئۆتىدى، ئەقىل ـ هوشى جايىغا كەلدى.

سۇلتان ئىلىك مازىي پانىي ئالەمدىن ئاخىرەت سارىيىغا سەپەر قىلدى. ئوترار، كاسان، فەرغانە، ئۆزگەند ۋە ئوش خەلقلىرى سۇلتان ئىلىك مازىينى دەپنە قىلغاندىن كېيىن، خالاپ ـ خالىماي سۇلتان بۇرهانىددىننى بوۋسىنىڭ خانلىق تەختىگە ئولتۇرغۇزۇشتى. ئەمىرلەر ئۇنى قۇتلۇقلاپ، بېشىدىن ئالتۇن چاچقۇ قىلىشتى، شائىرلار قەسىدىلەر يېزىشتى. خالايىق ھەممىسى مۇبارەكلىشىپ، ئۆز يۇرتلىرىغا تارقىلىشتى. سۇلتان بۇهانىددىن بۇ مەملىكەتنىڭ پۇقرالىرىنىڭ هالىغا يېتىپ، ئادالەت بىلەن ياخشى يول تۇتتى. مەملىكەتنى ئاۋات ۋە مەمۇرچىلىق قىلدى.

نەچچە يىللاردىن كېيىن سۇلتان بۇرهانىددىننىڭ جەزبىسى يەنە ئۇرلەپ، مەستۇ ـ مۇستەغرەق هالەت يەنە قايتىلاندى. ئۇ زات يەنە مەستانە ۋە ئەقىل ـ ئىدراكتىن ئايرىلغان هالەتكە يەتتى. ئۇ زات تەختۇ سەلتەنەتنى، لەشكەرۇ رەئىيەتنى گوياكى سۇلتان ئىبراھىم ئەدھەم — تەڭرى ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي — دەك پەشۋا ئۇرغىنىچە چۆرۈپ تاشلاپ، يالاڭئاياغ هالەتتە يۈرەتتى. ئۇ زاتنىڭ شەرەپلىك ياشلىرى ئاتمىش بىلەن يەتمىشنىڭ ئارىسىدا ئىدى. پانىي دۇنيا مەنزىلىدىن مەڭگۈلۈك ئالەمگە قاراپ سەپەر قىلدى. ئۇ زاتنىڭ تۇتقان يولى ۋە مەرتىۋىسى ئەنە شۇنداق ئىدى.

سۇلتان بۇرهانىددىندىن هەزرىتى مەخدۇم ئەزەمغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇ زاتنىڭ ئەۋلادىدىن نۇرغۇن كامالەت ئىگىلىرى ۋە كەشپۇ ـ كارامەتلىك بۇزرۇكۋارلار دۇنياغا كەلدى.

## هەزرىتى ئىشان — تەڭرى ئۇنىڭ سىرلىرىنى مۇقەددەس قىلغاي — نىڭ مەنۋى نەسەبلىرىنىڭ بايانى

يوشۇرۇن ۋە بىلىنمەي قالمىسۇنكى، هەزرىتى خاجەم پادىشاھ — تەڭرى ئۇنىڭ سىرلىرىنى مۇقەددەس قىلغاي — شەرەپلىك مەنۋى ئۇلگىنى خاجەسى خەلىپەمدىن ئېلىپتۇ؛ ئۇ زات هەزرىتى خاجە شادىي خاجەم — تەڭرى ئۇنىڭ سىرلىرىنى مۇقەددەس قىلغاي — دىن ئېلىپتۇ؛ ئۇ زات هەزرىتى ئۇشتۇر خەلىفەمدىن ئېلىپتۇ؛ ئۇ زات هەزرىتى مەخدۇم خانلىقتىن ئېلىپتۇ؛ ئۇ زات دەۋرىنىڭ بەرهەق غەۋسىل ـ ئەزەمى) هەزرىتى خاجە ئىسهاق خاجەم — تەڭرى ئۇنىڭدىن رازى بولغاي — دىن ئېلىپتۇ؛ ئۇ زات هەزرىتى مەۋلانا لۇتفۇللاھ چەشتىيدىن ئېلىپتۇ؛ ئۇ زات هەزرىتى مەخدۇم ئەزەمنىڭ مۇرىتى ۋە ئىزباسارلىرىدىن ئىدى، ئۇ زات مەخدۇم ئەزەمدىن ئېلىپتۇ؛ ئۇ زات هەزرىتى خاجە ئۇبەيدۇللا خاجەم، يەنى خاجە ئەهراردىن ئېلىپتۇ؛ ئۇ زات هەزرىتى خاجەئى بۇزرۇك خاجە بەهائۇل ـ هەققۇددىن نەقشبەندىي — تەڭرى ئۇنىڭ روهلىرىنى مۇقەددەس قىلغاي ۋە ئۇنىڭغا رەھمەت هەم بەرىكەتلەر ئاتا قىلغاي — دىن ئېلىپتۇ؛ ئۇ زات هەزرىتى ئەمىر سەييىد كۇلالدىن ئېلىپتۇ؛ ئۇ زات هەزرىتى مۇھەممەد بابا سەمماستىن ئېلىپتۇ؛ ئۇ زات هەزرىتى ئەزىزان خاجە ئەلىي رامەتنىيدىن ئېلىپتۇ؛ ئۇ زات هەزرىتى خاجە مەهمۇد ئەنجىر فەغنەۋىيدىن ئېلىپتۇ؛ ئۇ زات هەزرىتى خاجە ئارىف رىۋگەرىيدىن ئېلىپتۇ؛ ئۇ زات هەزرىتى خاجەئى جەهان خاجە ئەبدۇلخالىق غىجدۇۋانىيدىن ئېلىپتۇ؛ ئۇ زات شەيخۇل ـ مەشايىخ هەزرىتى خاجە ئەبۇ يەئقۇب يۇسۇفى ئىبنى ئەييۇب ھەمەدانىيدىن ئېلىپتۇ؛ ئۇ زات هەزرىتى شەيخ ئەبۇ ئەلىي فارمەدىي — تەڭرى ئۇنىڭ سىرلىرىنى مۇقەددەس قىلغاي — دىن ئېلىپتۇ؛ ئۇ زات هەزرىتى شەيخ

ئەبۇلقاسىم گورگانىيدىن ئېلىپتۇ. ھەزرىتى شەيخ ئەبۇلقاسىم گورگانىينىڭ باتىن ئىلمىدە ئىككى تەرەپلىمە نىسبەت بار ئىدى. بىر تەرەپتىن ئۇنىڭغا شەيخ ئەبۇلھەسەن خەراقانىي ۋاستىسى بىلەن بايەزىد بەستامىي روھىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن تەربىيەت قىلغانىدى. ئەمما، ئۇلار ئەمەلىيەتتە بىر - بىرىنى كۆرمىگەنىدى. ھەزرىتى ئارىپلار سۇلتانى بايەزىد بىستامىينىڭ مۇرىتلىق نەسەبى ھەزرىتى ئىمام جەئفەرىي سادىق — تەڭرى ئۇنىڭدىن رازى بولغاي — غا يېتىپ بارىدۇ. ھەزرىتى ئىمامنىڭ ئارىپلار سۇلتانى بايەزىد بەستامىيغا بولغان تەربىيەتلىرىمۇ روھىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن يۈز بەرگەن ئەھۋال بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار بىر - بىرىنى كۆرمىگەن. ھەزرىتى ئىمامنىڭ نەسەبىمۇ ئىككى تەرەپكە تۇتىشىدۇ. بىر تەرىپى ئۆز ئاتىسى ئىمام زەينۇلئابىددىنغا ۋە ئۇ زاتنىڭ بۇزرۇكۋار ئاتىسى ھەزرىتى ئىمام ھۈسەينگە، ئاندىن ئۇ زاتنىڭ بۇزرۇكۋار ئاتىسى، مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى ھەزرىتى ئەلىي — تەڭرى ئۇنىڭ سەۋەبىدىن لۇتۇف ۋە مەرھەمەتلەر قىلغاي — غا ۋە بۇ ئارقىلىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام — تەڭرى ئۇ زاتقا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي — گە تۇتىشىدۇ. ھەزرىتى ئىمامنىڭ نەسەبلىرىنىڭ يەنە بىر تەرىپى ھەزرىتى قاسىم ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئەبۇ بەكر سىددىق — تەڭرى ئۇنىڭدىن رازى بولغاي — غا تۇتىشىدۇ. ھەزرىتى قاسىم ھەزرىتى ئىمامنىڭ ئانىسىنىڭ ئاتىسىدۇر. ئۇ زاتنىڭ سۆزلىرى ئىماملار ۋە فەقىھ ئالىملىرى ئارىسىدا دەلىل ۋە ھۆججەت ئىدى. ھەزرىتى ئىمام تابىئىنلارنىڭ كاتتىلىرىدىن ئىدى. ئۇ زاتنىڭ مۇرىتلىق نەسەبى سەلمان پارس — تەڭرى ئۇنىڭدىن رازى بولغاي — قا تۇتىشىدۇ. ئۇ زات ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام — تەڭرى ئۇ زاتقا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي — نىڭ مۇبارەك سۆھبەتلىرىگە مۇشەررەپ بولغان تۇرۇقلۇق، يەنە مەنىۋى نەسەب جەھەتتە ھەزرىتى ئەبۇبەكر سىددىق — تەڭرى ئۇنىڭدىن رازى بولغاي — غا باغلانغانىكەن. ئۇ زاتلارنىڭ نەسەبلىرى ھەزرىتى پەيغەمبەر — تەڭرى ئۇ زاتقا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي — گە باغلىنىدۇ.

شەيخ ئەبۇلقاسىم گورگانىينىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى مۇرىتلىق نەسەبلىرىنىڭ يەنە بىر تەرىپى شەيخ ئوسمان مەغرىبىغە ئۇلىنىدۇ، ئۇ زاتنىڭ نەسەبى بولسا ئەبۇ ئەلىي كاتىبىيغا، ئۇ زاتنىڭ ئەبۇ ئەلىي رۇد بارىيغا، ئۇ زاتنىڭ نەسەبى بولسا ھەزرىتى سەييىدۇت تايىفەئى باغدادىيغا، ئۇ زاتنىڭ نەسەبى بولسا ھەزرىتى سىررى سۇقۇتىيغا، ئۇ زاتنىڭ نەسەبى بولسا مەئرۇف كەرخىيغە بېرىپ تۇتىشىدۇ. شەيخ مەئرۇف كەرخىينىڭ مەنىۋى نەسەبلىرىمۇ ئىككى تەرەپكە ئالاقىداردۇر. ئۇنىڭ بىر تەرىپى داۋۇد تايىغا، ئۇ زاتنىڭ بولسا ھەبىب ئەجەمىيغە، ئۇ زاتنىڭ نەسەبى بولسا ھەزرىتى خاجە ھەسەن بەسرىي — تەڭرى ئۇلارنىڭ سىرلىرىنى مۇقەددەس قىلغاي — غا تۇتىشىدۇ. شەيخ ھەسەن بەسرىينىڭ مەنىۋى نەسەبى بولسا مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى ھەزرىتى ئەلىي — تەڭرى ئۇنىڭدىن رازى بولغاي — غا، ئۇ زاتنىڭ نەسەبى بولسا ھەزرىتى پەيغەمبەر — تەڭرى ئۇ زاتقا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي — گە تۇتاشقاندۇر. شەيخ مەئرۇف كەرخىينىڭ نەسەبىنىڭ يەنە بىر تەرىپى ھەزرىتى ئىمام ئەلىي مۇسا رىزاغا تۇتىشىدۇ؛ ئۇ زاتنىڭ نەسەبى بولسا ئۆزىنىڭ ئاتىسى ئىمام مۇسا كازىمغا، ئۇ زاتنىڭ نەسەبى بولسا ئۆزىنىڭ بۇزرۇكۋار ئاتىسى ھەزرىتى ئىمام جەئفەرىي سادىققا تۇتىشىدۇ. نەسەبلەر ئەنە شۇنداق زىكىر قىلىنىدى. تەڭرى ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر. ئۇ زاتلارنىڭ ھەممىسىدىن تەڭرى تائالا رازى بولغاي.

(نەشرگە تەييارلىغۇچى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە)

ئول خۇدا ھەر دۇ جەھان قۇدرەتىنى ئەيلەپ فاش،
بىر ـ بىرىگە ئوخشاتماي ئەيلەدى زىھى نەققاش.

خەلق ئېتىپ ھەمە زىيجان مىسلى يوق زىھى دانا،
زاھىرۇ نىھان رەۋشەن ھەم بەسىرۇ ئول بىينا.

ئاسراسالىڭ بۇ مىھمانىنى شەرئىگە مۇۋافىقسەن،
ۋەرنە بولماسا ئانداغ خەلق ئارا مۇنافىقسەن.

كەلتۇرۇپ خەلايىقنى بۇ جەھانۇ دەھرىگە،
ئۆمىر ئۆتكۈزۈپ نەچە كۈن قويىدى بىزنى قەئرىگە.

ھەرنە قىلسا ئۆز مۈلكى تىل سۇنارغا يوقدۇر ھەد،
رەھم قىلسا ئۆز فەزلى خاھى قىلسىمۇ مۇرتەد.

شەرئ تۇتتىلار دائىم داخىلى بىھىشت ئىدرىس،
ئىمرى ھەقنى تىرك ئەتدى مەردۇد ئولدىلار ئىبلىس.

بولدى كۈندە بەش ۋەقت فەرز ئىمرى ھەق ئىلاھىمدىن،
تەرك بولدى كۆپ چەندان قورقارمەن گۇناھىمدىن.

قىسسە كۆپ كىتابلاردا بىر ـ بىرىسىدىن ياخشى،
شەرھىنى ئەدەب تۇتغىل، بولماغىل زىھى ياخشى.

قىسسەنى تەفەككۇر قىل بىز ئۈچۈن تەمام ئىبرەت،
غافىل ئولماغىل سائەت تىل سەناغا لەب تەبرەت.

شەرئ تۇتسا ھەر ئىنسان ھەشرگاھ يۈزى ئايدەك،
ۋەرنە تۇتماسا ئول كەس مىسلى يوق سۇيى سايدەك.

كىبىر قىلماغىل زىنھار قىسسەسىنى كۆر شەيتان،
ئۆزنى بارچەدىن كەم تۇت ئاخىرىدە بول سۇلتان.

سىنماغان پۇتۇن چىنىنى ئوغرى كىرسەلەر ئالغاي،
پارچە ـ پارچە بولغان چىن ئۆز مەكانىدا قالغاي.

كۆرمىدىڭمۇ قارۇننى كۆڭلىنى پۇتۇن تۇتدى،
قەھرى ھەق ئىلاھىمدىن بارچەسىنى يەر يۇتدى.

ئويلانىپ تەپەككۇر قىل بىز ئۈچۈن ھەمە ئىبرەت،
شەرئىنى تۇتۇش لازىم جانۇ دىل بىلەن غەيرەت.

شەرئىدىن چىقىپ كەتسە مۇفلىسۇ گەدا ھەر كەس،
تاكى شەرئىنى تۇتماي ھاجەتى رەۋا ئولماس.

ئىبتىدائىي ئالەمدىن ئىنتىھائىي ئالەمچە،
بۇ ئۇلۇغ شەرىئەتكىم بەرقەرار تۇرار ئانچە.

گەر ساڭا ئىمان لازىم شەرئىنى تۇتۇش لازىم،
جانۇ دىل بىلەن تەسدىق ھەرنە ھۆكم گەر قازىم.

شەرئ تۇتسا ھەر ئىنسان ئىككى ئالەم ئول بايدۇر،
ۋەرنە تۇتماسا ئول كەس كۇللى ئىشلارى لايدۇر.

نەزم ئەيلەدىم ئاسىي شەرئىگە مۇۋافىق دەر،
گەرچە بىلمەگەن بولسام، ئاخۇنۇم تۈزەتكەيلەر.

فەزل قىلماسا ئول ھەق فايدا يوق نىدايىمدىن،
تەبرەمەس ئەگەر بىر قىل، بارچە ئىش خۇدايىمدىن.

*

پەيغەمبەردە يوق ئەردى ئۈچ نېمەرسە،
ئونۇتماسلىق زەرۇردۇر ھەر كىمەرسە.

بىر قەھقەھ كۇلۇشدۇر بىرى خەمياز،
مۇنى قىلغان ئەمەسدۇر ھېچ قىشۇ ياز.

*

ئۈچۈنچى بولماس ئەردى ئىھتىلام چۈن،
قىشۇ يازۇ ھەمىشە خاھ تۈنۈ كۈن.

ئەگەر قەھقەھ كۇلۇش چىقسا ئاغىزدىن،
نەتىجە بولماغاي ئاچچىغ مەغىزدىن.

كۆلۈگنى ئازغىنە يىغنى تولاراق،
يىغنى دوست تۇتۇش ھەممىدىن بىھراق.

تەبەسسۇم كۆلگەنىڭ يوقدۇر زىيانى،
ئۆزۈڭ ئىمانىغە ئىزدە دەۋانى.

فەقىر نەزم ئەيلەدىم نەسر كىتابىدىن،
قورقۇنچۇم كۆپ ئېرۇر قەھرۇ ئىتابىدىن.

ئۆلۈپ كەتسەم قالۇر بۇ نامە قىرتاس،
دۇئا قىلغاي فەقىرغە، ئەيىۇھەنناس.

ئۈمىدىم كۆپ ئېرۇر ئەللاھۇ ھەيدىن،
نەسىب بولغانمۇ دەپ بىر قەترە مەيدىن.

ئامىن، سىنە 1381 ـ ھىجرىيە

*　　*

چىراغۇ شەمئ رەۋشەنا قىلغان تېگىدە ساف سوزۇك ياغدۇر،
قىزىلگۈلنىڭ فىراقىدا تەمام بۇلبۇل دىلى داغدۇر.

سەھەرلەر تۇر نەۋا ئەيلەپ بۇ ئىشق ئوتىدا كۆيگەنلەر،
ئۇشۇنداق زار ـ زار يىغلاپ ئۇ قۇللارنىڭ دىلى ساغدۇر.

ھەۋەسنى تەرك ئېتىپ دائىم خۇدانى زىكرىنى دىلدا،
ھەرامدىن ئەيلەسە پەرھىز بىھىشتى جاۋىدان باغدۇر.

دىلىمنى تىرگۈزۈپ، يا رەب، قىلىپ دائىم مۇھەببەتدىن،
قەنائەتنى نەسىب ئەيلەپ بۇ نەفسى شەيتاننى ئاغدۇر.

بۇ كارى دۇشمەنى شەيتان ھەمە ۋەقت يولدىن ئازغۇردى،
رەجىمدۇر بىر ئاتى ئانىڭ بەيابان جايلارى تاغدۇر.

قولۇمدا كۇشتۇ زارىم يوق، شەرىفىي ناتەۋان قۇلمەن،
ئەگەرچە بىئەدەد ئىسيان باشىمغا رەھمەتىڭ ياغدۇر.

*　　*

ۋاھىدۇل ـ قەھھار بىرى ۋەسفىڭ بەيان،
ئەقل قاسىر ھەد نەدۇر ئەتمەك ئەيان.

خاھلاساڭ بىرنى ئەزىزۇ قىلاسەن،
خاھلاساڭ چۇن بىرنى يەكسان قىلاسەن.

سەن ئېرۇرسەن بارچالاردىن پۇر غەنىي،
ساڭا مۇھتاج بارچە زىيجان كۇن ـ تۈنى.

لايىق ئەرمەس بىر تىلىم يۈزمىڭ قىلىپ،

زەررەنى ئايتىماق مۇناسىب يوق بىلىپ.

بىر نەفەس سەندىن بۆلەك يوقدۇر پەنا،
رەببانا، فەغفىرلەنا، زۇنۇبەنا.

*

ئەي خۇدا، تەۋفىق ئەتا قىلساڭ ماڭا،
نەفسىگە غالىب كېلۇر ئەردىم يانا.

دىل ئۆيىن ۋەيران قىلىپ بۇ نەفسى بەد،
خەير ئىشلار قىلمادىم ھەرگىز فەقەد.

قايدا بارسام مەن بىلە ھەمرا ئېرۇر،
ۋەسۋاس ئەيلەپ ماڭا ئول يول كۆرسەتۇر.

ھەر نېچە مەنئ ئەيلەسەم غالىب كېلۇر،
خەيرۇ شەرنى كۆڭلۇمە ئالىپ كېلۇر.

نەفسى شەھۋەت شۇملۇغىدىن ئاخىرى،

*

چىقارۇر يولدىن مېنى ئول ھەر بىرى.

ھەممە ۋەقت بۇ نەفسى شەيتاننى ئىشى،
ھېچ ۋەقت تاقەت قىلالمايدۇر كىشى.

دېمەسەممۇ سەن ئۆزۈڭ دانايى غەيب،
دەر ھەقىقەت پادشاھ بەندەڭدە ئەيب.

ئەي خۇدايا، نەفسى زالىمدىن پەنا،
رەببەنا، فەغفىرلەنا، زۇنۇبەنا.

كامىلۇل ـ ئىمان قىلىپ فەرخۇندە رۇي،
مەئسىيەتدىن ياندۇرۇپ تائەتكە خۇي.

*

ئىلاھا، بارچەنى تائەت سىرىشتە،
مۇۋافىق ئەيلەگىل شەرئى رەۋىشتە.

شەرىئەتنى تۇتۇپ ئۇمرۇم بارىچە،
ئىبادەت ئەيلەيىن تا رۇز ـ كېچە.

ھىدايەت قىل نەسىب ئەقلىمنى ھۇشيار،
گۇنەھدىن ئىجتىناب تائەتكە خۇشدار.

ئەتا قىلغىل ماڭا قادىر ئىلاھىم،

*

سېنىڭدىن باشقا يوق پۇشتۇ پەناھىم.

دۇئاغا مۇشتەمىل قىل ياخشىلارنى،
ھىدايەت ئەيلەگەيسەن خىشلارىمنى.

ئۆزۈڭ باشقۇرماساڭ بۇ چۆلدە يەكسان،
مېنى يولدىن چىقارغاي نەفسى شەيتان.

بارگاھى ھەشر ئول يەۋمىن ـ نۇشۇر،
ئەي خۇدايا، كۆڭلى ئىسيانىم يوشۇر.

* *

ئۆزىمىزنى خار قىلغان نەفسىمىز،
ۋەرنە ئانداغ بولماسا ساف ئەكسىمىز.

ھەممە ۋەقت تەمام شىكايەت سۆزىمىز،
تاڭلا مەھشەردە خىجالەت يۈزىمىز.

ئول خۇدا ھېچ ۋەقتدە زالىم ئەمەس،
زۇلم قىلدۇق مەئسىيەتدە جانىمىز.

ئول خۇدا بىزلەرغە يولنى كۆرسەتىپ
بەردىيۇ ھېچ بولمادى بىر كارىمىز.

ئىككى يولنى كۆرسەتىپ قويدى ھەمان،
قايسى يول بىرلە ماڭۇر ئىختىيارىمىز.

گەر خۇدا تەۋفىق بېرۇر ئىيمىن ماڭار،
ۋەرنە ئانداغ بولماسا كۆپ خارمىز.

ئەي خۇدايا، بەندەگە تەۋفىق ئەتا،
قىلماساڭ تەھتەس ـ سەرادا جايىمىز.

ئىختىيارىي بىزدە يوق سەن فەزلى رەب،
نې قەدەر ھۆكم ئەيلەسەڭ بىچارەمىز.

شەفقەت ئەيلەپ بەردىلەر قۇرئان كىتاب،
مۇندىن ئۆزگە يول بىلەن يوق كارىمىز.

بارچە ئۇممەتدىن بىزنى قىلدى ئەزىز،
مىڭ تەشەككۇر ۋەئدەگە خۇشدارمىز.

شەرئىنى تۇتساق ھەمىشە ھەق بىلىپ،
ھەممەدىن ئەئلا بولۇر ئىمانىمىز.

شەرئىنى بىلمەك ئۈچۈن ئىلم زەرۇر،
ۋەرنە ئانداغ بولماسا بەدكارىمىز.

بۇ شەرىئەت بارچە شەرئىدىن بەلەند،
بىلمايىن قىلساق ئەمەل سەد پارەمىز.

سەن ئۆزۈڭ ئەفۇ ئەتمەسەڭ بىز ئاسىينى،
رۇزى مەھشەر ئەشكى پۇر نەم خار بىز.

* *

ئەي خۇدايا، نەفسى شەيتاندىن پەنا،
رەببەنا، فەغفىرلەنا، زۇنۇبەنا.

بۇ شەرىئەت بارچە شەرئىدىن ئۇلۇغ،
ھەر كىشى مۇنكىر ئېسە تۇشكە تامۇغ.

دىنى ئەھمەدكە كىشى بولسا يەقىن،
پاك بولغاي نىجس ئولمايدۇر قەرىن.

نىئمەت ئەيلەپ بىزگە بۇ ھەق شەرئىنى،
ئالەمى بالادا قىلدى فەرئىنى.

بەندەگە يول كۆرسەتىپ ئول كارساز،
ئەمر قىلدى كۇندە بەش ۋەقت نەماز.

خۇش غەنىمەت ھەر كۇنى مىئراجى راز،
ئوقۇغايمىز تەرك قىلماي قىشۇ ياز.

ئەي خۇدايا، نەفسىمە بەرگىل فەنەئ،
خەلقلەردىن قىلماغايمەن ھېچ تەمەئ.

يىلدىزى تەھتەس - سەراي قىلدى مۇقىم،
بۇ شەرىئەت ھەممە جايدا بىر ئاقىم.

دىنى ئىسلام ھەق خۇدا قىلدى بەيان،
ھەقلىغى قۇرئان كىتابلاردا ئەيان.

كامىلۇل - ئىمان بار مۇنكىر ئەمەس،
ھەر كىشى مۇنكىر ئېسە مۇئمىن ئەمەس.

ئانچۇنان فەرياد قىلدىم بىئەمەل،
قابىزۇل - ئەرۋاھ كەلدى بىمەھەل.

كۆشتى زارىم يوق قولۇمدا ھېچ ۋەقت،
ئۆرماغاي جانىمغە ئول كۈن نىشى سەخت.

تەقدىرىڭدىن ئۆزگە بىر قىل تەبرەمەس،
نۇرى ئىمان بىرلە ئېلتىسەڭ ماڭا بەس.

رەھمەتىڭ پايانى يوقدۇر، ئەي خۇدا،
قىلماغايسەن نۇرى ئىماندىن جۇدا.

* *

مېنى يوقدىن قىلىپ دۇنياغا فەيدا،
تەشەككۇر بۇ دىلىم ئەللاھغا شەيدا.

دىلىمنى تىرگۈزۈپ ئىشق ئەتا قىل،
نەسىب ئەيلەپ ئىمان، شەردىن جۇدا قىل.

ئەجز بىر سەرمايەدۇر بىلگىل مۇرىد،
قولغا تۇشسە ھەشت جەننەتكە كەلىد.

دەۋر ئەيلەر بەندەنى كىبرۇ ھەسەد،
كىبردىن ئالۇدە بولدى بۇ جەسەد.

ھەر كىشى ئاجىزلىقدىن قىلسا ئار،
ئاقىبەت بولغاي ئۇ كەسنىڭ جايى نار.

بارچە ھەرەكات ئاندىنۇ بىز خەلق جەماد،
ئۆمرىمىز بارۇ مىسال چۇن بەرقۇ باد.

كۆللۈ شەيئۇن ھالىكۇن قىلدى خەبەر،
ئىئتىمادى يوق كىشى تارتقاي زەرەر.

بۇ ئۆلۈم بىزگە ئانا شىردىن ھەلال،
بىر نەفەس كۆز يۇمغۇچە بولماس مەلال.

ئەۋۋەل ئادەمدىن بىرى ھەر زىينەفەس،
بولماغاي كېيىن - ئىلگەرى چۈن بىر نەفەس.

تاكى ئادەم خەلق ئېتىپ ھازىرغەچە،
بىر - بىر ئارقا كەتتىلەر شاب خاھ بەچە.

ساڭا ھەم بىر كۈن كېلۇر قابىز يانا،
ئىلگەرى ئاندىن تىل ئاچ ھەمدۇ سەنا.

ئەيلەگىل دائىم ھەرامدىن ئىجتىناب،
ماسىۋەللاھدىن كېچىپ كۆڭلۈڭنى ساف.

فەرزلەرنى كاتتاسى ھەلال يېمەك،
گەر ھەرام كەلسە ساڭا يېمەي دېمەك.

بۇ ھەلال بىرلە ھەرامنى فەرق ئېتىپ،
يېمەگەيسەن ھېچ ۋەقت بىرگە قېتىپ.

ئېھتىيات قىلسا كىشى بىر شۇبھەناك،
رەھم قىلغايلار ئاڭا يەزدانى پاك.

شۇبھەناك تەئام كىشىگە زەھردۇر،
گەر بىلىپ يېسە خۇدانىڭ قەھرىدۇر.

ئەي خۇدايا، شۇبھەدىن قىلغىل يىراق،
گەر يېسەم بولغايمە دەرگاھدىن يىراق.

*　　　*

نە بىلۇر ئۇل كىمسە ئەھلى مەئرىفەتدىن بولماسە،
مەرھەمەت بولغاي خۇدادىن ھەر نېمەرسە سۆزلەسە.

زىشت ئىلە خۇبۇ يامان ـ ياخشى مۇۋاسا ئەيلەمەك،
ياخشىدۇر ھەرنە خۇدايىم سۆزلەسە ۋا ئەيلەسە.

دەر ھەقىقەت لايىق ئەرمەس يارغا ئۇل كىمسەكىم،
كۆڭلىن ئەۋۋەل ئاخىرەت دۇنيا غەمىنى باغلاسە.

باش فىدا قىلسام خىيالىم ئانى خاكى راھىغە،
نې قىلاي مۇندىن زىيادگە مەندە قۇدرەت بولماسە.

گۇڭفۇڭ خاتىرە بىلەش جەدۋىلى



.62.

گۇڭفۇڭ خاتىرە بىلەش جەدۋىلى



.63.

(نەشرگە تەييارلىغۇچى شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلىدا)

جالالىددىن رۇمىي

# «مەسنەۋىي»دىن تەربىيەۋى ھېكايەتلەر

نەشرگە تەييارلىغۇچى: روزىمۇھەممەت مۇتەللىپ

**نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:** مەۋلانا جالالىددىن رۇمىينىڭ 25700 بېيىتتىن ئىبارەت بۇ قىممەتلىك ئەسىرى مەۋلانانىڭ سادىق شاگىرتى ھىسامۇددىن چەلەبىينىڭ ئىلتىماسى، تەشۋىق قىلىشى ۋە ياردىمى بىلەن يېزىلغان. بۇ ئەسەردە قەدىمدىن بۇيان خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن ھېكمەت، ھېكايەت ۋە مەسەللەر مەسنەۋىي (ئىككىلىك) يولى بىلەن ئىپادە قىلىنغان بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۆزىگە خاس شۆھرىتىنى ساقلاپ كەلمەكتە. تۆۋەندە بىز «مەسنەۋىي شەرىف»تە كەلتۈرۈلگەن ئىبرەتلىك ھېكايەتلەردىن بىر قىسمىنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھوزۇرىغا سۇندۇق.

## تېرەم قولدىن كېتەر

كوچىدا ئالدىراپ كېتىۋاتقان بىر ئادەمدىن سوراشتى:

— نېمىگە بۇنچە ئالدىرايسەن؟ چىرايىڭمۇ تاتىرىپ كېتىپتۇ، نېمە بولدى؟

ئالدىراش ئادەم دېدى:

— ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ شەھەر سۇلتانىنىڭ كۆڭلى ئۇچۇن بازاردىكى ئېشەكلەرنى سويۇپ، تېرىسىنى شىلىپ، ئىچىگە سامان تولدۇرۇۋېتىپتۇ.

— خوش، خوش، لېكىن سەن ئادەمغۇ؟

— توغرا، ئەمما سۇلتانىنىڭ ئادەملىرى بۇ ئىشقا شۇنداق كىرىشكەنكى، ئۇلارغا كىملىكىمنى چۈشەندۈرۈپ بولغۇچە تېرەم قولدىن كېتىشى مۇمكىن.

## ئەگەر مېڭىسى بولسا

ئارسلان ئورماندا پىل بىلەن ئېلىشىپ ھالىدىن كەتتى. شۇڭا، ئۇ تۈلكىنى يېنىغا چاقىرىپ:

— ماغدۇرۇمدىن كەتتىم، ئوۋغا يارىمايمەن. سەن بېرىپ ماڭا بىر ئېشەك ئوۋلاپ كەل. بىللە يەيمىز، — دېدى.

— باش ئۈستىگە، سۇلتانىم. تۈرلۈك ھىيلىلەر بىلەن سىزگە ئۇنى تىرىك پېتى كەلتۈرىمەن، — دەپ دالاغا قاراپ يۈگۈردى تۈلكە. ئۇ كېتىۋېتىپ قارىسا، ئوتلاقتا ئورۇق ئىگىسىز بىر ئېشەك ئوتلاپ يۈرگۈدەك. تۈلكە ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ ئېگىلىپ سالام بەردى ۋە ئۇنىڭدىن سورىدى:

— بۇ قاقاس دالادا ئۆزۈڭ يالغۇز نېمە قىلىۋاتىسەن، دوستۇم؟

— مۇشۇ ھالىمغا شۈكۈر قىلىمەن. رىزقىنى ئاللا بېرىدۇ. شىكايىتىم يوق، كۈنۈم ئۆتۈپ تۇرۇپتۇ. جان بەرگەن ئاللا رىزقىنىمۇ بېرىۋاتىدۇ.

— ئەي جاناب! سەندىكىدەك بۇنداق تەۋەككۇلچىلىك ئىنتايىن ئاز جانلىقتا تېپىلىدۇ. ئىنتايىن كەم بولغان ئىش بولسا يوق ھۆكمىدىدۇر. بۇ يوقلۇق ئەتراپىدا تەمتىرەپ يۈرۈش ئەخمەقلىق سانىلىدۇ.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان ئېشەك جاۋاب بەردى:

— گېپىڭ توغرا ئەمەس. شۇنى بىلگىنكى، پۈتۈن يامانلىقلار ئاچ كۆزلۈكتىن كېلىدۇ. قانائەتتىن ھېچكىم ئۆلمىگەن، ھېرىستىن بولسا ھېچكىم سۇلتان بولمىغان...

تۈلكە ئېشەكنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ:

— ئاللا جانلىقلارغا ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى ھالاك قىلماسلىقنى بۇيرۇدى. مۇشۇنداق تاقىر چۆلدە سەۋر قىلماق ئەخمەقلىقتۇر. كەل، باشقا بىر ئوتلاققا كۆچكىن. بىلسەڭ، ئۇ يەردە ناھايىتى بولۇق ئۆسكەن ئوت - چۆپلەر، شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان سۇلار بار، — دېدى.

تۈلكە تۈرلۈك سۆزلەر بىلەن ئېشەكنى ئالداپ، ئۇدۇل ئارسلاننىڭ ئۆيىگە باشلاپ باردى. ئارسلان ئېشەكنى كۆرەر - كۆرمەستىن ھۆركىرەشكە باشلىدى. بۇنى ئاڭلىغان ئېشەك چۆچۈپ كېتىپ، ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ قاچتى. تۈلكە ئۇنىڭغا يېتىۋېلىپ:

— ھەيساددا ۋە گول مەخلۇق! نېمىگە قاچىسەن؟ ئاڭلانغان ئاۋۇش سېنىڭ ۋەھىمەڭ، خىيالىڭدۇر. ئەمدىلا مايسىزارغا كەلگەنىدۇققۇ؟ سەن بولساڭ قورقۇپ قاچتىڭ، — دېدى.

تۈلكە يەنە مىڭ بىر يالغان بىلەن ئېشەكنى ئۆزىگە ئەگەشتۈرۈپ، ئارسلاننىڭ ئۆيىگە ئېلىپ باردى. ئارسلان ئېشەكنى يەپ قورسىقىنى تويدۇردى. كېيىن ئارسلان سۇ ئىچىش ئۈچۈن غاردىن چىقىپ كەتتى. تۈلكە ئارسلاننىڭ يوقلۇقىدىن پايدىلىنىپ ئېشەكنىڭ مېڭىسى ۋە ئۆپكىسىنى يېدى. ئارسلان قايتىپ كەلگەندىن كېيىن تۈلكىدىن سورىدى:

— بۇنىڭ مېڭىسى قېنى؟

— ئەي، سۇلتانىم! ئەگەر ئېشەكنىڭ مېڭىسى بولسا، ئاشۇ دەھشەتلىك ھۆركىرىشىڭنى ئاڭلىغاندىن كېيىن يەنە بۇ يەرگە، سېنىڭ بوسۇغاڭغا كېلەرمىدى؟

## بۇ مۈشۈكمۇ ياكى گۆشمۇ؟

بىر ئادەمنىڭ ناھايىتى قىلىقسىز خوتۇنى بولۇپ، ئۇ ئۆيگە كەلتۈرۈلگەن ھەممە نەرسىنى ئىسراپ قىلاتتى. بىچارە ئادەم جېدەل چىقمىسۇن دەپ ئاچچىقىغا ھاي بېرەتتى.

بىر كۈنى ئەر ئىككى كىلو گۆش ئېلىپ كەلدى ۋە خوتۇنىغا ئۇنى كاۋاپ قىلىشقا بۇيرۇدى. خوتۇنى گۆشنى پىشۇرۇۋېتىپ تويۇقسىز يەرگە چۈشۈرۈۋەتتى. كەچقۇرۇن ئېرى ئۆيگە كېلىپ خوتۇنىدىن گۆشنى سورىدى.

خوتۇنى:

— ۋاي غوجام، سورىماڭ... گۆشنى مۈشۈك ئېلىپ قاچتى، يېگىنىنى ئۆزۈم كۆردۈم، — دېدى.

ئەر بۇنىڭغا ئىشەنمىدى. شۇڭا، دەرھال مۈشۈكنى تېپىپ تارازىغا سېلىۋىدى، توپتوغرا ئىككى كىلو

كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ خوتۇنىغا:
— خوتۇن، ئەگەر بۇ مۇشۇك بولسا، گۆش قەيەردە؟ ناۋادا بۇ گۆش بولسا، گەپ قىلە، بىزنىڭ مۇشۇك قەيەردە؟ — دەپ ۋارقىرىدى.

## ئالدىنىش دۇنياسى

بىر پادىشاھنىڭ ئىلىم ۋە قەلەمدە كامالەتكە يەتكەن سۆيۈملۈك ئوغلى بولۇپ، ئۇ پادىشاھنىڭ بىردىنبىر ۋارىسى ئىدى.

بىر كېچىسى پادىشاھ ئوغلى ئۆلۈپ قېلىپ چۈش كۆرۈپتۇ. ئۇ چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ ۋە بۇنىڭ چۈشى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، خۇداغا شۈكۈر ئېيتىپتۇ. بىراق، «ئەگەر ھەقىقەتەنمۇ ئۆلۈپ قالسا قانداق قىلىمەن؟ تەخت ۋارىسىم كىم بولىدۇ؟» دېگەنلەرنى ئويلاپ كۆڭلىگە ئەنسىزلىك چۈشۈپتۇ. كېيىن ئۇ «ھېچ بولمىسا، بىر نەۋرىلىك بولاي، ئوغلۇمدىن ئايرىلىپ قالسام، ئۇ ماڭا ۋارىس بولىدۇ» دېگەن قارارغا كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن نامرات، ئەمما كۆڭلى باي بىر دەرۋىشنىڭ ئايدەك گۈزەل، ئەخلاقلىق قىزىنى ئوغلىغا خوتۇنلۇققا ئېلىپ بەرمەكچى بوپتۇ.

خانىش:
— بىزنىڭ شاھزادە بىر كەمبەغەل دەرۋىشنىڭ قىزى بىلەن تۇرمۇش قۇرسا قانداق بولىدۇ؟ ئۇلارنىڭ توي مېلى ئۈچۈن بىزگە بەرگۈدەك نېمىسى بار؟ — دەپتىكەن، پادىشاھ:
— پاك بىر كىشىنى كەمبەغەل دېيىش خاتا. ئۇنىڭ قەلبى باي، قالغىنىنى ئۇنىڭغا ئاللا بېرىدۇ، — دەپتۇ ۋە توي ھازىرلىقىنى باشلاپتۇ.

ئەمما، بۇ ۋاقىتتا شاھزادە بىر سېھىرگەر خوتۇننىڭ تۇزىقىغا ئىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ دەردىدە ئۆرتىنىپ، كۆزى يورۇق دۇنيانى كۆرمەيدىغان ھالغا يەتكەنىكەن.

بىچارە شاھزادە ئىشق ئوتىدا كۆيۈپ، ھېلىقى ئايالنىڭ سۆزىنى ئەسلا ئىككى قىلدۇرماستىن، نېمە دېسە ھە دەپ، ئۇنىڭ تاپانلىرىغا سۆيگۈدەك بولغانىكەن. ئىشق سەۋەبلىك يۈزى سارغايغان، تېرىسى سۆڭەكلىگە يېپىشىپ قالغانىكەن.

پادىشاھ چارىسىز قاپتۇ. ئوغلىنى بۇ دەردتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن مەملىكەتنىڭ بارچە تېۋىپلىرىنى چاقىرىپ، تاڭ ئاتقۇچە ئاللاغا دۇئا قىپتۇ. شاھزادە بولسا ئوتۇندەك كۆيۈپ، كۈندىن - كۈنگە تۈگىشىپ كېتىپتۇ.

ئاخىر سارايغا ناھايىتى ماھىر بىر سېھىرگەر كەپتۇ. ئۇ پادىشاھقا:
— شاھزادىنىڭ ھالىغا ئېچىندىم. بۇ خوتۇنغا مەندىن باشقا ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيدۇ. مەن ئاللانىڭ ئىزنى بىلەن ئۇنىڭ سېھرىنى بۇزۇپ تاشلايمەن. خاتىرجەم بولۇڭ، — دەپتۇ ۋە ئىشلىرىغا ھازىرلىق كۆرۈپتۇ. ھەقىقەتەنمۇ قىسقىغىنا مۇددەت ئىچىدە سېھىر بۇزۇلۇپتۇ.

شاھزادە ئۆزىگە كەلگەندىن كېيىن، يۈگۈرۈپ ئاتىسىنىڭ ئالدىغا كىرىپ خىجىل بولغان ھالدا:
— ئاتا، ئۇ كەمپىر مېنىڭ ئەقلىمنى قانداق ئالغاندۇ؟ — دەپتۇ.

پادىشاھ سۆيۈنۈش بىلەن پەرمان بېرىپ، توي باشلاپتۇ. بۇ ۋاقىتتا شاھزادىنى ئازدۇرغان خوتۇن ئەلەمدىن ئۆلۈپتۇ.

شاھزادە نىكاھنىڭ بىرىنچى كېچىسى كېلىننى كۆرۈپ لال بولۇپ، بۇ گۈزەللەر گۈزىلىنىڭ ئالدىدا ھوشىنى يوقىتىپتۇ.

بىر يىلدىن كېيىن پادىشاھ گەپ ئارىسىدا ئوغلىغا:

— بۇرۇنقى سۆيگىنىڭنى ئەسلەپمۇ قويامسەن؟ — دەپ سورىغانىكەن، شاھزادە:

— ئاتا، مەن ھازىر بەخت دۇنياسىدىمەن. ئۇ ئالدىنىش دۇنياسىدىن ئاران قۇتۇلدۇم، — دەپ ياراتقۇچىغا شۈكۈر ئېيتىپتۇ.

## تاۋۇسنىڭ گۈزەللىكى ئۆزىگە دۈشمەن

بىر ئادەم تاۋۇسنىڭ ئۆز تۇمشۇقى بىلەن قاناتلىرىدىكى چىرايلىق پەيلىرىنى يۇلۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئەجەبلىنىپ سوراپتۇ:

— ئەي گۈزەل قۇش... شۇنداق چىرايلىق، رەڭمۇرەڭ پەيلىرىڭنى يۇلۇۋاتىسەن. ھالبۇكى، سېنىڭ گۈزەللىكىڭ شۇ پەيلىرىڭ بىلەندۇر. ھەممە كىشى شۇ پەيلىرىڭدىن يەلپۈگۈچ ياساش، ئۇلارنى كىتاب سەھىپىلىرى ئارىسىغا قويۇشنى ئويلايدۇ، بۇ سېنىڭ نېمە قىلغىنىڭ؟

تاۋۇس جاۋاب بېرىپتۇ:

— توغرا، لېكىن بۇ پەيلەر جېنىمدىن ئەزىز ئەمەس. بۇ پەيلەر سەۋەبلىك كىشىلەر مېنى ئۆۋلىشىدۇ، جېنىمغا قەست قىلىشىدۇ. جېنىمنىڭ ئامان قېلىشى ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلدىم.

## لەيلىنى رەنجىتىسەن

بىر كۈنى مەجنۇن كېسەل بولۇپ يېتىپ قاپتۇ. ئۇنى داۋالاش ئۈچۈن تېۋىپ چاقىرىلىپتۇ. تېۋىپ:

— تومۇردىن قان ئېلىش كېرەك، — دەپتۇ ۋە مەجنۇننىڭ قولىنى باغلاپتۇ. قان ئالدىغان چاغدا مەجنۇن:

— ئەي تېۋىپ، بولدى قىل، ھەققىڭنى ئال ۋە قولۇمنى يېشىۋەت. بۇ كېسەللىكتىن ئۆلسەممۇ مەيلى، قان ئېلىشتىن ۋاز كەچ، — دەپ دادلاپتۇ.

تېۋىپ مەجنۇندىن:

— ئەجەبا سەن چۆللەردە نەرە تارتقان ئارسلاندىن قورقمايسەنۇ، قولۇڭدىن قان ئالدۇرۇشتىن قورقامسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

مەجنۇن شۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

— مەن يىگنىدىن قورقمايمەن. مېنىڭ ۋۇجۇدۇم، بارلىقىم لەيلى بىلەن بىردۇر، سېنىڭ قان ئالىمەن دەپ لەيلىنى رەنجىتىشىڭدىن قورقىمەن.

يەنە بىر كۈنى مەجنۇنغا يېقىنلىرى:

— سەن لەيلىگە شۇنچە كۆيىسەن. ئۇ قىز سەن ئېيتقاندەك ئۇنچىلىك گۈزەل ئەمەسقۇ، — دەپتۇ. مەجنۇن جاۋابەن:

— سىلەر لەيلىنى مېنىڭ كۆزۈم بىلەن كۆرۈڭلار، مېنىڭ قەلبىم بىلەن سۆيۈڭلار! مەن ئۇنىڭ سۈرەت جامىدىن مەڭگۈلۈك ئىشقىنىڭ شارابىنى ئىچتىم، ئۇ شاراب سىلەرگە سىركىدۇر، — دەپتۇ.

## خىل خىلى بىلەن

ياپيېشىل ئېدىردىكى بىر ئېرىقتا شىلدىرلاپ سۇ ئېقىۋاتاتتى. بىر كۈنى ئېرىق چېتىدىكى تاشلار ئارىسىدا چاشقان بىلەن تاشپاقا ئۇچرىشىپ دوستلىشىپ قالدى. ئۇلارنىڭ دوستلۇقى كۈنسېرى كۈچىيىپ شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، ھەركۈنى كەچتە چاشقان قىيانىڭ كاۋىكىغا، تاشپاقا سۇ تېگىگە چۆكۈپ، تاڭ ئېتىشنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتۈشەتتى. ئاخىر، چاشقان ئويلا ـ ئويلا بىر چارە تاپتى. ئۇ تاشپاقىغا:

— سۆيۈملۈك تاشپاقا، قەدىرلىك دوستۇم، سېنى سېغىنىپ تۈنلىرىم ئۇيقۇسىز ئۆتمەكتە. بەلكىم سەنمۇ مېنى ئويلاپ بىئارام بولساڭ كېرەك. مەن چارە تاپتىم. مانا بۇ يىپنى ئېلىپ بىر ئۇچىنى قۇيرۇقۇمغا باغلايمەن. كەچ كىرىشى بىلەن سەن سۇغا شۇڭغۇيسەن، مەنمۇ ئۇۋامغا كىرىپ كېتىمەن. ئەگەر تۈنلىرى كۆرۈشۈشنى خالىساق، يىپنى تارتىمىز ۋە كۆرۈشىمىز، — دېدى.

تاشپاقا دەسلەپ بۇ تەكلىپكە بىرئاز ئېتىراز بىلدۈردى. كېيىن رازى بولدى ۋە ئۇلار بىر يىپقا باغلاندى.

ئارىدىن نەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى. بىر كۈنى قاغا چاشقاننى كۆردى ۋە قىيانىڭ بىر كاۋىكىغا كىرىپ يوشۇرۇنۇۋالدى. كەچ كىرگەندىن كېيىن قاغا چاشقاننى چاڭگاللاپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى. تەبىئىيكى، تاشپاقىمۇ بىللە ئېسىلىپ كېتىۋاتاتتى ئىدى. ئۇ چاشقاننىڭ قۇيرۇقىغا ئېسىلغان ھالدا ساڭگىلاپ كېتىۋېتىپ، شۇنداق دەپ ۋارقىرىدى:

— ۋادەرىخ! خىل خىلى بىلەن بولسۇن!

## لەيلىنىڭ مەھەللىسىنىڭ ئىتى

لەيلىنىڭ دەردىدە چۆللەرگە چىقىپ كەتكەن مەجنۇن بىر ئىتنى سىلاپ ـ سىيپاپ، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە سۆيۈشكە باشلىدى. ئىتقا بولغان بۇنداق ئىلتىپاتتىن بىر كىشى قاتتىق ئەجەبلىنىپ سورىدى:

— ئەي ئەقىلسىز مەجنۇن، بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ سەن ئەركىلىتىۋاتقان، يۈز ـ كۆزلىرىنى سۆيۈۋاتقان ئىت ئىپلاس بىر ھايۋان تۇرسا، نېمىشقا ئۇنى بۇنچىلىك ئەركىلىتىسەن؟

مەجنۇن جاۋاب بەردى:

— سەن نېمىنى بىلىسەن، ئەي جىسمىدىنلا ئىبارەت بىچارە. كەل، مېنىڭ كۆزلىرىم بىلەن بىر قارا. بۇ ئىت لەيلىنىڭ مەھەللىسىنىڭ قورۇقچىسىغۇ!... لەيلىنىڭ مەھەللىسىنى ماكان تۇتقان ئىتنىڭ ئايىغى تەگكەن تۇپراقمۇ مەن ئۈچۈن ئەزىزدۇر...

## ھەر كىمنىڭ تەرىپى ئۆزىگە يارىشا

ھىندىلار بىر پىلنى قاراڭغۇ ئېغىلغا قامىدى. ئۆمرىدە پىل كۆرمىگەن خەلق پىلنى كۆرۈش ئۈچۈن توپلاندى. لېكىن، ئېغىل شۇ قەدەر قاراڭغۇ ئىدىكى، كۆز بىلەن كۆرۈشنىڭ ئەسلا ئىمكانى يوق ئىدى. ئىچكىرىگە كىرگەنلەر پىلنى قوللىرى بىلەن سىلاپ كۆرەتتى، ئۇنى ھەر كىم ئۆزىچە تەرىپلەيتتى.

بەزىلەر پىلنىڭ خارتومىنى تۇتۇپ: «پىل بىر كاناي ئىكەن» دېيىشسە، يەنە بەزىلەر پىلنىڭ قۇلىقىنى تۇتۇپ: «پىل يەلپۈگۈچكە ئوخشايدىكەن» دەيتتى. يەنە بەزىلەر بولسا پىلنىڭ پاچىقىنى تۇتۇپ، پىل پەقەت ئاياغدىن ئىبارەت دەپ بىلدى ۋە: «پىل بەھەيۋەت بىر تۈۋرۈككە ئوخشايدىكەن» دەپ ئاشۇرۇپ چۈشەندۈرۈشتى.

دېمەك، كىشىلەر پىلنىڭ قەيىرىنى سىلىغان بولسا، ھايۋاننى شۇنىڭغا ئاساسەن تەرىپلەشتى، بىرسىنىڭ تەرىپى يەنە بىرسىنىڭكىگە ئوخشىمايتتى. بىرسى «دال» دېسە، بىرسى «ئەلىف» دەيتتى. ئەگەر قوللىرىدا شام، ئالدىدا بىرەر يول باشلىغۇچى بولغىنىدا، قاراڭغۇ بولسىمۇ پىلنى ئېنىق كۆرۈپ، قانداق ھايۋان ئىكەنلىكىنى ئاسانلا بىلىۋالغان بولاتتى.

تۇيغۇ كۆزى بەزىدە ھاۋۇچقا، بەزىدە كۆپۈككە ئوخشايدۇ. ھاۋۇچقا پۈتۈن بىر پىلنى سىغدۇرۇپ بولمايدىغۇ!

## ياخشىلىق ــ كۆڭۈلنىڭ ئايدىڭلىقىدۇر

بىر سەھرالىق كىشى شەھەرلىك بىر كىشى بىلەن دوست بولۇپ قالدى. ئۇ شەھەرگە كەلسە دوستىنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولاتتى، كۈنلەپ، ھەپتىلەپ تۇرۇپ، يەپ ـ ئىچەتتى. شەھەرلىك كىشى دوستىنىڭ ھەممە ئېھتىياجلىرىنى سۆزسىز قاندۇرۇپ، گېپىنى ئىككى قىلدۇرمايتتى. سەھرالىق دوستى ھەر قېتىم كەلگىنىدە:

ــ ئەي دوستۇم، سەن ھېچ يەرگە چىقمامسەن؟ سەنمۇ بالىچاقىلىرىڭنى ئېلىپ بىزنىڭ سەھراغا بار. باھاردا سەھرايىمىز بەك چىرايلىقلىشىپ كېتىدۇ، ــ دەپ قاتتىق ئىلتىماس قىلاتتى.

بۇنىڭغا جاۋابەن شەھەرلىك دوستىمۇ:

ــ كېلەر يىلى ئىشلاردىن، تەشۋىشلەردىن قۇتۇلسام، چوقۇم بارىمەن، ــ دەيتتى.

ئارىدىن نۇرغۇن يىللار ئۆتتى. سەھرالىق كىشى ھەر قېتىم كەلگىنىدە ئادەتتىكىدەك دوستىنىڭكىدە مېھمان بولاتتى، خوشلىشىپ كېتىۋاتقىنىدا شەھەرلىك دوستىنى قايتا ـ قايتىلاپ سەھراسىغا تەكلىپ قىلاتتى. بىر كۈنى شەھەرلىك كىشىنىڭ بالىلىرى:

ــ دادا، سەھرادىكى دوستىڭىزنى شۇنچە مېھمان قىلدىڭىز، ئۇنىڭ ئۈچۈن كۆپ زەخمەت چەكتىڭىز. ئۇلارنى ئۇنتۇپ قالماڭ، بىزنىمۇ سەھراغا ئېلىپ بېرىڭ، ــ دېيىشتى.

شەھەرلىك كىشى:

ــ بالىلىرىم، توغرا دەيسىلەر، لېكىن كىمگە ياخشىلىق قىلغان بولساڭ، شۇ كىشىنىڭ يامانلىقىدىن قورق، دېگەن گەپ بار. سەھرالىق تاغاڭلار بىلەن دوستلۇقىمىز ئاخىرقى دەرىجىگە يەتتى.

بىرەر ئىش بولۇپ، ئارىمىزنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىدىن قورقىمەن، — دېدى.

بۇ ئارىدا سەھرالىق كىشى يەنە خەۋەر ئۈستىگە خەۋەر ئەۋەتىپ، تەكلىپ قىلىۋەردى. ئاخىر، باھار كۈنلىرىنىڭ بىرىدە شەھەرلىك كىشى بالىچاقىلىرىنى ئېلىپ سەھراغا يول ئالدى. ئۇلار بىرنەچچە كۈندىن كېيىن سەھراغا يېتىپ كېلىشتى ھەمدە سوراپ يۈرۈپ دوستىنىڭ ئۆيىنى تېپىپ، ئىشىكنى قاقتى. بىراق، نېمىشقىدۇر ئىشىكنى ھېچكىم ئاچمىدى. قېرىشقاندەك شۇ ۋاقىتتا يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. ئۇستىباشلىرى ھۆل بولۇپ سۇ ئېقىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار چارىسىز قېلىپ، بىر دالدىدا پاناھلىنىپ تۇردى.

شۇ ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ يېنىدىن سەھرالىق دوستى ئۆتۈپ قالدى. ئەمما، ئۇ شەھەرلىك دوستىنى تونۇمىدى. شەھەردىن كەلگەنلەر شۇ ھالەتتە بىرنەچچە سائەت سەرسان ـ سەرگەردان بولغاندىن كېيىن، ئاخىر سەھرالىق دوستىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئەي دوستۇم، مېنى تونۇمىدىڭمۇ؟ ئۇزاقتىن بۇيان كۆرۈشمىدۇق، — دېدى.

سەھرالىق:

— ياق، تونۇيالمىدىم. ئۆزۈمنى كېچە ـ كۈندۈز ئاللاھقا بېغىشلىغانمەن، مېنىڭ ھەتتاكى ئۆز بارلىقىمدىنمۇ خەۋىرىم يوق، — دېدى.

بۇ چاغدا شەھەرلىك ئادەم:

— شەھەرگە بېرىپ، داستىخىنىم ئەتراپىدا ئولتۇرغانىدىڭ، ئايلاپ مېھمىنىم بولغانىدىڭغۇ؟ مېنى نەچچە قېتىملاپ سەھرايىڭغا تەكلىپمۇ قىلغانىدىڭ، — دەپ ھەيرانلىقىنى ئىزھار قىلدى.

سەھرالىق ئادەم:

— بىلمىدىم، سېنى تونۇيالمايۋاتىمەن، ئىسمىڭنىمۇ ئەسلىيەلمىدىم، — دېدى.

شەھەرلىك ئادەم:

— بولدى، ھەممىسى چۈشىنەرلىك. مەن بارچە ھەقلىرىمدىن ۋاز كەچتىم. پەقەت كەچ بولۇپ قالدى. بۇ يامغۇرلۇق كۈندە بىزگە بىر باشپاناھ بولغىن، تاڭ ئاتقۇزۇۋېلىپ كېتەيلى، — دېدى.

سەھرالىق كىشى سۆزىدە قاتتىق تۇرۇپ، باغ چېتىدىكى قاراۋۇل كۆلبىسىنى كۆرسەتتى ۋە:

— بۇ كۆلبىگە يېرىم كېچىدە بۆرە كىرىدۇ. ئەگەر تاڭ ئاتقۇچە كۈتەلىسەڭلار، ئاشۇ يەردە تۈنەڭلار، — دېدى.

شەھەرلىك كىشى نائىلاج رازى بولدى. ئۇ بالىلىرى بىلەن كۆلبىگە ئورۇنلاشتى ۋە قولىغا ئوقيا ئېلىپ، ئۇخلىماستىن كۆزەتتە ئولتۇردى. يېرىم كېچە بولاي دېگەندە بۆرىنىڭ شەپىسى سېزىلدى. شەھەرلىك ئادەم يانى كېرىپ، نىشانغا ئالدى ۋە بۆرىنى ئاتتى. بۆرە تۆپىلىكتىن دومىلاپ چۈشۈۋېتىپ، ئالىمقانداقتۇر ئاۋاز چىقاردى. شۇ ھامان سەھرالىق «دوست» ئۆيىدىن چىقتى ۋە ۋارقىرىدى:

— ھەي، بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ سەن ئېشىكىمنىڭ تەخىينى ئېتىپسەنغۇ!

— ياقەي... مەن بۆرىنى ئاتتىم. ئاۋازىغا قۇلاق سالمامسەن! — دېدى شەھەرلىك كىشى.

— ياق، تەخەينى ئاتتىڭ. مەن ئۇنى ئاۋازىدىن تونۇدۇم.

ئاخىر، شەھەرلىك كىشى چىدىيالمىدى:

— ھەي ھىيلىگەر، يارىماس... بۇ قاراڭغۇ كېچىدە تەخەينى تونۇيسەنۇ، مېنى نېمىشقا تونۇمايسەن؟ تۈندە تەخىينى تونۇغان ئادەم، كۈپكۈندۈزدە دوستىنى تونۇيالمايتتىمۇ؟ يەنە تېخى ئۇيالماي مەن ئۆلما

ئادەممەن، كۆڭلۈمگە ئاللاھتىن باشقا ھېچ نەرسە سىغمايدۇ، ھەتتاكى ئۆزۈمنىمۇ تونۇمايمەن دەيسىنا !؟ سەن ئەرشتىن مۇھەببەت شارابى ئەمەس، ئايران (بىر خىل ئىسپىرتلىق ئىچىملىك) ئىچىپسەن. ساڭا ئىشەنگەنىنىڭ ئۆزى كور ۋە گاستۇر، — دېدى ۋە شەھەرگە راۋان بولدى.

## ئىشق بىمارى

بىر زاماندا بىر پادىشاھ ئادەملىرى بىلەن ئوۋغا چىقىپ، يولدا بىر قىزنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئاشىق بولدى ھەمدە قىزنى نۇرغۇن پۇلغا سېتىۋېلىپ سارىيىغا كەلتۈردى. ئارىدىن ئۈچ ـ تۆت كۈن ئۆتكەندە قىزنىڭ قىزىتمىسى ئۆرلەپ كېسەل بولۇپ يېتىپ قالدى. پادىشاھ ئەنسىرەپ پۈتۈن ھەكىملىرىنى توپلىدى:

— جېنىمنىڭ جېنى كېسەل بولۇپ يېتىپ قالدى. ئۇنىڭسىز ھاياتىمنىڭ ماڭا كېرىكى يوق. كىمكى ئۇنىڭ دەردىگە دەرمان تاپسا، پۈتۈن خەزىنەمنى بەخشەندە قىلىمەن، — دېدى.

ھەكىملەر:

— قولىمىزدا ھەرقانداق كېسەللىكنى داۋالايدىغان دورىلار بار. سىز ھەرگىزمۇ ئەنسىرىمەڭ، — دېيىشتى ۋە داۋالاشنى باشلىدى.

بىراق، ھېچبىر دورا پايدا بەرمىدى. بىمار كۈندىن ـ كۈنگە سارغىيىپ، سولۇپ كېتىۋاتاتتى. ھەكىملەرنىڭ چارىسىز قالغانلىقىنى كۆرگەن پادىشاھ سەجدىگە باش قويۇپ، چىن كۆڭلىدىن ئاللاغا ئىلتىجا قىلىۋېتىپ، شۇ يەردىلا ئۇخلاپ قالدى. ئۇنىڭ چۈشىدە بىر ئەۋلىيا كۆرۈنۈپ شۇنداق دېدى: «ئەي پادىشاھ، ساڭا خۇش خەۋەر، تىلەكلىرىڭ قوبۇل بولدى. ئەتە سارىيىڭغا بىر كىشى كېلىدۇ. ئۇ بىزنىڭ تائىپىمىزدىندۇر، ئۇنى قوبۇل قىل، بىمارنى كۆرسەت !»

پادىشاھ ھاياجان بىلەن ئويغاندى ۋە ئەتىسى سەھەردە دەرۋازا ئالدىدا كۈتۈپ تۇردى. بىر چاغدا كۈتكەن ئادەم كەلدى. پادىشاھ خۇشاللىق بىلەن قارشى ئالدى.

پادىشاھ ھال ـ ئەھۋال سورىغاندىن كېيىن ئۇ ئادەمنى كېسەلنىڭ خانىسىغا ئېلىپ كىردى. ھەكىم بىمارنى ئۇزاق ۋاقىت تەكشۈردى ۋە كۆڭۈل كېسەللىكى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتتى. پادىشاھقا:

— ھەكىملەر بىمارنى قىيناپ قويۇشۇپتۇ. ھازىر ئۆيدىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى چىقىپ تۇرسۇن، بىمار بىلەن يالغۇز قالاي، — دېدى.

ئۆيدە ھېچكىم قالمىدى. ھەكىم بىمارنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ، سوراشقا باشلىدى:

— قايسى يۇرتتىنسەن؟ قېرىنداشلىرىڭ كىملەر؟ كىملەرنى بەكرەك ياقتۇرىسەن؟

قىز پۈتۈن سىرلىرىنى ئوچۇق ئېيتتى. ھەكىم بىر قولى بىلەن قىزنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ تۇرۇپ ئاڭلىدى ۋە تومۇر ئۇرۇشىنى دىققەت بىلەن تەھلىل قىلدى. چۈنكى، ھەكىم كىمنىڭ نامى ئېيتىلغاندا قىزنىڭ تومۇرى تېزلەشسە، كۆڭلىنىڭ ئىستىكى شۇ ئىكەنلىكىگە، قىزنىڭ ئۇنىڭغا ئاشىق بولغانلىقىغا جەزم قىلالايتتى. بىرنەچچە ئىسىملار سانالدى، بىرقانچە دۆلەت ناملىرى ئېيتىلدى، ئەمما تومۇر رېتىمىدا ئۆزگىرىش بولمىدى.

ئاخىرىدا سەمەرقەنت تىلغا ئېلىنغاندا، بىمار تومۇرىنىڭ تېزلىشىپ كەتكەنلىكى بىلىندى.

ھەكىم تەكرار سورىدى ۋە ئاخىر قىزنىڭ سەمەرقەنتتە بىر زەرگەرگە ئاشىق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ

يەتتى. ھەكىم تېزلا پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ قىزنىڭ دەردىنى ئېيتتى. پادىشاھ زەرگەرنى ئېلىپ كېلىپ قىزغا ئۆيلەپ قويۇشتى. قىز شۇ ھامان كېسەللىكتىن خالاس بولدى.

## سەنمۇ شېشىلەرنى سۇندۇرغانمۇ ؟

ئەتتارنىڭ ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغان بىر تۇتى قۇشى بولۇپ، ئۇنى دۇكىنىدا باقاتتى. چىرايلىق تۇتى ئەتىرگۇل مېيى بىلەن تولغان دۇكاننىڭ بۇرجىكىدە تۇرۇپ، كەلگەن ـ كەتكەن خېرىدارلارغا چىرايلىق گەپلەرنى قىلىپ، ئۇلارنى خۇشال قىلاتتى.

بىر كۈنى ئەتتار تۇتىنى دۇكاندا قالدۇرۇپ ئۆيىگە كەتتى. شۇ ئارىدا چاشقان قوغلاۋاتقان بىر مۈشۈك دۇكانغا كىردى. تۇتى مۈشۈك مېنى تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن كىردى دەپ ئويلاپ، تېزلىكتە ئۇچۇپ، تەكچىگە ئېتىلدى. ئەمما، ئويلىمىغان يەردىن ئەتىرگۇل مېيى سېلىنغان شېشىلەرنىمۇ دومىلىتىۋەتتى. تۇتى قورقۇپ، ئۇ يەردىن يەنە بىر تەكچىگە ئۇچۇۋىدى، يەنە شۇنداق ھالەت يۈز بەردى. شۇنداق قىلىپ، بارچە شېشىلەر پارچە ـ پارچە بولۇپ كەتتى. دۇكان ئەتىر ھىدىغا تولدى.

ئەتتار كېلىپ قارىسا، ھەممە ياق قالايمىقان... بارچە شېشىلەر سۇنغان، ئەتىرلىرى يەرگە تۆكۈلۈپ ياتقانىدى. بىچارە تۇتى بولسا بىر بۇرجەكتە قورقۇنچتىن دىر ـ دىر تىترەپ تۇراتتى... ئەتتار بۇ ئىشنى تۇتىدىن باشقا كىم قىلاتتى، دەپ قاتتىق تېرىكتى ۋە بىچارە تۇتىنى تۇتۇپ ئۇرۇشقا باشلىدى... تۇتى كالتەكلەندى. قورقۇنچتىن تىلى تۇتۇلدى، باشلىرىدىكى پەيلىرى تۆكۈلۈشكە باشلىدى.

بىر چاغدا ئەتتارنىڭ ئاچچىقى ياندى... سۆيۈملۈك تۇتىسىنىڭ تىلىنىڭ تۇتۇلغانلىقىنى، باشلىرىنىڭ پەيلىرى تۆكۈلۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، قىلغان ئىشىدىن پۇشايمان قىلدى. ئۇ تېۋىپلارغا مۇراجىئەت قىلدى، تۇتىغا تۈرلۈك دورىلارنى بەردى، بىراق پايدىسى بولمىدى. بىچارە تۇتى تىلسىز ھەم گاستەكلا بولۇپ قالغانىدى. تۈزىلىدىغاندەك قىلمايتتى. ئاخىر ئەتتار تۇتىنى ئۆز ھالىغا تاشلاپ قويدى.

ئارىدىن بىرنەچچە ئاي ئۆتتى. بىر كۈنى دۇكاننىڭ يېنىدىن چاچلىرى تۆكۈلۈپ، بېشى تاقىرباش بولۇپ كەتكەن بىر ئادەم ئۆتۈپ قالدى. تۇتى بۇ ئادەمنى كۆرۈپ ئۆز ـ ئۆزىگە: «بۇمۇ بىزنىڭ تائىپىدىن» دەپ ئويلاپ بىر سىلكىندى ۋە چاچسىز بېشىنى قانىتى ئارىسىدىن چىقىرىپ تىلغا كىردى:

— دوستۇم، بېشىڭ نېمىشقا تاقىرباش؟ يا سەنمۇ مەندەك ئەتىر شېشىلىرىنى سۇندۇرغانمۇ؟

## بۈگۈن كەچ ھىندىستاندا...

يەر يۈزىدىكى پۈتۈن جانلىقلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ھەزرىتى سۇلايماننىڭ يەمەندىكى سارىيىغا ساددا بىر ئادەم ئالدىراپ كىرىپ كەلدى. قاراۋۇللارغا ھايات ـ ماماتقا تاقىشىدىغان چوڭ ئىش بىلەن ھەزرىتى سۇلايمان بىلەن كۆرۈشمەكچى ئىكەنلىكىنى ئېيتقاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا رۇخسەت بېرىلدى. سۇلايمان يۈزى ئاقارغان، قورقۇنچتىن تىترەۋاتقان ئادەمدىن سورىدى:

— تىنچلىقمۇ، نېمە بولدى؟ نېمىشقا بۇنچىلىك قورقىسەن؟ دەردىڭ نېمە؟...

ھېلىقى ئادەم تىترىگەن ھالدا دېدى:

— بۈگۈن سەھەردە ئالدىمغا ئەزرائىل كەلدى. ماڭا قەھىر بىلەن قارىدى ۋە تېزلا غايىب بولدى. مېنىڭ جېنىمنى ئېلىش قارارىغا كەلگەندەك تۇرىدۇ.

— خوپ، ئۇنداقتا مېنى نېمە قىلىپ بەر دەيسەن؟

ھېلىقى ئادەم يالۋۇردى:

— ئەي جانلار قورۇقچىسى، مەزلۇملارنىڭ پاناھى سۇلايمان... سەن كۆپ ئىشقا قادىرسەن. بۆرە، قۇش، تاغۇ تاشلارنىڭ بارچىسى سېنىڭ ئەمرىڭدە. شامالنىڭغا بۇيرۇغىنكى، مېنى بۇ يەردىن يىراق ھىندىستان تەرەپلەرگە ئېلىپ كەتسۇن... بەلكىم شۇ چاغدا ئەزرائىل مېنى تاپالماسلىقى مۇمكىن. شۇنداق قىلساڭ، جېنىمنى قۇتقۇزغان بولار ئىدىڭ. مەدەت سەندىن...

سۇلايمان بۇ ئادەمنىڭ ئەھۋالىغا ئىچىندى ۋە شامالنى چاقىرىپ:

— بۇ ئادەمنى دەرھال ھىندىستانغا ئاپىرىپ تاشلاپ قويۇپ كەل، — دەپ بۇيرۇق بەردى.

شامال شۇ زامانلا شىددەت بىلەن كۆچىيىپ، ئۇ ئادەمنى ھىندىستاننىڭ يىراق بىر بۇرجىكىگە يەتكۈزۈپ قويدى.

پېشىنگە يېقىن ھەزرىتى سۇلايمان ساراي ئەھلىنى يىغىپ، ئەرزگە كەلگەنلەر بىلەن مۇلاقىتىنى باشلىدى. بىر چاغدا قارىسا، ئەزرائىلمۇ جامائەت ئىچىدە ئولتۇرغۇدەك.

سۇلايمان ئۇنى ئىتتىكلا يېنىغا چاقىرىپ:

— ئەي ئەزرائىل، سەھەردە نېمىشقا ئۇ ئادەمگە غەزەپ بىلەن قارىدىڭ؟ نېمىشقا ئۇ بىچارىنى قورقۇتتۇڭ؟ — دەپ سورىدى.

ئەزرائىل جاۋاب بەردى:

— ئەي دۇنيانىڭ ئۇلۇغ سۇلتانى... مەن ئۇ ئادەمگە غەزەپ بىلەن ئەمەس، ھەيرانلىق بىلەن قارىدىم. ئۇ ناتوغرا چۈشىنىپ، قورقۇپ كەتتى. مەن ئۇنى بۇ يەردە كۆرۈپ ھەقىقەتەن ھەيران قالدىم. چۈنكى، ئاللاتائالا ماڭا: «قېنى بارغىن، ئۇ ئادەمنىڭ جېنىنى ھىندىستاندا ئالغىن» دەپ بۇيرۇق بەرگەنىدى.

ئۇنى كۆرۈپ، بۇ ئادەمنىڭ يۈز قانىتى بولسىمۇ بۈگۈن كەچكىچە ھىندىستانغا يېتىپ بارالمايدۇ، بۇ قانداق بولىدى، دەپ تەئەججۈپلىنىپ قارىدىم. مەن ئاللانىڭ بۇيرۇقىنى ناتوغرا چۈشەندىممىكىن، دەپ ئەنسىرەشتە ئىدىم. ئۇنىڭغا قارىشىمنىڭ سەۋەبى مانا شۇ. كېيىن ھىندىستانغا بېرىپ، ئۇنى ئاشۇ يەردىن تاپتىم ۋە جېنىنى ئېلىپ قايتتىم.

## تىلشۇناس ۋە قېيىقچى

بىر كۈنى مەغرۇر ئالىم ساھىلدا تۇرغان قېيىققا چىقىپ نەرىقى قىرغاققا ئۆتمەكچى بولدى ۋە ساھىلدا يولۇچى كۈتۈپ تۇرغان قېيىقچىلاردىن بىرسىگە قارىدى. قېيىق يېقىنلاشتى. ئالىم قېيىققا ئولتۇردى. دېڭىزنى تاماشا قىلىپ كېتىۋاتقان ئالىم قېيىقچىدىن سورىدى:

— سەن نەھۋى (گىراماتىكا) ئوقۇغانمۇ؟

— ياق، مەن ساۋاتسىز بىر قېيىقچىمەن.

ئالىم:

— ئەپسۇس، ناھايىتى خاپا بولدۇم. دېمەك، يېرىم ئۆمرۈڭ بىھۇدە ئۆتۈپ كېتىپتۇ، — دەپ ئېچىنىپ قېيىقچىغا قارىدى.

دەل شۇ چاغدا بوران چىقىشقا باشلىدى. كېيىن قېيىق دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا چايقىلىشقا باشلىدى. قېيىقچى پۈتۈن كۈچى بىلەن خەۋپتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلغان بولسىمۇ، ئەمما بوران بارغانسېرى كۈچىيىپ كەتتى. قېيىق بولسا چۆكۈپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كەلدى. مۇشۇ جىددىي پەيتتە

قېيىقچى قورقۇنچتىن دىر - دىر تىترەۋاتقان ئالىمدىن سورىدى:
— ئەي ھەر ئىشنى بىلگەن ئالىم دوستۇم، سۇ ئۈزۈشنى بىلەمسىز؟
— ياق، — دېدى ئالىم. بۇ جاۋابنى ئاڭلىغان قېيىقچى:
— ئەپسۇس، سىز ئۆمرىڭىزنى بىھۇدە سەرپ قىپسىز. ھازىر پۈتۈن ئۆمرىڭىز قولدىن كەتتى. چۈنكى، بىرئازدىن كېيىن قېيىقىم چۆكۈپ كېتىدۇ. ياخشى بىلىڭكى، بۇ يەردە ھازىر نەھۋى (گىراماتىكا) ئەمەس، مەھۋى (يوقىلىش) ئىلمى لازىم. ئەگەر مەھۋى (يوقىلىش) ئىلمىنى بىلسىڭىز، قورقماستىن دېڭىزغا سەكرەڭ! — دېدى.

## ئۈۋىغا چىققان ئۈۋۈلانغاي

ئارسلان، بۆرە، تۈلكە قاتارلىقلار قەدىناسلاردىن بولۇشتى ۋە ئوۋ قىلىش ئۈچۈن ئورمانلىققا بېرىشتى. كەچكە قەدەر ئۆكۈز، ئۆچكە ۋە بىر توشقاننى ئوۋلىغان ئۈچ قەدىناس ئولارنى سۆرەپ غارغا ئېلىپ كېلىشتى. ئاندىن داستىخان ئەتراپىدا ئولتۇرۇشتى. ئارسلان بۆرىگە يۈزلىنىپ:
— ئەزىز دوستۇم، بۇ ئولجىلارنى شۇنداق تەقسىملىگىنكى، قورسىقىمىز تويسۇن، — دېدى. بۆرە ئۇلۇشلەرنى تەقسىملەشكە باشلىدى:
— ئەي ئۇلۇغ سۇلتانىم، بۇ كاتتا ئۆكۈز سىزنىڭ ئۇلۇشىڭىز. چۈنكى، سىز ئەڭ كاتتىدۇرسىز.. ئەمدى رۇخسىتىڭىز بىلەن مانا بۇ ياۋايى ئۆچكە مېنىڭكى بولسۇن. دوستۇم تۈلكە سېمىز توشقانلارنى ياخشى كۆرىدۇ، توشقان ئۇنىڭكى...
ئارسلان بۇ ئىشتىن قاتتىق خاپا بولۇپ:
— سەن ئۆزۈڭنى كىم دەپ ئويلاپ قالدىڭ؟... ئۇنتۇمىغىنكى، سەن ئورمانلىقنىڭ شاھىنىڭ ئالدىدا. سېنىڭ ماڭا ئۇلۇش بۆلۈپ بەرگۇدەك سالاھىيىتىڭ بارمۇ ؟ — دەپ بۆرىگە قاتتىق زەربە بەردى. بىچارە بۆرە يەردە سوزۇلۇپ يېتىپ قالدى.
ئاندىن ئارسلان قورقۇنچتىن دىر - دىر تىترەۋاتقان تۈلكىگە يۈزلەندى:
— نېمىگە قاراپ تۇرىسەن!؟ ئولجىلارنى سەن تەقسىملە!
پالاكەتنى سېزىپ تۇرغان تۈلكە ئورنىدىن تۇرۇپ، تەزىم قىلىپ شۇنداق دېدى:
— ئەي ئۇلۇغ سۇلتانىم... ئۇلۇش تەقسىملەش مېنىڭ ھەققىم ئەمەس، ئەمما سىز مۇناسىپ كۆرگىنىڭىز ئۈچۈن سۆزلەيمەن. توشقان سىزنىڭ ناشتىلىقىڭىز، ئۆچكە چۈشلۈكىڭىز بولسا قورسىقىڭىزغا ئارام بولىدۇ. ئۆكۈزنى بولسا كەچقۇرۇن يەيسىز، — دېدى.
ئارسلان ناھايىتى خۇرسەن بولدى ۋە تۈلكىدىن سورىدى:
— بۇنداق ئاقىلانە تەقسىماتنى قەيەردىن ئۆگەندىڭ؟
تۈلكە بويىنىنى ئېگىپ، جانسىز ياتقان بۆرىگە قاراپ قويدى ۋە:
— مانا بۇ ئۆزىنى بىلمىگەن بۆرىنىڭ ھالىدىن... — دەپ جاۋاب بەردى.

## قەزۋىنلىك بىلەن رەسسام

قەزۋىنلىكلەرنىڭ كونا بىر ئادىتى بار. تەنلىرىگە، قول ۋە يەلكىلىرىگە يىڭنە بىلەن كۆك نەقىشلەرنى سىزدۇراتتى.

بىر قەزۋىنلىك تېرىگە رەسىم سىزدۇرغان رەسسامنىڭ ئالدىغا كېلىپ:
— كۆكسۈمگە يېڭنە بىلەن بىر رەسىم چېكىپ قوي، ئەمما جېنىم ئاغرىمىسۇن، — دېدى.
— خوپ، نېمىنىڭ رەسىمىنى سىزاي؟ — دېدى رەسسام.
— مەن ئارسلان يىلى تۇغۇلغان، ھۆركىرەۋاتقان بىر ئارسلاننىڭ رەسىمىنى سىز. تېزرەك بول، ئەمما رەسىم ياخشى چىقسۇن.
— ماقۇل، — دەپ قەزۋىنلىكنىڭ كۆكسىگە يېڭنە سانجىشقا باشلىدى رەسسام. جېنى ئاغرىغان قەزۋىنلىك:
— ھەي ئۇستا ! ... نېمە قىلىۋاتىسەن، جېنىمنى ئاغرىتتىڭغۇ! — دەپ ۋارقىرىدى.
— قانداق قىلاي، ئارسلاننىڭ رەسىمىنى چەك، دېدىڭ، ئۇنىڭ رەسىمىنى سىزىۋاتىمەن.
— قەيېرىدىن باشلىدىڭ؟
— قۇيرۇقىدىن باشلىدىم.
— سىزمايلا قوي قۇيرۇقىنى، بەك ئاغرىۋاتىدۇ. مېنىڭ ئارسلانىم قۇيرۇقسىز بولسۇن!
ئۇستا «بولىدۇ» دەپ ئىشىنى داۋام قىلدى.
— ۋاي، بەك ئاغرىدى، بۇ قەيىرى؟
— قۇلىقى.
— بولدى، قۇلاقسىز بولسۇن. قۇلاقنىمۇ سىزما.
رەسسام باشقا بىر يېرىدىن باشلىدى. قەزۋىنلىك پەرياد كۆتۈردى.
— قەيېرىنى سېزىۋاتىسەن؟
— گەۋدىسىنى.
— بولدى قىل، مېنىڭ ئارسلانىم گەۋدىسىز بولسۇن، بەك قاتتىق ئاغرىتتىڭ. بۇ ھالدا ھوشۇمدىن كېتىمەن.
رەسسامنىڭ سەۋر قاچىسى تاشتى. ئۇ قولىدىكى يېڭنىنى قويۇپ دېدى:
— مەن سەندەك ئادەمنى كۆرمىگەن. قۇيرۇقسىز، قۇلاقسىز، گەۋدىسىز ئارسلانمۇ بولامدۇ؟ ئاللاتائالا بۇنداق ئارسلان ياراتمىغان، قېنى يولۇڭدىن قالما !
رەسسام قەزۋىنلىكنى دۇكاندىن ھەيدەپ چىقاردى.

## ناماز ئوقۇۋېتىپ پاراڭلاشقان ھىندىلار

تۆت نەپەر مۇسۇلمان ھىندى مەسچىتتە ناماز ئوقۇشقا باشلاشتى. بىر چاغدا ئىچكىرىگە مۇئەززىن كىردى. ئىبادەت ۋاقتىدا گەپلىشىش، ئوڭ ـ سولغا قاراش ناماز قائىدىلىرىگە توغرا كەلمەيتتى. ئەمما، ئۇلاردىن بىرسى يېنىدىكى دوستىدىن سورىدى:
— مۇئەززىن ئەزان ئېيتمىدىغۇ؟
دوستى ناماز ئوقۇپ تۇرۇپ ئۆزىنى تۇتالماي جاۋاب بەردى:
— جىم تۇر، نامازدا گەپلەشسە بولمايدۇ! نامىزىڭ بۇزۇلىدۇ.
ئۈچىنچى ھىندى ئىككىنچىسىگە تەنبىھ بەردى:

— نېمىشقا گەپكە ئارىلىشىسەن؟ ئەسلىدە ئۆزۈڭگە قارا. سەنمۇ گەپ قىلدىڭ، دېمەك، سېنىڭمۇ نامىزىڭ بۇزۇلدى.

تۆتىنچىسى لوقما تاشلىدى:

— نامىزىڭلار بۇزۇلدى. خۇداغا شۈكۈركى، مەن جىم تۇردۇم.

ئەسلىدە بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ نامىزى بۇزۇلغانىدى.

## قېرىلىقتىن

ياشانغان بىر ئادەم كېسەل بولۇپ قالدى، قولۇم - قوشنىلار تېزلىك بىلەن تېۋىپ چاقىردى. تېۋىپ بىمارنىڭ تومۇر سوقۇشىنى تەكشۈردى، قىزىتمىسىنى ئۆلچىدى، يۈرەك رىتىمىنى تىڭشىدى. بىر ئازدىن كېيىن بىماردىن:

— نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى.

— ئاھ، سورىماڭ، تېۋىپ! ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىم تۆۋەنلەپلا كەتتى.

— بۇنىڭدىن تەشۋىشلىنىشنىڭ ھاجىتى يوق. قېرىلىقتىن شۇنداق بولغان، — دېدى تېۋىپ.

— كۆز ئالدىم قاراڭغۇلىشىدۇ، بەزىدە كۆرمەي قالىمەن.

— ئۇمۇ تەبىئىي ئەھۋال، قېرىلىقتىن.

— ئاھ، تېۋىپ، يېگەن تامىقىم ھەزىم بولمايۋاتىدۇ.

— ئاشقازان ئاجىزلىقى ھەم قېرىلىقتىن.

— بەزىدە نەپەسىم قىستايدۇ. بۇمۇ قېرىلىقتىنمۇ؟

— ھەئە، ئۇمۇ قېرىلىقتىن ! ئىنسان قېرىغىنىدا يۈز خىل دەردى، شىكايىتى بولىدۇ.

بىمار قاتتىق تېرىكتى:

— قانداق تېۋىپسەن؟ باشقا گېپىڭ يوقمۇ؟ ساڭا پەقەت شۇنىلا ئۆگىتىشكەنمۇ؟ ئالال ھەر بىر دەردكە دەرمان بەرگەن، شۇنى بىلمەمسەن؟

تېۋىپ سالماق بىر تەرزدە جاۋاب بەردى:

— ئەي يېشى بىر يەرگە بارغان، ئىشى پۈتۈپ قالغان ئىنسان، بۇ تېرىكىش بىلەن قەھر - غەزەپمۇ قېرىلىقتىندۇر...

## ئۆزىنى ساراڭ كۆرسەتكەن ئاقىل

بىر ئادەمنىڭ «ئەقىللىك ئادەم ئىزدەۋاتىمەن، بىر مەسىلىدە ئۇنىڭدىن مەسلىھەت ئالماقچىدىم» دەپ سوراۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان بىر كىشى ئۇنىڭغا:

— بىزنىڭ شەھەردە ساراڭلاردەك ئىش قىلىپ يۈرگەن بىر كىشى بار، تاياقنى ئات قىلىپ مىنىدۇ، باللار بىلەن ئوينايدۇ. ئەمما، ئەڭ ئاقىل ئادەم شۇ. ئۇ ساراڭ ھالىتىگە كىرگەن ئالىم كىشىدۇر، — دېدى. بۇ گەپنى ئاڭلىغان ھېلىقى كىشى ئاشۇ شەھەرگە كەتتى ۋە سوراپ يۈرۈپ «ساراڭ»نى تاپتى:

— ئەي «ئات» مىنگەن ئادەم، «ئات»ىڭنى بىر دەقىقە بىر تەرەپتە توختات ! — دەپ توۋلىدى. «ساراڭ» يۈگۈرۈپ كېلىپ:

— تېزرەك سۆزلە، «ئات»ىم بەك شاش، تېپىدۇ، — دېدى.
— ئۆيلەنمەكچىدىم، قانداق قىزنى تاللىسام بولار؟

«ساراڭ» مۇنداق دېدى:

— دۇنيادا ئۈچ خىل ئايال بار. بىرسى دەرد، ئىككىنچىسى مېھنەت، ئۈچىنچىسى زىننەت. بىرىنچىسى ساڭا ئەسلا يار بولماس؛ ئىككىنچىسىنىڭ يېرىمى سېنىڭكى، يېرىمى ساڭا مەنسۇپ بولمايدۇ؛ ئۈچىنچىسى بولسا ساڭا ۋاپالىق بولىدۇ.

— توختا، ئالدىرىما، خۇدا ساڭا رەھمەت قىلسۇن! بۇ گېپىڭنى ياخشىراق چۈشەندۈر! بۇ ئۈچ تۈرلۈك ئاياللار كىملەر؟

«ساراڭ» «ئات»ىنىڭ «يۈگەن»ىنى تارتىپ، مۇنداق جاۋاب بەردى:

— بىرىنچىسى، بالىلىق تۇل خوتۇندۇر. ئۇ پۈتۈن دىققىتىنى بىرىنچى ئېرىدىن بولغان پەرزەنتىگە قارىتىدۇ. خىيالىدا بالىسى بىلەن بۇرۇنقى ئېرى بولىدۇ؛ ئىككىنچىسى بالىسىز تۇل خوتۇن بولۇپ، يېرىمى سېنىڭكى، يېرىمى ئالدىنقى ئېرىنىڭكىدۇر؛ ئۈچىنچىسى، يۈزى ئېچىلمىغان قىز، ئۇ پۈتۈنلەي ساڭا مەنسۇپ بولىدۇ.

«ساراڭ» بۇلارنى ئېيتقاندىن كېيىن «ئات»نى مىنىپ بالىلار ئارىسىغا كېتىۋاتقاندا، ھېلىقى ئادەم ئۇنى يەنە توختىتىپ:

— ئەي ئۇلۇغ ئىنسان! يەنە بىر سوئالىم بار، جاۋاب بېرىپ ئاندىن ماڭغىن، — دېدى.

— نېمە دەيسەن؟ ۋاقتىم قىس. بالىلار بىلەن ئويناشقا كېچىكىپ قېلىۋاتىمەن.

— شۇنچىلىك ئەقىل - پاراسەت ئىگىسى ئىكەنسەن. نېمىشقا ئۆزۈڭنى ساراڭدەك كۆرسىتىپ يۈرىسەن؟

ياشانغان ئالىم مۇنداق جاۋاب بەردى:

— ھاكىم مېنى شەھەرگە قازى قىلىش قارارىغا كەلدى. رەت قىلسام، قوبۇل قىلمىدى. سەندىن ئاقىلراقىنى تاپالمايۋاتىمىز، دېيىشتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۆزۈمنى ساراڭ، ئەقلىدىن ئازغان قىلىپ كۆرسىتىۋاتىمەن. قازى بولغاندىن كۆرە، ساراڭ بولغان ئەۋزەلدۇر!

## گاسنىڭ بىمارنى زىيارەت قىلىشى

ئاق كۆڭۈل بىر گاس ئادەم كېسەل قوشنىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالماقچى بولدى. ئۆزىچە: «قوشنام كېسەل ئىكەن. ئۇنى بېرىپ كۆرۈشۈم، ھال - ئەھۋالىنى سورىشىم كېرەك، ئەمما مەن گاس، ئۇ بولسا ئاغرىق، ئاۋازى چىقىراق چىقمايدۇ. لېكىن، كېسەلدىن ئادەتتىكى سوئاللار سورىلىدۇ ۋە مەلۇم جاۋاب ئېلىنىدۇ. مەن «قانداقراقسىز ؟» دېسەم، ئۇ «ياخشى، رەھمەت» دەيدۇ. «قانداق تاماق يەۋاتىسىز؟» دەپ سورايمەن، چوقۇم بىر تائامنىڭ نامىنى ئېيتىدۇ. مەن بولسام «ئۇ ياخشى تاماق، سىڭسۇن» دەيمەن. تېۋىپلاردىن كىم كېلىۋاتىدۇ، دېسەم، بىرەر تېۋىپنىڭ ئىسمىنى ئېيتىدۇ... مەن ئۇنىڭغا «ئۇ ياخشى تېۋىپ» دەيمەن، دەپ ئويلىدى.

شۇنىڭ بىلەن كېسەلنىڭ يېنىغا كىردى ۋە ئۇنىڭ باش تەرىپىدە ئولتۇردى:

— ياخشىمۇسىز؟ — دەپ ئەھۋال سورىغان بولدى. كېسەل ئىڭرىغان ھالدا:

— ئۆلەي دەۋاتىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىشى بىلەن گاس ئادەم:

— ۋاي، ۋاي، بەك خۇشال بولدۇم، — دېدى.
بىمار:
«بۇ قانداق گەپ؟ بىراۋنىڭ ئۆلۈمىگىمۇ خۇشال بولامدۇ؟» دەپ ئويلاپ غەزەپلەندى.
گاس يەنە سورىدى:
— نېمە يەۋاتىسىز؟
بىمار ئاچچىق قىلىپ:
— زەھەر! — دېدى.
گاس ئۇنىڭ ئېغىزىنىڭ مىدىرلىشىدىن بىر تائامنىڭ نامىنى ئېيتقانلىقىنى ئويلاپ:
— ئۇ ياخشى تاماق، سىڭسۇن! — دەپ جاۋاب قايتۇردى.
كېسەل ئاچچىقتىن خۇدىنى يوقاتقۇدەك بولدى.
گاس ئادەم سوراشنى داۋام قىلدى:
— داۋالاش ئۈچۈن تېۋىپلەردىن كىم كېلىۋاتىدۇ؟
— قېنى يوقال بۇ يەردىن! ئەزرائىل كېلىۋاتىدۇ! — دەپ جاۋاب بەردى بىمار. گاس:
— ناھايىتى بىلىمدان، تەجرىبىلىك تېۋىپ ئۇ. خۇدا خالىسا، پات ئارىدا بىر تەرەپ بولغۇدەكسىز، — دېۋىدى، كېسەل چىدىيالماي:
— يوقال ! — دەپ ۋارقىرىدى.
گاس بولسا قوشنىلىق ھەققىنى ئادا قىلغانلىقىدىن ناھايىتى خۇرسەن بولۇپ خەيرلەشتى.

## كۆڭۈل ئەينىكى

سۇلتان سارىيىدا ختا (كىدان، قىتان) رەسساملىرى:
— بىز تۈرك رەسساملىرىدىن ناھايىتى ئىلغار ۋە ماھىر، — دەپ كۆرەڭلەشتى. بۇنىڭغا جاۋابەن تۈرك رەسساملىرى:
— ياق، بىز ئۇلاردىن يۇقىرىراقمىز. بىزنىڭ سەنئىتىمىز يۈكسەك، — دەپ بۇ دەۋاغا قارشى چىقىشتى. بۇ مۇنازىرىدىن خەۋەر تاپقان سۇلتان رەسساملاردىن ئىمتىھان ئالىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىپ:
— ھەر ئىككى ئەل رەسساملىرى تەييارلانسۇن، بىر - بىرىگە قارايدىغان ئىككى خانىغا چىقىرىلسۇن ! — دېدى.
ختا رەسساملىرى ئۆزلىرىگە بېرىلگەن خانىنىڭ تاملىرىنى تۈرلۈك رەڭلىك رەسىملەر بىلەن بېزىدى. تۈرك رەسساملىرى بولسا ختا رەسساملىرى رەسىم سىزغان خانىنىڭ قارشىسىدىكى ئۆزلىرىنىڭ تاملىرىنى پەقەت سۈپەتلەپ، ئەينەكتەك يالتىراتتى. بۇ چاغدا ختاي رەسساملىرى سىزغان رەسىملەر تۈرك رەسساملىرىنىڭ خانىسىنىڭ تاملىرىدا يەنىمۇ كۆركەم بىر كۆرۈنۈشتە ئەكس ئەتتى.
سۇلتان ئالدى بىلەن ختالىق رەسساملارنىڭ خانىسىغا كىردى، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى ياقتۇردى، ئاندىن تۈرك رەسساملىرىنىڭ خانىسىغا كىرگەن چاغدا، خۇددى تېخىمۇ يارقىن، تېخىمۇ گۈزەل

رەسىملەرنى كۆرۈپ، تۈرك رەسساملىرىنى تەقدىرلىدى.

شۇنداق قىلىپ، تۈرك رەسساملىرى رەسىم سىزماستىن، پەقەت خىتا رەسساملىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى مەغبىر هۈنەر بىلەن جۇلالاندۇرۇپ، تامدا ئەكس ئەتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن تارتۇقلاندى.

## دەرۋىش ۋە مۇتتەھەم خىزمەتچى

بىر دەرۋىش ساياھەتكە چىقتى. ئۇ ئايلىنىپ يۈرۈپ دەرۋىشلەرنىڭ خانىقاسىدىن قونالغۇ تاپتى.

خىزمەتچىلەر ئۇنىڭ ئېشىكىنى ئېغىلغا باغلىدى، دەرۋىشنىمۇ خانىقانىڭ تۆرىگە ئۆتكۈزدى. ئەھمىيەتلىك سۆھبەت بولدى، كېيىن داستىخان يىغىلدى. دەرۋىش شۇ چاغدا ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغان، جاپاكەش ئېشىكىنى ئەسلىدى ۋە خىزمەتچىگە ئېشىكىنى ياخشى پەرۋىش قىلىپ، ئۇنىڭغا يەم بېرىشنى ئېيتتى. خىزمەتچى:

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ بۇ مېنىڭ ۋەزىپەم، پەرۋىشمۇ قىلىمەن، ئارپىمۇ بېرىمەن، — دېدى.

دەرۋىشنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم بولالماي:

— ئەيىبكە بۇيرۇما، ئۇ سېنىڭ ئىشىڭ ئىكەنلىكىنى بىلىمەن. پەقەت ئېشىكىم بىر ئاز قېرىپ قالغان، چىشلىرىمۇ ساغلام ئەمەس. ئاۋۋال ئارپىنى يۇمشىتىپ، ئاندىن ئۇنى سامان بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ بەر! — دېدى.

خىزمەتچى يەنە:

— ئەلۋەتتە، ئۇ مېنىڭ ۋەزىپەم، — دېدى.

قىسقىسى، دەرۋىش قايسى ۋاقىتتا ئىش بۇيرۇسا، خىزمەتچى «ئەلۋەتتە»نى قايتا - قايتا ئېيتتى، ئەمما ئېشەككە سامانمۇ، بىر ئۇچ ئارپىمۇ بەرمىدى. بىچارە ئېشەك ئاچ، ئۇسسىغان ھالدا قالدى. دەرۋىش بولسا خىزمەتچىدىن كۆڭلى توق، خاتىرجەم ئۇيقۇغا كەتتى.

دەرۋىش كېچىسى چۈشىدە ھەددىدىن ئاشقان بىر بۆرىنىڭ ئېشىكىگە ھۇجۇم قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى ۋە شۇ زامانلا كۆزىنى ئاچتى ۋە «ئۇھ! چۈشۈم ئوڭدىن كەلسۇن!» دەپ يەنە ئۇيقۇغا كەتتى. بۇ قېتىم ئېشىكىنىڭ يىتىپ قالغانلىقىنى كۆردى. شۇ ھالەتتە تۈننى مەغبىر ۋەسۋەسە بىلەن ئۆتكۈزدى.

تاڭ سەھەردە خىزمەتچى ئېشەكنى ئەسلەپ ئېغىلغا باردى. قارىسا، ئېشەك ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقتىن يىقىلىپ، سۇنايلىنىپ ياتاتتى. خىزمەتچى قولىغا تاياق ئېلىپ ئېشەكنى ئۇرۇشقا باشلىدى. ئېشەك ئارانلا ئورنىدىن تۇردى. خىزمەتچى تېزلا ئېشەكنىڭ توقۇمىنى توغرىلاپ، تۆشىنى باغلىدى. ئاندىن خانىقا ئالدىغا ئېلىپ باردى. دەرۋىش ساھىبخانىلار بىلەن خەيرلەشتى، ئاندىن ئېشىكىنى نىقتىدى.

ئېشەك بىر ئاز يورغىلىغاندىن كېيىن دەلدۇگۇنۇپ يىقىلدى. كۆرگەنلەر يۈگۈرۈپ كېلىپ دەرۋىشنىمۇ، ئېشىكىنىمۇ تۇرغۇزدى. ئەمما، ئېشەك يەنە يىتىۋالدى. كىمدۇر بىرسى ئېشەكنىڭ بويىنىدىن تارتتى، كىمدۇر بىرسى قۇلىقىنى سوزدى. پايدىسى بولمىدى... دەرۋىشكە:

— بۇ قانداق ئىش؟ ئېشىكىڭىزنىڭ بىر دەردى بار ئوخشايدۇ، شۇڭا يىتىۋالدى، — دېدى.

دەرۋىش ئىشنىڭ تېگىنى چۈشەندى ۋە دېدى:

— پۇتۇن كېچە «ئەلۋەتتە...» يېگەن ئېشەك ماڭسا شۇنچىلىك ماڭىدۇ - دە! ئۇزۇقى كېچىسى «ئەلۋەتتە...» بولسا، تەسبىھ ئېيتىپ چىقسا، كۈندۈزى مانا شۇنداق سەجدە قىلىشى ئېنىق ئەمەسمۇ؟...

## زالىمنىڭ خەيرى ...

جۈمە كۈنلىرىنىڭ بىرىدە پادىشاھ مەسچىتكە قاراپ ماڭىدى. لەشكەرلەر كوچىدا توپلانغان خەلققە بىر تەرەپتىن «يول بوشىتىڭلار!» دەپ ۋارقىراپ، يەنە بىر تەرەپتىن تېپىپ، تاياق بىلەن ئۇرۇپ، يول ئېچىۋاتقانىدى. ئاجىز بىر كەمبەغەل لەشكەرلەردىن ئون دەررە يېدى. بېشى، كۆزى قانغا بويالدى ۋە ئاغرىققا چىدىيالماي پادىشاھنىڭ ئارقىسىدىن قوللىرىنى ئېچىپ شۇنداق ۋارقىرىدى:
— قىلغان ئاشكارا زۇلۇمىڭنى قارا، ئاللا ساقلىسۇن. مەسچىتكە كېتىۋېتىپسەن، بەلكىم ياخشى ئىش قىلىۋاتىمەن دەپ ئويلاۋاتقانسەن. ياخشى ئىشىڭ شۇ بولسا، يامانلىقىڭ قانچىلىككىن، كىم بىلەر؟

## كەمپىر بىلەن شەيتان

يۈزىنى قورۇق باسقان، يېشى توقسانلاردىن ئاشقان بىر كەمپىر قايتا ئەرگە تېگىش سەۋداسىغا چۈشتى ۋە ئەينەك ئالدىدا ئولتۇرۇپ يۈزىنى بويىدى. ئەمما، پۈرۈشكەن يۈز بوياق تۇتمايتتى، شۇڭا ئۇ قورۇقلارنى يوشۇرۇش ئۈچۈن قۇرئان كەرىم سەھىپىلىرىدىكى زەر ھەللەرنى ئېلىپ يۈزىگە يېپىشتۇردى. ئەمما، زەر ھەللەرمۇ تۆكۈلۈپ كەتتى. ئۇلارنى تۆكۈرۈكى بىلەن مەڭزىلىرىگە قايتىدىن يېپىشتۇردى، يەنە تۆكۈلدى. بۇ چاغدا ئۇ:
— خەپ سېنى كور شەيتان، لەنەت بولسۇن ! — دەپ غودۇڭشىدى. بۇنى ئاڭلىغان شەيتان تېزلا كەمپىرنىڭ كۆزىگە كۆرۈنۈپ، شۇنداق دېدى:
— ئەي شۇم كەمپىر ... سېنىڭ بۇ قىلىقىڭ ئۆمرۈمدە مېنىڭ خىيالىمغىمۇ كەلگەن ئەمەس. قۇرئاندىكى زەر ھەللەرنى ئېلىپ يۈزىگە چاپلاش كىمنىڭمۇ ئەقلىگە كەلدى؟ نېمىشقا مېنى ئەيىبلەيسەن؟ سەن ھىيلە ۋە ياۋۇزلۇقتا يۈز شەيتانغا دەرس بېرىسەن. ماڭا تۆھمەت قىلما...

## ئادالەت مۇشتى

بىر بىمار تېۋىپقا:
— تومۇر سوقۇشۇمنى تەكشۈرۈپ، كېسىلىمنى ئېنىقلاپ باقسىڭىز، — دېدى.
تېۋىپ بىمارنى تەكشۈرۈپ كۆردى. ئۇنىڭ ئۆلۈمى يېقىنلىشىپ قالغان بولۇپ، قىلچە ئۈمىد يوق ئىدى. شۇڭا، ئۇ بىمارغا:
— كەتكىن، كۆڭلۈڭ نېمىنى خالىسا، شۇنى قىل. پەرھىزگە ئېھتىياج يوق، — دېدى.
بىمار خۇرسەن ھالدا كۆڭلىنىڭ خاھىشىغا ئاساسەن دەريا بويىغا باردى. قارىسا، بىر دەرۋىش يۈز - قولىنى يۇيۇۋاتقانىكەن. ئۇنىڭ تاقىر بېشىنى كۆرۈشى بىلەن بىر شاپىلاق سالغۇسى كېلىپ كەتتى.

ئەسلىدە تېۋىپمۇ: «كۆڭلۈڭ نېمىنى خالىسا، شۇنى قىل» دېگەن ئەمەسمۇ؟ شۇنداق قىلمىسا، كېسىلى ئېغىرلىشىدۇ. شۇڭا، ئۇ قولىنى كۆتۈرۈپ، تاقىر باشقا بىر تەستەك سالدى. دەرۋىش ئاچچىقلانىدى ۋە ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ بىمارغا مۇشت بىلەن جاۋاب بەرمەكچى بولدى. ئەمما، دىققەت بىلەن قارىسا، تېرىسى سۆڭەككە چاپلىشىپ قالغان بىر جەسەت... بىرنى سالسىلا يىقىلىپ ئۆلىدۇ. شۇڭا، ئۇ تەگمىدى، ئەمما بىمارنى قازىنىڭ ھوزۇرىغا ئېلىپ بېرىپ، شىكايىتىنى ئېيتتى:

— بۇ ئادەم ھېچبىر سەۋەبسىز مېنى ئۇردى، ئۇنىڭغا جازا بېرىشىڭىزنى سورايمەن!

قازى بىردە دەرۋىشكە، بىردە بىمارغا قارىدى. بىمارنىڭ ئۆرە تۇرغۇدەك ھالى يوق ئىدى... ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىدى ۋە شىكايەتچىگە:

— كۆرمەيۋاتامسەن، بۇ ئادەمنىڭ تېرىسى سۆڭەككە يېپىشىپ قاپتۇ، بۇنداقلار ئۆلۈك ھېسابلىنىدۇ. مەن تىرىكلەرگە ھۆكۈم چىقىرىمەن. شۇڭا، بۇ دەۋايىڭدىن ۋاز كەچ، — دېدى.

دەرۋىش دەۋاسىدا قەتئىي چىڭ تۇردى:

— مېنىڭ ھېچبىر گۇناھىم يوق. ئەمما، ئۇنىڭ ئۇرغىنى ئېنىق. ئۆلۈك بولسۇن، تىرىك بولسۇن، مەن ئادالەت ئىزدەيمەن ! — دېدى.

قازى:

— ياخشى، ئۇنداق بولسا، — دېدى ۋە بىمار ئادەمدىن سورىدى، — ئاز بولسىمۇ پۇلۇڭ بارمۇ؟

بىمار جاۋاب بەردى:

— ئالتە دىرھەم پۇلۇم بار. باشقا ھېچ نەرسەم يوق.

قازى ھۆكۈم چىقاردى:

— ياخشى، ئۈچ دەرھىمى ئۆزۈڭدە قالسۇن. ئۈچ دەرھىمىنى بۇ ئادەمگە بەر. ئۇ بىچارىمۇ يوقسۇل...

بىمار قازىنىڭ بۇ ھۆكمىگە قاتتىق غەزەپلەندى ۋە قازىنىڭمۇ تومشۇقىغا بىر مۇشت ئاتقۇسى كەلدى. ئەگەردە بىر تەستەكنىڭ جازاسى ئۈچ دىرھەم بولسا، قالغان ئۈچ دىرھەمنىمۇ قازىغا بېرىمەن، دەپ ئويلىدى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ قازىنىڭ تومشۇقىغا قارىتىپ بىر مۇشت ئاتتى.

قازى غەزەپ بىلەن چاچراپ ئورنىدىن تۇردى. بۇ چاغدا بىمار ئادەم:

— قازى جانابلىرى، نېمىگە تاتىرىسىز؟ سىزنىڭ ھۆكۈمىڭىز ئادالەتكە تايانىدۇ. ئۆزىڭىز ئۇچۇن راۋا كۆرمىگەن ھۆكۈمنى بىراۋغا قانداق راۋا كۆرىسىز؟ بۇ ئالتە دىرھەمنى ئېلىپ، ئىككىڭلار بۆلۈشۈۋېلىڭلار! — دەپ مەھكىمىدىن چىقىپ كەتتى.

## ئىككى لەتىپە

يېشى ئەللىكتىن ئاشقان، چاچ ـ ساقاللىرى ئاقارغان بىر ئادەم ياش قىزغا ئۆيلىنىپتۇ. ئاندىن ساتىراشنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا:

— ئۇستام، يېقىندا ئۆيلەندىم. سىزگە مالال كەلمىسە، بۇ چېچىمدىكى، ساقىلىمدىكى ئاقلارنى تېرىۋەتسىڭىز، — دەپتۇ.

ساتىراش ماقۇل بولۇپ، ئۇ ئادەمنىڭ چاچ ـ ساقاللىرىنى تولۇق قىرىۋېتىپتۇ. ئاندىن قىرىلغان تۈكلەرنى ھېلىقى كىشىنىڭ ئالدىغا قويۇپ:

— كەچۈرۈڭ، ناھايىتى ئالدىراش ئىشىم چىقىپ قالدى. سىزگە مالال كەلمىسە، ئاقلىرىنى ئايرىپ تۇرسىڭىز، — دەپ چىقىپ كېتىپتۇ.

* * *

بىر كىشى بىر تاقىرباش ئادەمنى كۆرۈپ قالدى ۋە ئۇنىڭ پارقىراپ تۇرغان بېشىغا بىر شاپىلاق سالدى. شاپىلاق يېگەن ئادەم غەزەپ بىلەن ئورنىدىن چاچراپ تۇردى. ئۇنى ئۇرغان كىشى:

— توختا، ماڭا يېقىنلاشما. ساڭا دوستانە بىر سوئالىم بار، جاۋاب بەر، ئاندىن كېيىن مېنى خالىغىنىڭچە ئۇر. سېنىڭ بېشىڭغا ئۇرغىنىمدا «چاڭ» قىلغان بىر ئاۋاز چىقتى. ئەجەبا بۇ شاپىلاق ئاۋازى مېنىڭ قولۇمدىن چىقتىمۇ ياكى سېنىڭ بېشىڭدىنمۇ؟ بۇ سوئالىمغا جاۋاب بەر.

شاپىلاق يېگەن ئادەم ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمىدى. يېنىغا كەلدى ۋە بۇ ئادەمنىمۇ بىر شاپىلاق سالدى ۋە شۇنداق دېدى:

— دوستۇم، مەن تېخى ئاغرىقتىن قۇتۇلالمىدىم، قانداقمۇ ئۇنى ئويلاپ بىلىشىم مۇمكىن؟ ئەمدى بۇ ئاۋازنىڭ قەيەردىن چىققانلىقىنى ئويلاش نۆۋىتى ساڭا كەلدى.

## ۋەھىمە پالاكەت كەلتۈرەر

ئوقۇغۇچىلار ئۇستازلىرىدىن بىزار بولۇشۇپتۇ، كۆپ ئوقۇش، يېزىش، ئوقۇشخانىنىڭ ۋەزىپىلىرىنى بېجىرىش ئۇلارنى ناھايىتى چارچىتىپتۇ، ئۇلارنىڭ كوچىغا چىقىپ ئوينىغۇسى كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىرەر چارە تېپىش ئۇستىدە ئويلىنىشقا باشلاپتۇ ۋە قانداق قىلىپ بولسۇن، مەلۇم ۋاقىت ئۇستازنى مەكتەپتىن يىراقلاشتۇرماقچى بوپتۇ. ئارىسىدىكى ئەڭ كىچىك، ئەمما ناھايىتى زېرەك بىر ئوقۇغۇچى مۇنداق دەپتۇ:

— ساۋاقداشلار، ئوقۇتقۇچىمىزنىڭ ھېچ يېرى كېسەل ئەمەس. قېنى ئەمدى بىرنەچچە ھەپتە كېسەل بولۇپ يېتىپ قالسا، بىزمۇ دەم ئالساق بولاتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئامال قىلىشىمىز كېرەك.

دوستلىرى ئۇنىڭغا:

— قانداق قىلساق ساپساق ئادەم كېسەل بولۇشى مۇمكىن؟ — دېيىشتى. ھېلىقى بالا:

— بولىدۇ، مەن بىر ھىيلە ئويلىدىم. ئەتە دەرس باشلانغاندا سىنىپقا بىرىنچى بولۇپ كىرگەن بالا ئۇستازىمىزغا: «ئۇستاز، تىنچلىقمۇ؟ يۈزىڭىز ناھايىتى سولغۇن، سارغىيىپ قاپتۇ، مىجەزىڭىز يوقمۇ نېمە؟ ئاللا شىپا بەرسۇن» دەپ ئۇنىڭ كېسەل بولغىنىنى ئېيتىدۇ. ئۇستاز بۇ گەپلەردىن ۋەھىمىگە چۈشىدۇ.

ساۋاقداشلار ئۆزئارا مەسلىھەت قىلىشتى. ئەتىسى سەھەردىلا سىنىپقا تۇنجى بولۇپ كىرگەن ئوقۇغۇچى:

— تىنچلىقمۇ، ئۇستاز، ئاللا شىپا بەرسۇن. يۈزىڭىز ساپسېرىق، مىجەزىڭىز يوقمۇ نېمە؟ — دېدى.

ئۇستاز:

— خۇداغا شۈكۈر، كېسەل ئەمەسمەن، بار، جايىڭدا ئولتۇر، — دېدى.

شۇنىڭدىن كېيىن سىنىپقا كىرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسىلا ئۇستازىغا:

— ئاللا شىپالىق بەرسۇن، — دەپ يۈزىنىڭ سارغىيىپ كەتكىنىنى ئېيتتى.

ئۇستازنى ۋەھىمە باستى. ئۆز - ئۆزىگە «خوتۇنۇمنىڭ ئەقلى جايىدا ئەمەس، يۈزۈمنىڭ سولغۇنلۇقىنى، ۋۇجۇدۇمنىڭ تىترىگىنىنى قەيەردىن بىلسۇن؟ ئۇ مېنى ئەمەس، ئۆزىنىلا ئويلايدۇ» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى.

بۇ ئارىدا ئوقۇغۇچىلار خۇددى دەرسنى تەكرارلىغان بولۇپ، شاۋقۇن - سۈرەن كۆتۈرۈشكە باشلاشتى. ئۇستاز ۋەھىمە ئىچىدە شاۋقۇن - سۈرەندىن بېشى ئاغرىپ ئۆيىگە كەتتى ۋە ئىشىكنى ئاچقان خوتۇنىغا:

— ئەي خوتۇن، كۆرمىدىڭمۇ، ھالىمغا بىر قارا، يۈزۈمنىڭ سولغۇنلۇقىنى ھەممە كۆردى، نېمىشقا سەن كۆرمىدىڭ؟ ئۆزگىلەر مېنىڭ دەردىمگە قىزىقىشىدۇ، سەن مەن بىلەن بىر ئۆيدە ياشاپ تۇرۇپمۇ، قىزىتمامنىڭ ئۆرلەپ كەتكىنىنى بىلمىدىڭ. مەن كېسەلمەن، تېز ياتقىمنى تەييارلا، — دېدى.

خوتۇنى ئۇنىڭغا:

— ئەي غوجام، سىزدە كېسەللىك ئالامىتى يوق، خالىسىڭىز ئەينەك كەلتۈرەي، ئۆزىڭىز كۆرۈپ بېقىڭ. سىزدە پەقەت ۋەھىمە بار، — دېدى. ئۇنىڭغا جاۋابەن ئېرى:

— ۋۇجۇدۇم دىر - دىر تىترەۋاتقىنىنى كۆرمىدىڭمۇ، ماڭا بېشىمنىڭ ئاغرىقى يېتىدۇ. تېز بول، ياتقىمنى تەييارلا ! — دېدى.

خوتۇنى نائىلاج ئورۇن راسلىدى. ئېرى «ئاھ - ئۇھ» بىلەن ئۆزىنى تۆشەككە ئاتتى. بېشىنى تېڭىپ، ئۇستى - ئۇستىلەپ كۆرپە ياپتى.

ئوقۇغۇچىلار خۇشال بولۇشۇپ ئۆيلىرىگە تارقىلىشتى. ئانىلىرى بالىلىرىنىڭ بۇنداق تېز قايتقانلىقىدىن ھەيران بولدى. بالىلار:

— ئۇستازىمىز كېسەل بولۇپ قالدى، بىزگىمۇ تەتىل بولدى، — دېيىشتى. بۇ چاغدا ئۇستازنىڭ ئۆيىگە يېقىنلىرى، قولۇم - قوشنىلار كېلىشتى، ئۇستاز قات - قات يوتقان ئىچىدە تەرگە پېتىپ يېتىۋاتاتتى.

— ساقىيىپ كېتىڭ ئۇستاز، قانداق قىلىپ كېسەل بولۇپ قالدىڭىز، خەۋەر تاپالماپتۇق، — دېگەنلەرگە:

— ئۆزۈممۇ بىخەۋەر ئىدىم، ئوقۇغۇچىلىرىم ئېيتىشتى. شۇنداق ئېغىر كېسەللىكىمنى سەزمەي قاپتىمەن، — دەپ جاۋاب بېرەتتى.

شۇنداق قىلىپ، ئۇستاز ئۆزىنىڭ كېسەللىكىگە پۈتۈنلەي ئىشەنگەنىدى.

(نەشرگە تەييارلىغۇچى «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىدا تەكلىپلىك مۇھەررىر)



شەيخ مۇسلىھىددىن سەئدى شىرازىي

# «كەرىما»نىڭ تەرجىمىسى «رەھىما»

تەرجىمىسى: سىراجىددىن مەخدۇم سىددىقىي
نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەد ئەلى ھاجى مەھمۇدى

**مۇھەررىردىن:** «كەرىما» ناملىق بۇ كىتاب مەشھۇر پارس مۇتەپەككۇرى شەيخ مۇسلىھىددىن سەئدى شىرازىي تەرىپىدىن يېزىلغان يەنە بىر مۇھىم ئەسەر. بۇ ئەسەر مەيدانغا كەلگەندىن باشلاپ ئىران، ئافغانىستان ۋە پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا كەڭ تەسىر قوزغىغان. ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا سەئدى ئەسەرلىرى شەيخ سەئدى ھايات ۋاقتىدىلا كەڭ تارقىلىپ، قىزغىن ئالقىشقا سازاۋەر بولغان. سەئدى ئەسەرلىرىدىن «كەرىما»، «بوستان»، «گۈلىستان» قاتارلىقلار ئۇيغۇر مەدرىسەلىرىدە نەچچە ئەسىرلەردىن بېرى دەرسلىك قىلىپ ئوقۇتۇلغان. «كەرىما» ئۇيغۇر مەدرىسەلىرىدە تىل، ئەدەبىيات ۋە ئېتىكا جەھەتتە زۆرۈر دەرسلىك قىلىنغان بولغاچقا، بۇ ئەسەرنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە ئىدېئولوگىيەسىگە كۆرسەتكەن تەسىرى ناھايىتى زور بولغان. بۇ ئەسەر ئۆتكەن ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تالانتلىق ئەدىب سىراجىددىن مەخدۇم سىددىقىي تەرىپىدىن «رەھىما» دېگەن نام بىلەن چاغاتاي تۈركچىسىگە تەرجىمە قىلىنىپ، ھىجرىيە 1332 - يىلى① تاشكەنتتە ئۈچ خىل رەڭدە زىننەتلىنىپ نەشر قىلىنغان. بۇ تەرجىمە نۇسخىمۇ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كەڭ تارقىلىپ، قىزغىن ئالقىشقا سازاۋەر بولغان. بۇ ئەسەر ئەنە شۇ تەرجىمە نۇسخا ئاساسىدا نەشرگە تەييارلىنىپ، ئوقۇرمەنلەر ھۇزۇرىغا سۇنۇلدى.




① ھىجرىيە 1332 - يىلى مىلادىيەنىڭ 1914 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

رەھىما باغشلا مېنىڭ ھالىما،
كى بار مەن ئەسىرى كەمەندى ھەۋا.

ئۆزۈڭدىن بۆلەك بىزگە يوق داد رەس،
يازۇق ئەھلىغە سەن خەتا بەخشۇ بەس.

خەتانىڭ يولىدىن مېنى ئەيلە دۇر،
تۈزۈك يولغا يوللاپ، گۇناھىم ياشۇر.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسەلامنىڭ سەنالارى بەيانىندە

قاچان تىل ئاغىزدە ئېسە جايگىر،
مۇھەممەد سەناسى بولۇر دىلپەزىر.

نەبىيلەر ئۇلۇغى، ھەبىبى خۇدا،
كى ئاڭا ئېرۇر ئەرشى ھەق مۇتتەكا.

مىنبان جاھانگىر چابۇك بۇراق،
كى قەسرىدىن ئاشتى شۇبۇ كۆك راۋاق.

## مۇسەننىفنىڭ ئۆز نەفسغە ئىشارەت

سېنىڭ قىرىق يىل ئۆتتى ئۆمرۈڭ ئېسىز،
قىلىپ ياشلىق بولمادىڭ باتەمىز.

بارىن ئارزۇ بىلەن قىلدىڭ تەمام،
دەمىي قىلمادىڭ ياخشى ئىشقا خىرام.

ئىشەنمە ئېرۇر ئۆمر ناپايدار،
بول ئاگەھ زەمان مەكرىدىن زىنھار.

## كەرەم مەدھىينىڭ بەيانىندە

دىلا، ھەر كىشى يازسا خانى كەرەم،
بولۇر نامدارى جەھانى كەرەم.

كەرەم نامدارى جەھان ئەيلەگەي،
كەرەم كامكارى زەمان ئەيلەگەي.

كەرەم مايەئى شادمانىي ئېرۇر،
كەرەم ھاسىلى زىندگانىي ئېرۇر.

كەرەم ئارتىدە دۇنيادا كارى يوق،
ۋە مۇندىن قىزىق ھېچ بازارى يوق.

كەرەمدىن بارىي ئەل دىلىن تازە تۇت،
جەھاننى سەخادىن پۇرئاۋازە تۇت.

باغىشلاشتا بول دائىما مۇستەقىم،
كى جاننىڭ ياراتقۇچى باردۇر كەرىم.

## سەخاۋەت سىفەتىنىڭ بەيانىندە

سەخاۋەت قىلۇر نىك بەخت ئىختىيار،
كى بولغاي سەخادىن كىشى بەختىيار.

قىلىپ لۇتفۇ ئىھسان جەھانگىر بول،
سەخاۋەتنىڭ ئىقلىمىدا مىر بول.

سەخاۋەتدۇر ئەھلى بەسىرەت ئىشى،
سەخاۋەت بولۇر ياخشىنىڭ ۋەرزىشى.

سەخاۋەت مىسى ئەيبغە كىميا،
سەخاۋەت بارى دەردلەرغە دەۋا.

چۇ قادىر ئېسەڭ ئەيلەگەيسەن سەخا،
كى يەتكەي ئۇلۇغلۇق سەخادىن ساڭا.

## بەخىل مەزەممەتىنىڭ بەيانىندە

ئەگەر كۆك بەخىل قەسدىچە ئايلانۇر،
ۋەر ئىقبال ئانىڭ غۇلامى بولۇر.

ۋەگەر ئېلكىدە گەنجى قارۇن ئېسە،
ۋەگەر تابىئى رۇبئى مەسكۇن ئېسە.

بەخىل ئارزىماس ئۇلكى تۇتقۇلۇك ئاتىن،
ۋەگەر رۇزگار ئەتسە ھەم خىزمەتىن.

بەخىل مالىغا قىلما ھېچ ئىلتىفات،
بەخىل مالىنىڭ ئاتىن ئايتماق ئۇيات.

بەخىل ئەر ئېسە زاھىدى خۇشكۇ تەر،
پەيەمبەر بىھىشت ئەھلى يوق دېدىلەر.

ئەگەرچە بەخىل مال ئىلەن بولسا باي،
چېكەر خارلىق ئۇيلە پۇلسىز گەداي.

كەرەم ئەھلى مالىن يېگەي ھاسىلىن،
بەخىللار يېگەي ئالتۇنىنىڭ غەمىن.

## تەۋازۇئنىڭ سفەتى بەيانىدە

تەۋازۇ گەر ئەتسەڭ، دىلا، ئىختىيار،
جەھان خەلقى بولغاي ساڭا دۇستدار.

تەۋازۇ زىياد ئەيلەگەي جاھنى،
كى كۇن شۇئلەسى يارۇتۇر ماھنى.

تەۋازۇ بولۇر مايەئى دۇستلۇق،
كى ئولغاي بېيۇك مايەئى دۇستلۇق.

تەۋازۇ كىشىنىڭ قىلۇر سەربەلەند،
تەۋازۇ ئۇلۇغلاردىن ئولغاي پىسەند.

تەۋازۇ قىلۇر ھەركىم ئەرسە كىشى،
ياراشماس كىشىدىن يامانلىق ئىشى.

تەۋازۇ قىلۇر ئاقىلى نۇكتە فاش،
قويۇر مېۋەلىق شاخ يەر ئۈزرە باش.

تەۋازۇ بولۇر ئىززەت ئەفزا ساڭا،
بىھىشتى بەرىندە قىلۇر جا ساڭا.

تەۋازۇ بىھىشت ئىشىكىگە كەلىد،
بولۇر جاھۇ دەۋلەت سارىغا نەۋىد.

تەۋازۇ كىشىنىڭ ئېسە ئادەتى،
ئۇلۇغ بولغۇسى ئارتىبان دەۋلەتى.

كىشىكىم ئانىڭ دەۋلەتى بار ئېرۇر،
تەۋازۇئنى ئاندىن تاپىش ياخشىدۇر.

تەۋازۇ سېنى ئەيلەگەي ئەرجۇمەند،
ئۇلۇغلار قاشىدا ئولۇرسەن پىسەند.

خەلايىقدىن ئەتمە تەۋازۇ دەرىغ،
كى ئاندىن باش ئالغايسەن ئانداقكى تىغ.

تەۋازۇ ئۇلۇغلاردىن ئولغاي گۇزەل،
گەر ئەتسە تەۋازۇ گەدا ئول ئۇشەل.

## تەكەببۇرنىڭ مەزەممەتى بەيانىدە

تەكەببۇردىن ئەلبەتتە قىل ئۆزنى پاك،
كى بىر كۇن قولىدىن ئولۇرسەن ھەلاك.

تەكەببۇر ئۇلۇغدىن بولۇر ناپىسەند،
قىلۇر كەم مۇنى كىم ئېسە ھۇشمەند.

تەكەببۇر بولۇر ئادەتى جاھىلان،
ۋەلىيلەردىن ئولماس تەكەببۇر ئەيان.

تەكەببۇر ئەزازىلنى خار ئەيلەدى،
كى لەئنەت چەھىغە دۇچار ئەيلەدى.

كىشىنىڭ تەكەببۇر ئېسە خىسلەتى،
تولا بولغۇسى باشىدە فىكرەتى.

تەكەببۇر يامانلارنى بولغاي ئىشى،
تەكەببۇر بولۇر زاتى ناكەس كىشى.

چۇ بىلدىڭ تەكەببۇر نېگە ئەيلەگۈڭ،
خەتا ئەيلەگۈڭۇ خەتا ئەيلەگۈڭ.

## ئىلىم فەزىلەتىنىڭ بەيانىدە

تاپار ئىلمدىن ئادەم ئوغلى كەمال،
نە دەۋلەت بىلەن تاپىلۇر بۇ خىسال.

تىلەپ ئىلىم يانماق كېرەك شەمئۇار،
كى بىئىلىم تانۇلمىغاي كىردىگار.

بولۇر ئەسلىق ئادەم تەلەبكارى ئىلىم،
كى دائىم قىزىق كەلدى بازارى ئىلىم.

كىشىغە ئەزەلدە ئېسە بەختىيار،
قىلۇر ئول كىمەرسە ئوقۇش ئىختىيار.

تەلەب ئەيلەمەك ساڭا ئىلىم ئولدى فەرز،
ئىكىنچ ئىستەپ ئەتمەك كېرەك قەتئى ئەرز.

يۇگۇر ئىلىم ئېتەكىگە مۇھكەم قول ئۇر،
كى ئىلىمىڭ مۇرادىڭغا قاتىشتۇرۇر.

ئوقۇش ئۆرگەنىش دائىم ئاقىل ئىشى،
كى بىئىلىم بولماق بۇ جاھىل ئىشى.

ساڭا ئىلىم دۇنياۋۇ دىندا تەمام،
كى تاپقاي ئىشىڭ ئىلىم ئوقۇساڭ نىزام.

## جاھىللار سۇھبەتىدىن قاچماقنىڭ بەيانىدە

دىلا، گەر ئېسەڭ ئاقىلۇ ھۇشيار،
يامان ئەھلىنىڭ بەزمىدىن تۇت كەنار.

قاچىشلىكتە ناداندىن ئول تىيردەك،
ئىلەشمەسدە بول شەككەرۇ شىردەك.

ساڭا بولسا گەر ئەژدەھا يارى غار،
يامان ياردىن ياخشى ئول سەد ھەزار.

ئەگەر دۇشمەنى جانىڭ ئاقىل ئېرۇر،
گۈزەل دۇستىتىنكىم ئۇ جاھىل ئېرۇر.

جەھاندا چۇ جاھىل كىشى خار يوق،
كى بىئىلىملىقدىن يامان كار يوق.

ياماندىن يامان ئىشدىن ئۆزگە كەمەس،
سۇچۇگ سۆزنى ئاندىن كىشى ئاڭلاماس.

سەرانجامى جاھىل جەھەننەم بولۇر،
كى جاھىل گۈزەل ئاقىبەت كام بولۇر.

سەرى دارە جاھىل ئاسىلغانى خۇب،
كى جاھىل ئېلىن خار بولغانى خۇب.

ياماندىن ھەزەر قىلغىن، ئەي تازە دىل،
ئىكى دۇنيادە بولغۇڭ ئاندىن خىجىل.

## ئەدالەت سىفەتىنىڭ بەيانىدە

چۇ ئىيزەد سېنىڭ ئەيلەدى پادشاھ،
نېچۇك بولماغايسەن ئەدالەت پەناھ.

ئەدالەت ئېسە زىيۋەرى خۇسرەۋىي،
نېچۇك ئەدلى ئۇچۇن تۇتماغۇڭ دىل قەۋىي.

ساڭا مەملەكەت بولغۇسى بەرقەرار،
ئەدالەت ئىشى بولسا گەر دەستىيار.

چۇ نۇشىرۋان قىلدى ئەدل ئىختىيار،
گۈزەل نامى ئەلھال ئېرۇر يادگار.

ئەدالەت نىشانىدۇر ئارامى مۇلك،
كى ھاسىل بولۇر ئەدلىدىن كامى مۇلك.

جەھانغە ئەدالەتچە مىئمار يوق،
بېيۇكرەك ئەدالەت كەبى كار يوق.

ساڭا ياخشى مۇندىن نە ھاسىل بولۇر،
كى نامىڭ شەھەنشاھى ئادىل بولۇر.

سەئادەتدىن ئىستەر ئېسەڭ گەر نىشان،
جەفا ئىشىكىن باغلا ئەلغە رەۋان.

رەئىييەت دىلىن ئاۋلاغىل زىنھار،
ستەم دىيدەلەرنىڭ مۇرادىن چىقار.

## زۇلم مەزەممەتىنىڭ بەيانىدە

خەراب ئولغۇسى زۇلم بىرلەن جەھان،
چۇ بۇستانكى كۆرگەي خەزاندىن زىيان.

جەفا سارى مەيل ئەيلەمە ھىچ ھال ،
كى مۇلكۇڭنى خۇرشىدى تاپماس زەۋال.

كىشى ياقساكىم زۇلم ئوتىن بىگۇمان،
چىقارغۇسى ئالەم ئېلىدىن فىغان.

ستەم دىيدە گەر چەكسە بىر ئوتلۇق ئاھ،
سۇۋۇ لاي ھەمە ئاندىن ئولغاي تەباھ.

قىلا كۆرمەگىل ناتەۋانلارغە زور،
ئۆزۈڭ ئويلا ئاخىر ئېرۇر تار گۇر.

ستەم دىيدەغە كۆرمە زۇلمىڭ رەۋا،
سېنىڭ ئۆرتەر ئەل ئوتلۇق ئاھى بىلا.

ئەل ئازارىنىڭ قىلما، ئەي تىيرە راي،
كى ناگەھ يېتەر ساڭا قەھرى خۇداي.

ستەم بىرلە بىچارەنى قىلما تەڭ،
كى زالىم تامۇغقە كېتەر بىدەرەڭ.

## قەنائەت سفەتىنىڭ بەيانىدە

دىلا، گەر قەنائەتقە ھەمراھ سەن،
فەراغەت جەھانى ئارا شاھ سەن.

قاتىغلىقدىن، ئەي كەمبەغەل، قىلما داد،
كى مال ئاقىل ئالدىدادۇر ئۆيلە باد.

فەقىرلىقدىن ئاقىل نېچۈك قىلغاي ئار،
پەيەمبەرغەدۇر فەقرىدىن ئىفتىخار.

غەنىينىڭ ئېسە ئاقچە ئارايىشى،
ۋەلېي ياخشى فەقر ئەھلى ئاسايىشى.

غەنىي بولماساڭ قىلما كۆپ ئىزتىراب،
شەھ ئالماس خىراج ئولسا بىر يەر خەراب.

قەنائەت ھەمە ۋەقت ئارا خۇب ئېرۇر،
قەنائەت ئېرۇر كىمكى مەھبۇب ئېرۇر.

قەنائەتنى نۇرىدىن ئەت دىلنى ساف،
ئەگەر نىك بەخت ئەرسەڭ، ئەي بىخىلاف.

## ھىرس مەزەممەتىنىڭ بەيانىدە

بولان ھىرس دامىغە، ئەي مۇبتەلا،
بۇ ھىرسىڭ ئېرۇر باشقا پىتكەن بەلا.

ئەدا قىلما ئۆمرۇڭنى يىغماقدە مال،
كى گەۋھەرغە ھەم نەرخ بولماس سەفال.

كىشى تۇشسەكىم ھىرس بەندى ئارا،
ئالۇر بارچە ئۆمرىنى بادى فەنا.

قىلاي پەرس ئەمۋالى قارۇن سېنىڭ،
بارى نىئمەتى رۇبئى مەسكۇن سېنىڭ.

سەن ئاخىر بولۇرسەن گىرىفتارى گۇر،
بولۇپ ئۆيلە بىچارە، ئەي بىشئۇر.

نېچۈك كۆيگەسەن زەر خىيالاتىدىن،
چېكەرسەن ئېشەك كەبى بارى مەھەن.

چېكەرسەن نېچۈك رەنجلەر مال ئۈچۈن،
كى ناگاھ بولۇر بىردىن ئول سەرنىگۇن.

چۇنان جاي ئالىپدۇر دىلىڭدە دەرەم،
كى زەۋقىدىن ئولدۇڭ نەدىمى نەدەم.

بولۇپسەن چۇنان ئاشىقى رۇيى زەر،
كى كەزگۈڭ جۇنۇن ئەھلىدەك دەربەدەر.

تىلا سەيدىغە سەندە ئۇيلە بار،
كى ھېچ ئەتمەگۈڭ يادى رۇزى شۇمار.

ئۇ ناكەس دىلىن قىلما شاد، ئەي خۇداي،
كى دۇنيا ئۈچۈن دىنىنىڭ بەرسە باي.

## ئىبادەتنىڭ سىفەتى بەياندە

كىشىنىڭكى ئىقبالى بولسا غۇلام،
بولۇر مەيلى تائەت سارىغە مۇدام.

بويۇن تولغاماق بەندەلىقدىن يامان،
كى دەۋلەت تاپىلغاي ئىبادەت بىلەن.

سەئادەت ئىبادەتدىن ئولغاي ئاشۇق،
كۆڭۈل نۇرى تائەتدىن ئولغاي يارۇق.

ئىبادەت ئۈچۈن باغلاساڭ گەر مىيان،
ئاچىلغاي دەرى دەۋلەتى جاۋىدان.

خىرەدمەند تائەتدىن ئەتمەس ھەزەر،
كى تائەتچە يوقدۇر بېيۈكرەك ھۈنەر.

ئىبادەت سۈيى بىرلە پاك ئەيلە تەن،
كى تاڭلا قۇتۇلغۇڭ تامۇغ ئوتىدىن.

نەمازىڭنى سىدق ئىلە قىل زىنھار،
كى سەن تاپقاسەن دەۋلەتى پايدار.

يارۇر تائەتىڭدىن بەدەن ئىچرە جان،
كى يارۇق بولۇر كۈندىن ئۇشبۇ جەھان.

ياراتقۇچىنىڭ بول پەرەستەندەسى،
بول ئەيۋانى تاقەت نىشىنەندەسى.

ئەگەر ھەقپەرەست بولساڭ، ئەي دىن پەناھ،
بولۇرسەن جەھاندە دەۋلەتنى شاھ.

باشىڭ زۇھدىنىڭ ياقاسىدىن چىقار،
كى جەننەت بولۇر جايى پەرھىزكار.

رەۋان شەمئىنى زۇھدىن قىل يارۇق،
كى سەن ياخشىلاردەك بولۇرسەن ئۇلۇغ.

شەرىئەتدىن ئولسا كىشىدىن شىئار،
قىيامەت كۈنىدىن قاچان ۋەھمى بار.

## شەيتان مەزەممەتىنىڭ بەياندە

دىلا، كىمكى مەھكۇمى شەيتان ئېرۇر،
تۈنۈ كۈندە پابەندى ئىسيان ئېرۇر.

كىشىگەكى شەيتان ئېسە پېشەۋا،
قاچان يانغۇسىدۇر خۇدا يولىغا.

دىلا، قىلما قەسدى گۇناھ زىنھار،
كى ھەق قاشىدا بولماغۇڭ شەرمىسار.

گۇناھدىن قىلۇر ھۇشمەند ئىھتىراز،
كى بولغۇسى سۇدىن شەكەرغە گۇداز.

گۇناھدىن قىلۇر نىك بەخت ئىجتىناب،
كى پىنھان قىلۇر كۈننى نۇرىن سەھاب.

يامان نەفسىڭا بولما ئەلبەتتە يار،
كى ناگاھ بولۇرسەن گىرىفتارى نار.

گۇناھدىن ئەگەر يانماس ئەرسە دىلىڭ،
بولۇر ئەسفەلىس ـ سافىلىن مەنزىلىڭ.

تىرىكلىك ئۆيىن قىلماغايسەن خەراب،
يامان فېئىل سەيلى بىلەن، ئەي شەباب.

سەن ئولساڭ ئەگەر فىسقىدىن بىر سارى،
بوماسسەن بىھىشت گۈلشەنىدىن نارى.

## مۇھەببەت شەرابىنىڭ بەيانىدە

كېتۇر، ساقىيا، ئابى ئاتەش لىباس،
كى مەستلىق قىلۇر ئەھلى دىل ئىلتىماس.

قىزىل بادە نەقشىنەلىق جام ئارا،
بولۇر لەئلى دىلبەر كەبى جەنفەزا.

نە خۇب ئاتەشى شەۋق ئەربابى ئىشق،
نە خۇب لەززەتى دەردى ئەسھابى ئىشق.

كەتۇر ئول شارابى چۇ ئابىھەيات،
كى تاپقاي ئانى بويىدىن دىل نەجات.

خۇش ئول دىلكى تۇتقاي تەممانناىي يار،
خۇش ئول كىمكى بەندىدە سەۋدايى يار.

خۇش ئول دىلكى شەيداسىدۇر رۇيى يار،
خۇش ئول دىلكى مەئۋاسىدۇر كۇيى يار.

## ۋەفا سىفەتىنىڭ بەيانىدە

دىلا، بول ۋەفا ئىچرە سابىت قەدەم،
كى ھېچ يەردە بىسككە ئۆتمەس دەرەم.

ۋەفا يولىدىن بۇرماساڭ گەر ئىنان،
ئەدۇ كۆڭلىدە دوست بولغۇڭ چۇ جان.

ئۆگۈرمە ۋەفا كۇيىدىن رۇيى دىل،
كى يار ئالىدا بولماغايسەن خىجىل.

ۋەفا يولىدىن تاشقارى قويما پا،
كى ئەھبابدىن ئارزىمايدۇر جەفا.

جۇدا بولماق ئەھبابدىن كۆپ خەتا،
ئۈزۈلمەك ياراندىن خىلافى ۋەفا.

بولۇر بىۋەفالىق خاتۇنلار ئىشى،
سەن ئۆرگەنمە خاتۇن ئىشىن، ئەي كىشى.

## شۈكر پەزىلەتىنىڭ بەيانىدە

كىشىنىڭكى كۆڭلى ئېرسە ھەقشۇناس،
تىلىنىڭ خۇدا شۈكرىدىن باغلاماس.

دەم ئۇرما خۇدا شۈكرىدىن ئۆزگەگە،
كى لازىم ئېرۇر شۈكرى ئىيزەد ساڭا.

تولا بولغۇسى شۈكردىن نىئمەتىڭ،
ئىشىكدىن كىرەر شۈكردىن نۇسرەتىڭ.

خۇدا شۈكرىن ئەتسەڭ قىيامەتغاچا،
مىڭىدىن بىرىن قايدا قىلغۇڭ ئەدا.

ۋەلى شۈكرىنىڭ ئايتماق ئەۋلا ئېرۇر،
كى ھەق شۈكرى مىللەتغە زىينەت بولۇر.

خەمۇش ئەتمەسەڭ شۈكر ھەقدىن زەبان،
كېلۇر ئېلكىگە دەۋلەتى جاۋىدان.

## سەبر فەزىلەتىنىڭ بەيانىدە

ساڭا گەر سەبۇرىي ئېرسە دەست يار،
كېلۇر ئېلكىگە دەۋلەتى پايدار.

سەبۇرىي ئېرۇر جۇملە مۇرسەل ئىشى،
ئۆگۈرمەس يۈزىن مۇندىن ئەسلىق كىشى.

ئاچار سەبرى جان مەقسەدىن ئىشكىن،
كى ئاچىلماس ئول سەبردىن ئۆزگەدىن.

سەبۇرىي چىقارغاي مۇرادى دىلىڭ،
كى ئىلىم ئەھلىدىن يېشىلۇر مۇشكىلىڭ.

سەبۇرىي كەلمىدى دەرى ئارزۇ،
كۆشايەندەئى كىشۋەرى ئارزۇ.

سەبۇرىي بەھەر ھال ئەۋلا ئېرۇر،
ئانىڭ ئاستىدا نەچچە مەئنا ئېرۇر.

سەبۇرىي سېنىڭ مەقسەدىڭنى بېرۇر،
يەنە دەردۇ غەمدىن سېنى قۇتقارۇر.

سەبۇرىي قىلۇرسەن ساڭا بولسا دىن،
كى شاشماق ئېرۇر كارى شەيتان لەئىن.

## راستلىق سىفەتىنىڭ بەيانىدە

دىلا، راستلىق ئەيلەسەڭ ئىختىيار،
بولۇر دەۋلەتىڭ ھەمدەمۇ بەختىيار.

بويۇن تولغاماس راستدىن ھۇشمەند،
كى نام ئۇلغۇسى راستلىقدىن بەلەند.

دەمىڭ راستدىن ئۇرساڭ ئەر سۇبھۋار،
جەھالەت تۈندىن تۇتارسەن كەنار.

دېمە راستدىن ئۆزگەنى زىنھار،
كى سولدىن ئاشۇقدۇر ئوڭ، ئەي نامدار.

تۈزۈك راستدىن دۇنيادا كار يوق،
كى سەد بەرگىدە راستنىڭ خار يوق.

## يالغاننىڭ مەزەممەتى بەيانىدە

كىشىگەكى ناراستلىق بولسا كار،
قاچان رۇزى مەھشەر بولۇر رەست كار.

كىشى دائىما سۆزلەر ئەرسە دۇرۇغ،
ئانى كۆڭلىنىڭ شەمئى بولماس يارۇغ.

قىلۇر ھەر كىشىنى دۇرۇغ شەرمىسار،
قىلۇر ھەر كىشىنى دۇرۇغ بىۋىقار.

خىرەدمەند كەززابدىن تۇتقاي ئار،
كى ئادەم دەپ ئانى قىلمىماس شۇمار.

دۇرۇغ، ئەي يىگىت، سۆزلەمە زىنھار،
كى كازىب بولۇر خارۇ بىئېتىبار.

جەھان ئىچرە يالغانچە ئىش يوق بەتەر،
يوق ئاندىن بولۇر نامى نىك، ئەي پىسەر.

## ھەق تەئالانىڭ سەنئەتى بەيانىدە

نەزەر قىل بۇ نەقشىن كۆك ئۆزرە دۇبار،
كى تامى سۇتۇنسىز ئېرۇر پايدار.

فەلەك خەيمەسىن كۆرگىل ئايلانغۇچى،
كۆرەندە تولا شەمئىنىڭ يانغۇچى.

بىرەۋ پاسبانۇ بىرەۋ پادشاھ،
بىرەۋ دادخاھۇ بىرەۋ تاجخاھ.

بىرەۋ شادمانۇ بىرەۋ دەرمەند،
بىرەۋ كامرانۇ بىرەۋ مۇستەمەند.

بىرەۋ باجدارۇ بىرەۋ تاجدار،
بىرەۋ سەرفەرازۇ بىرەۋ خاكسار.

بىرەۋ بۇريادە بىرەۋ تەخت ئۈزە،
بىرەۋ ژەندە ئىچرە بىرەۋ شايىدە.

بىرەۋ بىنەۋاۋۇ بىرەۋ مالدار،
بىرەۋ نامرادۇ بىرەۋ كامكار.

بىرەۋ بايۇ بىر كىمسە مىھنەت ئارا،
بىرەۋغە بەقا بارۇ بىرغە فەنا.

بىرەۋ تەندۇرۇستۇ بىرەۋ نىمجان،
بىرەۋ قارى بىر كىمسەدۇر نەۋجەۋان.

بىرەۋ توغرى يولدە بىرەۋ ئەگرىدە،
بىرەۋ ئىلتىجادە بىرەۋ جەڭ ئارا.

بىرەۋ ياخشى كىردارۇ خوش ئېئتىقاد،
بىرەۋ غەرق بەھرىدە فىسقۇ فەساد.

بىرەۋ خوش قىلىقلىق بىرەۋ تۇند خوي،
بىرەۋ كىچىرىملىق بىرەۋ جەنگجوي.

بىرەۋ راھەت ئىچرە بىرەۋدە ئەزاب،
بىرەۋ مىھنەت ئىچرە بىرەۋ كامياب.

بىرەۋدۇر ئۇلۇغلۇق جەھانىدە مىھر،
ھەۋادىن كەمەندىغە بىردۇر ئەسىر.

بىرەۋ گۇلشەنى راھەت ئىچرە مۇقىم،
بىرەۋ رەنجۇ غەم بىرلە دائىم نەدىم.

بىرەۋ يىغدى ئەندازەدىن نارى مال،
بىرەۋدە غەمى نانۇ خەرجى ئىيال.

بىرەۋ شادلىقدىن چۇ گۇل خەندەزەن،
بىرەۋنى دىلى خەستە كۆڭلى ھەزەن.

بىرەۋ باغلامىش تائەت ئەتمەقغە بىل،
گۇنەھ ئىچرەدۇر بىر كىشى ئايۇ يىل.

تۇنۇ كۇندە «قۇرئان» بىرەۋ ئېلكىدا،
بىرەۋ مەست مەيخانە كۇنجى ئارا.

بىرەۋ شەرئ ئىشىكىدەدۇر مىخۋار،
بىرەۋ كۇفر يولىدا زۇنناردار.

بىرەۋ مۇقبىلۇ ئالىمۇ ھوشيار،
بىرەۋ مۇدبىرۇ جاھىلۇ شەرمسار.

بىرەۋ غازىيۇ چاكىبۇ پەھلەۋان،
بىرەۋ قۇرققاقۇ سۇستۇ تەرسەندە جان.

بىرەۋ كاتىب ئەھلى دىيانەت زەمىر،
بىرەۋ ئۇغرى كۆڭۈلكى ئاتى دەبىر.

## مەخلۇقاتدىن ئۇمىد ئۈزمەكنىڭ بەيانىدە

كۆڭۈل قويما دۇنياغە مۇندىن سۇغۇن،
كى ناگەھ جانىڭدىن چىقارغاي تۇتۇن.

ئىشەنمە ئېسە لەشكەرىڭ بىئەدەد،
كى يوقتۇر ئەجەب تاپماس ئەرسەڭ مەدەد.

كۆڭۈل قويما پۇل بىرلە مۇلكىڭگە سەن،
كى بار ئەردى سەندىن بۇرۇن ھەم كىيەن.

يامان بولما كۆرگۈڭ زىيانىنى يار،
يامان تۇخمىدىن ئۇنمەگەي ياخشى بار.

تولا پادشاھانى سۇلتان نىشان،
تولا پەھلەۋانانى كىشۋەرستان.

تولا تۇند گۇردانى لەشكەر شىكەن،
تولا شىرى مەردىنى شەمشىر زەن.

تولا ماھ رۇيانى شەمشاد قەد،
تولا نازەنىنانى خۇرشىد خەد.

تولا خوب رۇيانى نەۋ جاستە،
تولا نەۋ ئەرۇسانى ئاراستە.

تولا نامدارۇ تولا كامكار،
تولا سەرۋ قەددۇ تولا گۈلئۇزار.

كى كۆڭلەكى ئۆمرىن قىلىشىپ تەباھ،
باش ئىندۇردىلەر يەر ياقاسىغە ئاھ.

يەل ئالدى ئالار بارچە ئۆمرىن چۇنان،
بېرە ئالمادى كىمسە ئاندىن نىشان.

كۆڭۈل قويما دۇنياغا، ئەي ئاشنا،
كى ياغقاي سىپېھرىدىن ئانىڭ بەلا.

بۇ مەنزىلغە دىل قويما، ئەي نەۋ جەۋان،
بىرەر دىلنى سەن كۆرمەگۈڭ سەن شادمان.

كۆڭۈل قويما بۇ ئەسكى دۇنياغا سەن،
كى خالىي ئەمەس غەم بىلە رەنجەدەن.

جەھان بار ئېرۇر بىقەرار، ئەي پىسەر،
تۈگەلتۈرمە غەفلەتدە ئۆمرىڭ چۇ خەر.

كۆڭۈل قويما دۇنياغا سەن زىنھار،
بۇ بىر سۆزنى سەئدىيدىن ئەت يادكار.

## تەئرىخ تەبئى بارى دەۋۋۇم ئەز تۆپۆغرات كەمتەرىن سىراجىددىن مەخدۇم

ئەلھەمدۇلىللاھ، ئۇشبۇ كىتابىم،
چاپ ئولدى ئاخىر ئىككىنچى نەۋبەت.

ئالەمدە قويسام مۇنداق ئەسەرنى،
يەتمەسمۇ ئەركىن ماڭا بۇ دەۋلەت.

دەھر ئىچرە مەندىن باقىي قالۇر بۇ،
ئەل ئېلكىدە تا رۇزى قىيامەت.

يا رەب، سەن ئانى رەھمەتغە غەرق ئەت،
كىم ماڭا قىلسا ئىرسالى رەھمەت.

يازماق چاغىمدا دىل لەۋھەسىغە،
تۈشتى بۇ ياڭلىغ تەرھى كىتابەت.

گۈلشەندىن ئاشۇق دېسەم تاڭ ئەرمەس،
ھەر سەترى رەشكى گۈلزارى جەننەت.

ھەر جەدۋەلىدۇر زەر ھەل ئارىغلار،
چەكمىش ئەلىفلەر چۇن سەرۋى قامەت.

مۇللا كەمالخان سەرفى زەر ئەيلەپ،
كۆپ سەئيى بىرلەن كۆرسەتتى ھىممەت.

قىل، يا رەب، ئانى سەئيى جەمىلىن،
ئاخىر چاغىدە تەبدىلى راھەت.

رۇيى سىنەدىن ئەقل ئايدى تەئرىخ،
فەرھەد فەزايى ئەھلى مۇھەببەت.

(نەشرگە تەييارلىغۇچى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسىدىن دەم ئېلىشقا چىققان)

ئابدۇخېلىل راخمان لوپنورى

# «قۇتادغۇبىلىك»تىكى مۇبالىغە ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا

«مۇبالىغە» ئەرەبچە ياسالما سۆز بولۇپ، تومۇرى «بەلىغ»، بۇنىڭ كۆپلۈك شەكلى «بۇلەغە»دۇر. بۇ سۆز «نەپىس مەنىلىك، تويۇنغان ئىپادىلىك، سىلىق» دېگەن مەنىلەرگە ئىگە. «بەلىغ»نىڭ تەڭداش مەنىلىك تۈرى ـ فەسىھ (كۆپلۈك شەكلى فەساھەت) «ئوچۇق، روشەن، راۋان» ۋە «يېقىملىق، چىرايلىق ئۇسلۇبلۇق» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. لېكىن، «بەلىغ»دىن تۈرلەنگەن «مۇبالىغە» ئۆزىنىڭ تۈپ مەنىسى ئاساسىدا «ئاشۇرۇش، كۆپتۈرۈش» ۋە «چىرايلىق ئوخشىتىشلار بىلەن ئاشۇرۇپ سۈپەتلەش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بەدىئىي ئەدەبىياتتا مۇبالىغە تەسۋىرلىنىۋاتقان بىرەر شەيئى، ئوبراز ياكى ھادىسىنى ئەسلىي ياكى تەبىئىي ھالىتىدىن چوڭايتىش ياكى كىچىكلىتىش، كۈچەيتىش ۋە كۆپتۈرۈپ كۆرسىتىش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەرنىڭ بىرىسىدۇر.

مۇبالىغە مەيلى كۈندىلىك تۇرمۇشتا بولسۇن، مەيلى بەدىئىي ئەدەبىياتتا بولسۇن، ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى سۆزلىگۈچىنىڭ ياكى ئاپتورنىڭ تەسىراتىنى ئاساس قىلىدۇ. ئۇنى قوللىنىشتىكى ئاساسىي مەقسەت — بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، ياخشى نەرسىلەرنى مۇبالىغە قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈپ، شۇ ئارقىلىق كىشىلەرگە ئىلھام بېرىش، زىيانلىق نەرسىلەرنى مۇبالىغە قىلىش ئارقىلىق ئۇنى كىشىلەر كۆزىگە تېخىمۇ يىرگىنچىلىك قىلىش؛ يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، مەلۇم شەيئى ياكى ھادىسىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى كىشىلەرگە تېخىمۇ ئېنىق، ئوبرازلىق قىلىپ گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىش ئارقىلىق، كىشىلەرنى شۇ شەيئى ياكى ھادىسىگە جەلپ قىلىش ۋە شۇ ئارقىلىق ئۇلارنى تەسىرلەندۈرۈشتىن ئىبارەت. قىسقىسى، بۇ ئۇسۇلنى جايىدا، مۇۋاپىق قوللانغاندا، ئاڭلىغۇچى ياكى ئوقۇرمەننى شۇ شەيئى، ھادىسە ھەققىدە چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە قىلغىلى، كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىنى ئۇرغۇتۇپ شەيئىلەرنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى ئېچىپ بەرگىلى، تىلنى ئوبرازلىق، جانلىق، تەسىرلىك قىلىپ ئىپادىلەش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

مۇبالىغە بەدىئىي ئەدەبىياتتىكى قەدىمدىن تارتىپلا قوللىنىپ كېلىۋاتقان، ئىپادىلەش ئۈنۈمى يۇقىرى ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەرنىڭ بىر تۈرى بولۇش سۈپىتى بىلەن تاكى ھازىرغا كەلگۈچە ئۆزىنىڭ تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلمەكتە. قەلەمى ئۆتكۈر، تەسەۋۋۇرغا باي خەلقىمىز قەدىمدىن تارتىپلا ئۆزلىرىنىڭ خۇشاللىق ـ قايغۇلىرىنى، ئەينى ۋاقىتتىكى ئىجتىمائىي رېئاللىققا

بولغان پوزىتسىيەسىنى، تەبىئىي شارائىتقا بولغان ساددا دىيالېكتىكىلىق كۆز قاراشلىرىنى، كەلگۈسىگە بولغان ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنى جانلىق، ئوبرازلىق تۈردە ئىپادىلەش ئۈچۈن بۇ ۋاستىدىن كەڭ تۈردە پايدىلانغان ھەم مۇبالىغىنىڭ ئۆلمەس، نادىر ئۈلگىلىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەن.

جۇملىدىن 11 - ئەسىردە ياشاپ ئۆتكەن ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، ئەدىب، دۆلەت ئەربابى يۈسۈپ خاس ھاجىپ «تۈركىي تىللارنى ئىسلام ئەدەبىياتىدا بەدىئىي شېئىرىي تىل دەرىجىسىگە كۆتۈرگۈچى»[1] بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزىنىڭ ئۆلمەس ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىك»تە مۇبالىغە ئۇسۇلىدىن ناھايىتى جايىدا، ئۈنۈملۈك پايدىلانغان. مۇبالىغىنىڭ تۈرلۈك پرىنسىپ، قائىدىلىرىگە قاتتىق ئەمەل قىلىپ، ئۆزىنىڭ بۇ جەھەتتىكى تالانتىنى نامايان قىلغان. مۇبالىغە توغرىسىدىكى بۇ ھەقتە تەتقىقاتلار بىزدە چوڭقۇر ئەمەس، ئۆگەنگەن بىلىملىرىم ۋە توپلىغان ماتېرىياللىرىم ئاساسىدا بۇ ھەقتە قەلەم تەۋرەتتىم. كەڭ ئوقۇرمەنلەرگە پايدىسى تېگىپ قالار دېگەن ئۈمىدتىمەن.

تۆۋەندە «قۇتادغۇ بىلىك»تىكى مۇبالىغە ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمەن:

1. «قۇتادغۇ بىلىك»تىكى مۇبالىغىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى

«قۇتادغۇ بىلىك»تىكى مۇبالىغىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكىنى تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىلار بويىچە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە بولىدۇ.

1) يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇبالىغىنىڭ ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى ئاساس قىلىشتىن ئىبارەت بۇ خىل ئالاھىدىلىكىنى چىڭ تۇتۇپ، ئىپادىلىمەكچى بولغان شەيئىنىڭ ئەسلىي ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىشكە ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلغان. مەسىلەن، ئاپتور «كۈنتۇغدى ئېلىگنىڭ ئايتولدىغا ئادالەت سۈپىتىنىڭ قانداقلىقىنى ئېيتقانلىقى بايانىدا» كۈنتۇغدى ئېلىگنىڭ ئاغزىدىن ئۆزىنىڭ يۇرگۇزۇۋاتقان قانۇنىنىڭ ئادىل قانۇن ئىكەنلىكىنى تەسۋىرلەپ تۆۋەندىكىدەك بايانلارنى بېرىدۇ:

قايۇ ئەلگە كىرسە، مېنىڭ قانۇنۇم،
ئۇ ئەل تۈزىلەر بولسا تاش يا قۇرۇم.
(213 - بەت 830 - بېيىت)

شۇنداقلا، ئايتولدىنىڭ ئاغزىدىن قانداق كىشىلەرگە خىزمەت قىلسا ئەڭ مۇۋاپىق بولىدىغانلىقىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دەيدۇ:

خىزمەت قىلما، قىلساڭ، سېخىيلارغا قىل،
سېخىي ئۆيى ئالتۇن - كۈمۈش ئىشىكى بىل.
(235 - بەت 948 - بېيىت)

ئۇنىڭدىن باشقا، «بەگلىككە لايىق بەگنىڭ قانداق بولۇشى بايانىدا» ئاچ كۆز بەگلەر ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

بولۇر تويمىغۇر ئول كۆزى ئاچ كىشى،
كۆزى ئاچقا يەتمەس بۇ دۇنيا ئىشى.
(445 ـ بەت 2001 ـ بېيىت)

يۇقىرىقى ئۈچ بېيىتتىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بىرىنچى بېيىتتا، قانۇن ئادىل بولسا، قوراماتاشتەك چىڭ ۋە جاھىل كىشىلەرنىمۇ تۈزىگىلى بولىدىغانلىقى؛ ئىككىنچى بېيىتتا، سېخىيلارنىڭ ھەرقانداق ئىشتا كىشىلەرگە نەپ يەتكۈزەلەيدىغانلىقى؛ ئۈچىنچى بېيىتتا بولسا كۆزى ئاچ كىشىلەرنى ھېچقانداق نەرسە بىلەن تويدۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى تەشبىھ مۇبالىغە ۋە ئاددىي مۇبالىغە شەكلىدىن پايدىلىنىپ، ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى چېقىش قىلغان ئاساستا ئىپادىلەپ بەرگەن. ئادىل قانۇننىڭ كىشىلەرنى نۇرغۇن يامان ئىشلاردىن چەكلەپ تۇرىدىغانلىقى؛ سېخىيلارنىڭ مەرد، مەردانە بولىدىغانلىقى؛ ئاچ كۆز كىشىنىڭ مەڭگۈ تويمايدىغانلىقى ھەممىمىزگە تونۇشلۇق بولغان ئوبيېكتىپ ھەقىقەتتۇر. مانا مۇشۇ ئوبيېكتىپ ھەقىقەت يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ يۇقىرىقى مۇبالىغىلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈشىدىكى مۇستەھكەم ئاساسىدۇر .

2) مۇبالىغىنىڭ چېكى بولۇش پىرىنسىپىغا ئەمەل قىلغان ئاساستا ھەددىدىن زىيادە كۆپتۈرۈۋېتىش ياكى ھەددىدىن زىيادە كىچىكلىتىۋېتىشتىن ئىمكان بار ساقلانغان. نېمىنى مۇبالىغە قىلىش، نېمىنى قىلماسلىق مەسىلىسىدە ئەستايىدىل باش قاتۇرغان. مەسىلەن:

«ئۆگدىلمىشنىڭ خەزىنىدارلىققا قانداق كىشى لازىملىقى توغرىسىدا ئىلىگكە ئېيتقانلىرى»دا ئاپتور تۆۋەندىكى بايانلارنى بېرىدۇ:

كېرەك ۋاقىتتا بىر خەس، بولۇر پىلغا تەڭ،
جىمى نەرسىگە بۇ ئوخشىشىپ كېتەر.
(595 ـ بەت 2820 ـ بېيىت)

دېيىش ئارقىلىق، بىر ئادەمگە مەلۇم بىر نەرسىنىڭ لازىم بولغان ۋاقىتتا ئۇ نەرسە گەرچە ئوت ـ چۆپكە ئوخشاش ئادەتتىكى نەرسە بولسىمۇ، ئەمما ۋاقتى كەلگەندە پىلغا تەڭ بولىدىغانلىقى، قىممىتىنىڭ ئاشىدىغانلىقىنى كىشىلەر ھېس قىلالايدىغان شەيئى ئارقىلىق مۇۋاپىق ئىپادىلىگەن بولسا، «ئۇدغۇرمىشنىڭ ئۆگدىلمىشكە دۇنيادىن يۈز ئۆرۈپ بارغا قانائەت قىلىش ھەققىدە ئېيتقانلىرى»دا ئاپتور ئۆلۈم ھەققىدە سۆزلەپ:

تاراتتى ئۆلۈم تولا توپلارنى، باق،
ئۆلۈمنى ئەسلىسەم كۆز يېشىم بۇلاق.
(997 ـ بەت 4829 ـ بېيىت)

دېيىش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتىكى كۆزقارىشى ۋە كەيپىياتىنى «كۆز يېشى بۇلاق بولماق» دېگەن مۇبالىغە ئارقىلىق ئىپادىلىگەن. يۇقىرىقى ھەر ئىككى مۇبالىغە چېكى بولۇش، جايىدا بولۇش پرىنسىپىغا ئۇيغۇن بولغاچقا، كىشىلەردە بىر خىل غەيرىيلىك تۇيغۇسى پەيدا قىلمايدۇ.

3) ئەسەردە ئىشلىتىلگەن مۇبالىغىلەر ناھايىتى ئېنىق، روشەن بولۇپ، بىر كۆرۈش بىلەنلا ئۇنىڭ مۇبالىغە ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. مەسىلەن، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىنسان ئۆمرىنىڭ ئىنتايىن قىسقا ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ناھايىتى تېز ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقىنى ئەسەرنىڭ 693 ـ، 1175 ـ، 1274 ـ، 1332 ـ، 1396 ـ بېيىتلىرىدا تىرىكلىك (ئۆمۈر)نى «شامالدەك كېتەر»، «بوراندەك ئۆتەر»، «يەلدەك كېچەر»، «چۈشتەك كېچەر» دېگەندەك تەشبىھ مۇبالىغە شەكىللىرى ئارقىلىق ئىپادىلەپ، كىشىلەرنى ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇشقا ئۈندەش بىلەن بىللە ئۇلارنى ئاشۇ قىسقىغىنا ۋاقىتنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈشكە دەۋەت قىلغان.

4) مۇبالىغىنى ھەممە جايدا قارا ـ قويۇق قوللىنىشتىن ساقلىنىپ، مەزمۇننى ئىپادىلەش ئېھتىياجىغا قاراپ دەل جايىدا قوللىنىشقا ئالاھىدە دىققەت قىلغان. بىز پۈتۈن ئەسەرنى باشتىن ـ ئاخىر تەپسىلىي كۆرۈش جەريانىدا، 6645 بېيىتلىق بۇ زور ھەجىملىك ئەسەردە، ئاپتورنىڭ پەقەت يۈز نەچچە بېيىتتىلا مۇبالىغە ئۇسۇلىنى قوللانغانلىقىنى بايقىدۇق. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئاپتور ئەسەردە پەقەت ئۆزى ئەڭ زۆرۈر دەپ قارىغان، مەزمۇننى ئىپادىلەش، كۈچەيتىش، گەۋدىلەندۈرۈشكە پايدىلىق بولغان جايلاردا بۇ خىل ۋاستىنىڭ ياردىمىگە تايانغان.

5) «قۇتادغۇ بىلىك»تىكى مۇبالىغىنىڭ يەنە بىر گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى شۇكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مۇبالىغە ھاسىل قىلىشتا كۆپلۈكنى بىلدۈرىدىغان سانلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغانلىقىدۇر. بۇنىڭدا ئاساسلىقى «مىڭ، تۈمەن، يۈزمىڭ، تۈمەنمىڭ» دېگەن سانلاردىن پايدىلىنىپ، دېمەكچى بولغان پىكرىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش، تەكىتلەش مەقسىتىگە يەتكەن. ئاپتور ئەسەردە يۇقىرىقى سانلاردىن پايدىلىنىپ ھاسىل قىلغان مۇبالىغىلەر ئىچىدە، «مىڭ» بىلەن كەلگەن مۇبالىغە 59 جايدا، تۈمەنمىڭ بىلەن كەلگەن مۇبالىغە 20 جايدا، تۈمەن بىلەن كەلگەن مۇبالىغە توققۇز جايدا ئۇچرايدۇ. بۇ «قۇتادغۇ بىلىك»تىكى قوللىنىلغان مۇبالىغە ئۇسۇلىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلغان. مەسىلەن:

يېغى بىر بولسىمۇ، مىڭدۇر زىيىنى،
مىڭ بولسىمۇ دوست، ئاز دەپ بىل ئۇنى.
(863 ـ بەت 4190 ـ بېيىت)

خىزمەتلە (خىزمەت ئىلە) خۇش قىلسالىڭ ئاتا ـ ئانانى،
تاپارسەن تۇمەنمىڭ كۆپ پايدا ئاسىغ.
(357 ـ بەت 1569 ـ بېيىت)

تولا سۆزلىمە سۆز، بىرەر سۆزلە ئاز،
تۇمەن سۆز تۈگۈنىن بۇ بىر سۆزدە ياز.
(77 ـ بەت 172 ـ بېيىت)

2. «قۇتادغۇ بىلىك»تىكى مۇبالىغىنىڭ ئاساسلىق شەكىللىرى

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئىستىلىستىكىسىدا مۇبالىغە شەكىل جەھەتتىن ئادەتتىكى مۇبالىغە، باشقا ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن مۇبالىغە ۋە ئاشۇرما مۇبالىغە دەپ ئۈچ تۈرگە، مەزمۇن جەھەتتىن كېڭەيتىلگەن مۇبالىغە ۋە تارايتىلغان مۇبالىغە دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بىراق، كىلاسسىك ئىستىلىستىكىدا مۇبالىغىنى تۈرگە ئايرىشتا ئوخشىمىغان ئۆلچەم ئاساس قىلىنغان. يەنى، سۈپەتنىڭ تەكىتلىنىش دەرىجىسى ۋە ئىدراك قىلىش يوللىرىنى ئاساس قىلغان. چۈنكى، مۇبالىغە بەلاغەت ئىلمىدە دەسلەپتە «چۆكمەك» مەنىسىدىكى «ئىغراق» نامى بىلەن ئاتىلىپ سۈپەتنىڭ تەكىتلىنىش دەرىجىسى نۇقتىسىدىن بىرنەچچە تۈرگە بۆلۈنگەن. «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ مەيدانغا كەلگەن ۋاقتى ۋە تىل ئالاھىدىلىكىدىن، شۇنداقلا ئاپتور ياشىغان ئىجتىمائىي مۇھىت، دەۋر نۇقتىلىرىدىن ئەسەردىكى مۇبالىغىنىڭ شەكىللىرىگە نەزەر تاشلايدىغان بولساق، ئۇنىڭ بەلاغەت ئىلمىدىكى تۈرگە بۆلۈش ئۇسۇللىرىغا ماس كېلىدىغانلىقىنى بايقايمىز ھەم مۇشۇ خىل ئۇسۇل بويىچە تۈرگە ئايرىپ، تەھلىل قىلىشنى ئەقىلگە مۇۋاپىق دەپ قارايمىز. چۈنكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەينى ۋاقىتتىلا بىر ئىسلام ئۆلىماسى بولۇش سۈپىتىدە ئەرەب، پارس تىللىرىنى پىششىق ئىگىلىگەن. ئەرەب، پارس ئەدەبىياتىدىكى نادىر ئەسەرلەر بىلەن تونۇشقان ۋە ئۇلاردىن ئوزۇق ئالغان. ئەمدى «قۇتادغۇ بىلىك»تىكى مۇبالىغىنىڭ تۈرلىرىگە كەلسەك، بەلاغەت ئىلمىدىمۇ ئەڭ دەسلەپتە مۇبالىغىنىڭ ئۆلچىمى ۋە ئۇنىڭ تۈرگە بۆلۈنۈشىدە ئوخشاش بولمىغان كۆزقاراشلار بارلىققا كەلگەن. ئەمما، كېيىنكى مەزگىللەرگە كەلگەندە، بەلاغەت ئىلمىدە بىز يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك سۈپەتنىڭ تەكىتلىنىش دەرىجىسى ۋە ئىدراك قىلىش يوللىرى ئاساس قىلىنغان. بۇنىڭدا مۇبالىغە تەبلىغ (ئاددىي مۇبالىغە)، ئىغراق (مۇرەككەپ مۇبالىغە)، غۇلۇۋ (مۇبالىغىنىڭ ئەڭ يۇقىرى چېكى) دېگەن ئۈچ تۈرگە ئايرىلغان. تۆۋەندە ھەرقايسى تۈرلەر ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

1) تەبلىغ (ئاددىي مۇبالىغە)

شەيئى، ھادىسىلەرنى ئەسلىدىكى ھالىتىدىن ئەقىل قوبۇل قىلالايدىغان ۋە مەنتىقىغە ئۇيغۇن دەرىجىدە ئازراق كۆپتۈرۈپ كۆرسىتىش تەبلىغ دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

پەزىلەت كېرەك ساڭا تۇتۇشقا جاھان،
قولان تۇتقىلى، كۆر، كېرەك ئارسلان.
(97 ـ بەت 284 ـ بېيىت)

بۇ خانلىق مىسالى باش ئۆزە قىلىچ،
كۆڭگە ئاڭا مىڭ خەتەرلىك ئىشى.
(471 ـ بەت 2155 ـ بەت)

كىشىدىن ـ كىشىگە مىراس سۆز قالۇر،
مىراس سۆزنى تۇتساڭ يۈز پايدا بولۇر.
(79 ـ بەت 190 ـ بېيىت)

بۇ يەردە جاھاننى تۇتۇش ئۈچۈن كىشىلەردە نۇرغۇن ئېسىل ئەخلاق ـ پەزىلەتلەرنىڭ ھازىرلىنىشى كېرەكلىكى، ئوردىدا دائىم خەتەرلىك ئىشلارنىڭ يۈز بېرىپ تۇرىدىغانلىقى، باشقىلاردىن قالغان ياخشى سۆز ـ ئىبارىلەرنى ئېسىدە چىڭ ساقلاشنىڭ كىشىلەرگە زور پايدا ئېلىپ كېلىدىغانلىقى «مىڭ»، «يۈز»دىن ئىبارەت كۆپلۈكنى بىلدۈرىدىغان سانلارنىڭ ياردىمىدە ئاشۇرۇپ ئىپادىلەنگەن. بۇنداق مۇبالىغىلەرنى ئەقىل تېزلا قوبۇل قىلالايدۇ. شېئىرىي ئەسەرلەردە مۇبالىغىنىڭ بۇ خىل شەكلى شائىرلارنىڭ ھېسسىياتىنى كۈچەيتىپ ئېرەك ئىپادىلىشىدە ئاكتىپ رول ئوينايدۇ.

2) ئىغراق (مۇرەككەپ مۇبالىغە)

ئىغراق — مۇبالىغىنىڭ تەبلىغ شەكلىگە قارىغاندا دەرىجىسى ئۈستۈنرەك بولغان شەكلىدۇر. ئۇنىڭدا شەيئى، ھادىسىلەر ئەسلىدىكى ھالىتىدىن تېخىمۇ كۆپتۈرۈپ كۆرسىتىلگەن بولىدۇ. مەسىلەن:

ئەقىلدۇر بۇرۇندۇق، ئاڭا يەتسە ئەر،
تۈمەنىڭ تىلەكى بولسا ھەم يېتەر.
(73 ـ بەت 159 ـ بېيىت)

ھۆكۈمدارغا خىسلەت كېرەك مىڭ تۈمەن،
ئۇنىڭلە تۇتسا ئەل، يوقالۇر تۇمان.
(99 ـ بەت 285 ـ بېيىت)

بىرى تىل، ئۇ بىرسى بوغۇز گال ئېرۇر،
ئەگەر تۇتساڭ چىڭ، نەپئى دەريا بولۇر.
(247 ـ بەت 993 ـ بېيىت)

مۇنى قىلدىڭ ئەمدى ماڭا سەن ئاتا،
قىلۇرمەن بۇڭا شۇكۇر يۈز مىڭ قاتا.
(645 ـ بەت 3058 ـ بەت)

يۇقىرىقىلاردا بىر ئادەمنىڭ تۇمەنمىڭ تىلىكى بولۇش، ھۆكۈمدارغا مىڭ تۇمەن خىسلەتنىڭ كېرەك بولۇشى، بىرەر ئىشنىڭ پايدىسىنىڭ دەرىيادەك بولۇشى، بىر ئىشقا يۈز مىڭ قېتىم شۈكۈر قىلىش قاتارلىقلار نورمال تۇرمۇشتا ئىمكانىيەتنىڭ سىرتىدىكى ياكى يۈز بېرىش مۇمكىنچىلىكى يوق ئىشلار بولسىمۇ، لېكىن مەلۇم ئىشنىڭ دەرىجىسىنى ۋە قېتىم سانىنى «كۆپ تەكىتلىگەن ۋە كۆچەيتكەن» بولغاچقا، ئۇنى ئەقىل قوبۇل قىلالايدۇ.

3) غۇلۇۋ (مۇبالىغىنىڭ ئەڭ يۇقىرى چېكى)

مۇبالىغىدىكى كۆپتۈرۈش ھەقىقەت چېكىدىن ئېشىپ كېتىدىغان ۋە ئەقىل ئۇنى ئاسانلىقچە قوبۇل قىلالمايدىغان ياكى مەنتىقىگە سىغمايدىغان، شۇنداقلا ھاياتتىمۇ ھېچ ۋاقىت يۈز بەرمەيدىغان دەرىجىدىكى، ئالدىنقىلىرىغا قارىغاندا دەرىجىسى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن مۇبالىغە شەكلىدۇر. مەسىلەن:

يارار ئۇ يەتتە قات كۆكنى دانىدەك،
چۇقۇر دۆڭنى ئۇششاق قىلىپ ئاجرىتۇر.
(591 ـ بەت 2787 ـ بېيىت)

خىيانەتچى نەگە قول سۇنسا ئەگەر،
دېڭىزمۇ سوغىلار، قۇرۇپ كېتەر يەر.
(605 ـ بەت 2866 ـ بەت)

ئادىل قانۇن كۆككە بىر تۈۋرۈك ئېرۇر،
بۇزۇلسا ئۇ قانۇن ئاسمان يىقىلۇر.
(723 ـ بەت 3463 ـ بېيىت)

يۇقىرىقىلاردىكى «يەتتە قات كۆكنى دانىدەك يېرىش»، «چۇقۇر دۆڭنى ئۇششاق قىلىپ ئاجرىتىش»، «خىيانەتچى تۈپەيلىدىن دېڭىزنىڭ تارتىلىپ، يەرلەرنىڭ قۇرۇپ كېتىشى»، «قانۇننىڭ بۇزۇلۇشى تۈپەيلىدىن ئاسماننىڭ يىقىلىپ چۈشۈشى» قاتارلىق كۆپتۈرۈشلەر ئاڭلىغۇچىدا تەسۋىرلىنىۋاتقان ئوبيېكتنىڭ مۇھىملىق دەرىجىسى ھەققىدە تەسەۋۋۇر پەيدا قىلالايدۇ.

مۇبالىغە يەنە بەدىئىي ئەدەبىياتتا باشقا ۋاسىتىلەر بىلەن، بولۇپمۇ ئوخشىتىش بىلەن زىچ

گىرەلەشكەن ھالدا قوللىنىلىدۇ. بۇ خىل مۇبالىغىنى ئادەتتە بەلاغەت ئىلمىدە «تەشبىھ مۇبالىغە» (ھازىر تىلىمىزدا باشقا ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر بىلەن كەلگەن مۇبالىغە دەپ ئىشلىتىلىۋاتىدۇ) دەپ ئاتايدۇ. كۆپ ھاللاردا مۇبالىغە بىلەن تەشبىھ (ئوخشىتىش) بىر - بىرىگە زىچ باغلىنىپ، بىر - بىرىنى مەنە جەھەتتىن كۈچەيتىدۇ ۋە بەدىئىي تەسىر جەھەتتىن كېڭەيتىش ھەم چوڭقۇرلاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ[2]. ئەدەبىياتتا مۇبالىغىنىڭ بۇ خىل شەكلىدىن كىلاسسىكلىرىمىز ناھايىتى يۇقىرى ماھارەت بىلەن پايدىلانغان. شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ ئۆز ئەسىرىدە بۇ خىل ئۇسۇلدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىپ، بۇخىل مۇبالىغە شەكلىنىڭ نەمۇنىسىنى ياراتقان. مەسىلەن:

ئىلىگنىڭ بوينى قىلدەك، مۇناردەك بېشى
ئۇڭا بەك ئىشەنمەس ئەقىللىك كىشى.
(471 ـ بەت 2154 ـ بېيىت)

تىرىكلىك بوراندەك ئۆتەر ئۇ كېچىپ ،
ئىگرايمەن ئۆزۈمگە بىكار ئېچىنىپ.
(283 ـ بەت 1175 ـ بەت)

بۇڭا ئوخشىتىپ ئۇ ، ئاڭلا، نېمە دەر،
بىلىمى دېڭىزدەك، مەڭزى قىزىل ئەر.
(139 ـ بەت 480 ـ بېيىت)

كىشىگە تېپىلسا دەل كېرەك نېمە،
بىلىنگەي پىل كەبى ئۇ خەستەك نېمە.
(595 ـ بەت 2817 ـ بېيىت)

يۇقىرىقىلاردىكى «ئىلىگنىڭ بوينى قىلدەك، بېشى مۇناردەك»، «تىرىكلىك بوراندەك ئۆتەر»، «بىلىمى دېڭىزدەك»، «بىلىنگەي پىل كەبى ئۇ خەستەك نېمە» دېگەنلەر تەشبىھ مۇبالىغىنىڭ تىپىك مىساللىرىدۇر.

يۇقىرىدا بىز «قۇتادغۇ بىلىك»تىكى مۇبالىغىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇنىڭ بىرقانچە تۈرى بىلەن تونۇشۇپ ئۆتتۇق. بۇ بايانلىرىمىزنى يىغىنچاقلاپ كەلسەك، بۇلاردىن شۇنداق خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدۇكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىر پىشقان تىل ئۇستىسى بولۇپ، ئەسەردە مۇبالىغە ئۇسۇلىنى جايىدا، جانلىق قوللىنىشقا ئەھمىيەت بەرگەن ھەمدە ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتكە ھۆرمەت قىلىش ئاساسىدا چىڭ تۇرۇپ، چېكى بولۇش، كىشىلەرگە تەبىئىي تۇيغۇ بېرىش، مەزمۇنغا ماسلاشتۇرۇش، قانداق جايدا قايسى

مۇبالىغە شەكلىنى ئىشلىتىش قاتارلىق مەسىلىلەردە كۆپ كۈچ سەرپ قىلغان ھەمدە كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان يول تۇتۇپ، مۇبالىغىدە يېڭى بولۇش، قايتا تەكرارلانماسلىق، جانلىق، تەبىئىي بولۇشقا كاپالەتلىك قىلغان. بىز بۇلاردىن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مۇبالىغە ھەققىدىكى بىلىملەردىن تولۇق خەۋەردار ئەدىب ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئەسەر تىلىغا ئىنتايىن ئەستايىدىل پوزىتسىيەدە بولغانلىقىنى، بۇ جەھەتتە كېيىنكىلەرنىڭ ئۆگىنىشىگە، ۋارىسلىق قىلىشىغا تېگىشلىك نۇرغۇن تەرەپلەرنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىپ يېتەلەيمىز.

ئىزاھلار

① م. ئۆلكۈتاشىر: «بۈيۈك تىلچى مەھمۇد كاشغەرىي»، 17 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، تۈركچىدىن تۇرسۇنئاي ساقىم تەرجىمىسى.

② ئىمىن تۇرسۇن: «ئەدەبىياتىمىزدا تەشبىھ مۇبالىغە»، «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى، 1998 ـ يىللىق 4 ـ سان، 86 ـ بەت.

پايدىلانمىلار

1. يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇ بىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

2. ئىمىن تۇرسۇن: «ئەدەبىياتىمىزدا تەشبىھ مۇبالىغە»، «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى، 1998 ـ يىللىق 4 ـ سان، 86 ـ بەت.

3. ئارسلان ئابدۇللا: «قۇتادغۇ بىلىك ئىستىلىستىكىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى 6 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

4. يولۋاس راشىدىن: «ئىستىلىستىكا ساۋاتى»، شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى باستۇرغان، 2002 ـ يىلى 5 ـ ئاي.

(ئاپتور بايىنغولىن پېداگوگىكا مەكتىپى ئوقۇتۇش تەتقىقات بۆلۈمىدە)

# فولكلور ئەسەرلىرىنى خاتىرىلەش ۋە تەھرىرلەش ھەققىدە

گۈلجاھان خۇشدىل

قايسىلا مىللەت ياكى قوۋمدا بولسۇن، ئاغزاكى ئەسەرلەر ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپ مەۋجۇتتۇر. يەنى، ئىنسانلاردا يېزىق تېخى ئىجاد قىلىنمىغان دەۋرلەردىن تارتىپلا كىشىلەر بەدىئىي ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ، ئۇنى ئاغزاكى شەكىلدە تارقىتىشنى باشلىۋەتكەن. بۇ خىلدىكى ئەسەرلەر خەلق ئىچىدە ساقلىنىپ، ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ، ئوخشىمىغان دەۋرلەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ، تاۋلىنىپ، ھازىرقى مۇكەممەل شەكىلگە كىرگەن. شۇڭا، ئۇلار بۈگۈنكى كۈندە خەلقنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە مۇھىم تارىخىي، بەدىئىي ۋە ئىلمىي، شۇنداقلا ئەمەلىي ئىشلىتىلىش قىممىتىگە ئىگىدۇر.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مائارىپ، ئىلىم ـ پەن ۋە مەدەنىيەت تەشكىلاتىنىڭ چاقىرىقى بىلەن خەلق غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قېزىش ۋە يوقىلىش گىردابىدىن قۇتقۇزۇش پۈتۈن دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئورتاق تەشەببۇسىغا ئايلاندى. ئېلىمىز ھۆكۈمىتىمۇ بۇ ساھەدە نۇرغۇن ئاكتىپ سىياسەتلەرنى بەلگىلەپ، ئاز بولمىغان ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى ئىشلىدى ۋە شانلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. شۇنداقتىمۇ، يەنە ئىشلەشكە تېگىشلىك، ئىسلاھ قىلىشقا تېگىشلىك، تولۇقلاشقا تېگىشلىك نۇرغۇن يوچۇقلار مەۋجۇت. بۇ يەردە بىز پەقەت خەلق غەيرىي ماددىي مىراسلىرىنىڭ گەۋدىلىك بىر بۆلىكى بولغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى يېزىقتا ئېلىش ۋە تەھرىرلەشكە ئائىت بەزى كونكرېت ئىشلار توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ ئۆتىمىز.

ئاغزاكى ئەدەبىي مىراس دېگەن ۋاقىتتا، بىز ئادەتتە ئۇزاق قەدىمكى زامانلاردىن بۇيان خەلق ئىچىدە ئىجاد قىلىنىپ، خەلق ئىچىدە ساقلىنىۋاتقان تۈرلۈك شەكىل ۋە ژانىرلاردىكى ئاغزاكى ئەدەبىي ئەسەرلەرنى كۆزدە تۇتىمىز. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن خەلق ئىچىدە ئاغزاكى ساقلىنىۋاتقان بۇ خىلدىكى ئەسەرلەرنىڭ بىر قىسمى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە يېزىققا ئېلىنىپ، مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىندى. يەنە بىر قىسمى ھېلىھەم خەلق ئىچىدە ئاغزاكى شەكىلدە ساقلانماقتا. يېزىققا ئېلىنىپ مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ تەجرىبىسىدىن قارىغاندا، بۇ خىزمەتتە سەۋەنلىكلەر مەۋجۇت. بۇنىڭدىن ئەڭ كۆزگە چېلىقارلىق سەۋەنلىكلەردىن بىرسى بەزى ئەسەرلەرنى يېزىققا ئېلىپ تەھرىرلەشتە ئۇنىڭ ئەسلىگە سادىق بولماسلىقتۇر.

بىزگە مەلۇمكى، خەلقنىڭ ئاغزاكى مىراسلىرىنى خاتىرىلەش ۋە ئۇنى تەھرىرلەش بىر قاتار

مەخسۇس قائىدىلەرگە ئىگە. بۇ قائىدىلەرگە رىئايە قىلمىغاندا، ئەسەرنىڭ ئىلمىيلىكىگە، ئىشەنچلىك بولۇشىغا، ماتېرىياللىق قىممىتىگە ئېغىر نۇقسان يېتىدۇ. شۇڭا، خەلق ئاغزاكى مىراسلىرىنى خاتىرىلەش ۋە ئۇنى تەھرىرلەشتە ئۇنىڭغا ئىلمىي نۇقتىدىن ئېھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەسەرنى ئېيتىپ بەرگۈچى قانداق ئادەم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇ شۇ ئەسەرنىڭ ئاپتورى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئۆزى ئېيتىۋاتقان ئەسەرگە تۈرلۈك ئېھتىياجلار بىلەن ئۆز تەجرىبىسىگە ئاساسەن بەزى ئۆزگەرتىشلەرنى كىرگۈزۈپ، ئۇنى تولۇقلايدۇ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ زوقلىنىشىغا مۇۋاپىقلاشتۇرىدۇ. بۇ، خەلق ئىجادىي ئەسەرلىرىدە ۋە خەلق سەنئەتكارلىرىدا دائىم كۆرۈلىدىغان خۇسۇسىيەتتۇر. بۇ خىل خۇسۇسىيەت خەلق ئەسەرلىرىنى خاتىرىلەشتە ۋە كېيىنكى تەھرىرلىك ئىشلىرىدىمۇ ئەينەن ساقلىنىشى كېرەك. ئۇنىڭدا ئېيتىلىۋاتقان ئەسەرنىڭ سۆز - جۈملىلىرى، تەكرارلانغان سۆزلەر، ئىزاھلار، كونا سۆزلەر ۋە دىيالېكت سۆزلىرى ئەينەن يېزىقتا ئىپادىلىنىشى كېرەك. بولمىغاندا، ئەسەرنىڭ سۈپىتىگە ئېغىر نۇقسان يېتىدۇ.

خەلق ئىچىدىكى ئەپسانە، رىۋايەتلەرگە ئوخشاش نەسرىي ئەسەرلەرنى خاتىرىلەش، تەھرىرلەشتە ئەڭ ياخشىسى بىر ئەسەرنى بىرنەچچە خاتىرىلىگۈچى تەڭ خاتىرىلەپ، كېيىن بىر - بىرى بىلەن سېلىشتۇرغان ئاساستا ئۆز ئارا تولۇقلىغان ئەۋزەل. بۇنىڭدا ھەرگىزمۇ ئاۋۋال ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن ئەستە قالغانغا تايىنىپ خاتىرىلەش ياخشى ئۇسۇل ئەمەس.

شۇنىڭغىمۇ ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇكى، خەلق ئاغزاكى مىراسلىرىنى ئېيتىپ بەرگۈچىلەر سۆزلەۋاتقاندا باشقىلارنىڭ تەسىر يەتكۈزۈشىنى خالىمايدۇ. بەزىدە ئۆزلىرىگە توغرىلانغان ئۇنئالغۇ ۋە سىنئالغۇ ئەسۋابلىرىدىنمۇ راھەتسىزلىنىدۇ ياكى جىددىيلىشىدۇ. شۇڭا، ئەسەر خاتىرىلەۋاتقاندا ئىلاج بار خاتىرىلەش ئۈسكۈنىلىرىنى سەنئەتكارلارغا تەسىر يەتكۈزمەيدىغان، ئۇلارنىڭ كۆزى ئاسان چۈشمەيدىغان ئۇسۇللاردا ئىشلىتىپ، ئۇلارنىڭ خاتىرجەم ھالدا ئۆز ئىقتىدارىنى جارى قىلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىش كېرەك. ئۇلار سۆزلەۋاتقاندا قانداقتۇر سوئاللارنى سوراپ، ئۇلارنىڭ دىققىتىنى بۆلۈشكە بولمايدۇ.

خەلق ئىچىدىكى ناخشا - قوشاققا ئوخشاش شېئىرىي شەكىلدىكى ئەسەرلەرنى خاتىرىلىگەندە، چوقۇم خەلق سەنئەتكارلىرى بۇ خىلدىكى ئەسەرلەرنى ئىجرا قىلىۋاتقان نەق مەيداندا خاتىرىلەش كېرەك. چۈنكى، شېئىرىي شەكىلدىكى ئەسەرلەر كۆپىنچە ھاللاردا مۇزىكا بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن ھالدا ئىجاد قىلىنىدۇ ۋە شۇ شەكىلدە ئىجرا قىلىنىدۇ. سەنئەتكارلارمۇ بۇنىڭغا كۆنۈپ كەتكەن بولىدۇ. بۇ خىلدىكى ئەسەرلەرنى خەلق سەنئەتكارلىرىغا مۇزىكىدىن ئايرىغان ھالدا دېكلاماتسىيە قىلدۇرۇش ئۇسۇلىدا خاتىرىلىگەندە، سەنئەتكارلار ئۇنى تولۇق ئېسىگە ئالالماسلىقى، نەتىجىدە ئۇنىڭدىكى نۇرغۇن مۇھىم ئامىللار چۈشۈپ قېلىشى ۋە ئەسەرنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىگە، ئىلمىيلىكىگە، ماتېرىياللىق قىممىتىگە ئېغىر نۇقسان يېتىشى مۇمكىن. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە خاتىرىلىگۈچىگە ئۇچرىغان چۈشىنىكسىز سۆز - ئىبارىلەرمۇ ئەسەر تولۇق خاتىرىگە ئېلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن سەنئەتكارنىڭ چۈشەندۈرۈشىگە ئاساسەن ئىزاھلىنىشى كېرەك. بۇنداق سۆز - ئىبارىلەرنى ئالماشتۇرۇپ خاتىرىلەشكە بولمايدۇ.

خەلق ئىچىدىكى ئاغزاكى ئەسەرلەرنى خاتىرىلەشتە يەنە بىر مۇھىم ھالقا شۇكى، ھەربىر ئەسەرنىڭ ئېيتىپ بەرگۈچىسى، خاتىرىلىگۈچىسىگە ئائىت مەلۇماتمۇ، يەنى ئەسەرنىڭ خاتىرىلەنگەن ئورنى، ۋاقتى،

ئېيتىپ بەرگۈچىنىڭ جىنسى، يېشى، مەدەنىيەت سەۋىيەسى، كەسپى، يۇرتى، خاتىرىگە ئالغان ۋاقتى قاتارلىقلار ئېنىق يېزىلىشى كېرەك. بۇ مەلۇماتلار تولۇق بولمىسا ئەسەرنىڭ ئىشەنچلىك بولۇش دەرىجىسى تۆۋەنلەيدۇ. ئەپسۇسكى، بىزدە يېزىقتا ئېلىنغان نۇرغۇن ئەسەرلەرنىڭ يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش مەلۇماتلىرىنى تاپقىلى بولمايدۇ.

خەلق ئېغىزاكى مىراسلارنى تەھرىرلەشمۇ نازۇك ئىلمىي ئەمگەك بولۇپ، تەھرىرلەردىن ئالاھىدە ئېھتىياتچان بولۇشنى، ئىنچىكە پىكىرلىك بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، خەلق ئېغىزاكى مىراسلار يېزىقتا ئېلىنىشتا ئەينەنلىكنى، ئەسلىگە سادىق بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ تەلەپكە لايىق خاتىرىلەنگەن ئەسەرلەر ئەگەر ئىلمىي يوسۇندا تەھرىرلەنمىسە، يەنىلا ئۇنىڭ قىممىتىگە نۇقسان يېتىدۇ. شۇڭا، بۇ خىلدىكى ئەسەرلەرنى تەھرىرلىگەندە تۆۋەندىكى ئىككى نۇقتىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ:

بىرىنچى، يېزىقتا ئېلىنغان خەلق ئېغىزاكى مىراسلارنى تەھرىرلىگەندە، ئۇنىڭ تىلىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. خەلق ئېغىزاكى مىراسلارنىڭ تارىخى ئۇزۇن، ئوخشىمىغان رايونلاردا ئىجاد قىلىنغان. شۇڭا، ئۇنىڭ تىلىدا ئىستېمالدىن قالغان سۆزلۈكلەر، شېۋىلەر خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ خىل سۆز ـ ئىبارىلەرنى تەھرىرلىكتە خالىغانچە ئۆزگەرتىشكە، هازىرقى سۆزلۈكلەرگە ئالماشتۇرۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ. چۈنكى، بۇ خىلدىكى ئەسەرلەر ئەدەبىياتشۇناسلىق نۇقتىسىدىنلا ئەمەس، بەلكى تىلشۇناسلىق، ئېتنوگرافىيە، تارىخشۇناسلىق نۇقتىسىدىنمۇ مۇھىم بىرىنچى قول ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، ئۇنىڭ ئەينەنلىكى ۋە ماتېرىياللىق قىممىتىنى ساقلاش ئۈچۈن، بىرلا ئۇسۇل تەھرىر بولغۇچى چۈشىنىكسىز سۆز ـ ئىبارىلەرنى ئۆزگەرتىپ هازىرقى تىلغا ئايلاندۇرۇش يولى بىلەن ئەمەس، بەلكى تۈرلۈك شەكىلدىكى ئىزاھات بېرىش يولى بىلەن چۈشەندۈرۈشى كېرەك.

ئىككىنچى، مۇھەررىرلەر يېزىقتا ئېلىنغان خەلق ئېغىزاكى مىراسلارنى تەھرىرلىگەندە، ئۇنىڭ ئەدەبىي ئۇسلۇبىنى ساقلاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. خەلق ئېغىزاكى مىراسلار ئەدەبىي ئەسەر بولغاچقا، ئۇلار ئوخشىمىغان ئەدەبىي شەكىللەردە ئىجاد قىلىنىدۇ ۋە ئوبراز يارىتىشتا نۇرغۇن بەدىئىي ۋاسىتىلەر قوللىنىلغان بولىدۇ. تەھرىرلەش جەريانىدا بۇ خىل خاس شەكىللەر ۋە ۋاسىتىلەرنىڭ ئەينەنلىكىنى ساقلاشمۇ يېزىقتا ئېلىنغان خەلق ئېغىزاكى مىراسلارنىڭ قىممىتىنى تولۇق نامايان قىلىشتىكى مۇھىم ھالقىلاردىن بىرسى ھېسابلىنىدۇ.

قىسقىسى، يېزىقتا ئېلىنغان خەلق ئېغىزاكى مىراسلارنىڭ ئەينەنلىكىنى ساقلاش، ئەسلىگە سادىق بولۇش بۇ خىلدىكى ئەسەرلەرنىڭ بەدىئىي، ئىلمىي ۋە تارىخىي قىممىتىنى نامايان قىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى بولۇپ، خاتىرىلىگۈچى ۋە تەھرىرلىگۈچى خادىملارنىڭ ئورتاق تىرىشىشى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. بۇ نازۇك ھالقىلارغا تەڭ ئەھمىيەت بەرگەندىلا خەلق ئېغىزاكى مىراسلانى ئىشەنچلىك، يۇقىرى پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە شەكىلدە ھەم تەتقىقاتچىلارغا سۇنغىلى ۋە ھەم كېيىنكى ئەۋلادلارغا مىراس قىلىپ قالدۇرغىلى بولىدۇ.

(ئاپتور ش ئۇ ئا ر مىللىي ـ دىنىي ئىشلار ئىدارىسى قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا)

ھەمدخان ئىسلامى (ئۆزبېكىستان)

# «قۇتادغۇ بىلىك»تە «قارشى» ئاتالغۇسى*

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: تۇرسۇن قۇربان تۈركەش

قارشى شەھىرىنىڭ 2700 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتمۈش تارىخىمىزغا ئائىت قول يازمىلارنىڭ ئەسىرلەردىن بۇيان يوشۇرۇنۇپ ياتقان سەھىپىلىرىنى ئېچىپ كۆرۈشكە توغرا كەلدى. قول يازمىلاردا يېزىلغان ناھايىتى مۇھىم دەلىللەرنى زاماندashلىرىمىزنىڭ ئېتىبارىدىن چەتتە قالدۇرماسلىق ئۈمىدىدە بەزى تارىخىي مەنبەلەر توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتۈشنى نىيەت قىلدىم.

840 ـ يىلدىن 1212 ـ يىلىغىچە ھۆكۈمرانلىق قىلغان قارا خانىيلار سەلتەنەتى دەۋرىدە پەن ـ مەدەنىيەت تارىخىغا ئائىت 30 دىن ئارتۇق مەخسۇس ئەسەر يېزىلغانلىقى دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىدىكى مەشھۇر ۋە مۇھىم ۋەقەدۇر. جۈملىدىن فارابى (873 ــ 950)، ئىبنى سىنا (980 ــ 1037)، بىرونىي (973 ــ 1048)، يۈسۈپ خاس ھاجىپ (1019 ~ 1020) ــ (1085 ~ 1086)، مەھمۇد كاشغەرىي (1019 ~ 1020) ــ (1113 ~ 1014) ۋە باشقىلار ئېرىشكەن ئۇتۇقلار جاھان مەدەنىيىتى تەرەققىياتىغا مۇناسىپ ھەسسە بولۇپ قوشۇلدى. ئاشۇ دەۋردە «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» («تۈركىي تىللار دىۋانى») ۋە «قۇتادغۇ بىلىك» قاتارلىق يىرىك ۋە مەشھۇر ئەسەرلەر يارىتىلدى. بۇلار ئۇيغىنىش دەۋرىنىڭ يازما مەنبەلىرى سۈپىتىدە غايەت زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

ھازىر «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ئۈچ قول يازما نۇسخىسى دۇنيا ئىلىم ساھەسىگە مەلۇم. ئۇلار «ۋېنا»، «قاھىرە» ۋە «پەرغانە» قول يازمىلىرىدىن ئىبارەت. مەزكۇر قول يازمىلار ئاساسىدا دۇنيادىكى بىرنەچچە دۆلەت ئالىملىرى تەتقىقات ئېلىپ بارغان ۋە چەت ئەل تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنغان. بۇلار:

1. ۋ.رادلوفنىڭ 1891 ــ 1910ـ يىللاردىكى مەتنى نەشرى.
2. رەشىت رەھمەتى ئاراتنىڭ 1952 ـ يىلىدىكى مەتنى نەشرى.
3. 1972 ـ يىلىدىكى ئۆزبېكچە مەتنى نەشرى (ئىزاھاتى بىلەن 1000 نۇسخا).
4. 1984 ـ يىلىدىكى ئۇيغۇرچە نەشرى (يەشمىسى بىلەن 25000 نۇسخا).
5. 1986 ـ يىلىدىكى قازاقچە تەرجىمىسى (7000 نۇسخا).

---

* ئۆزبېكىستاندا چىقىدىغان «مەرىپەت» گېزىتىنىڭ200 ـ يىلى 21 ـ ئۆكتەبىر سانىدىن ئېلىندى.

6. 1990 ـ يىلىدىكى  رۇسچە تەرجىمىسى (10000 نۇسخا)
بۇلاردىن باشقا، ئەسەرنىڭ نېمىس، ئىنگلىز ۋە خەنزۇ تىللىرىدىكى تەرجىمىلىرىمۇ نەشر قىلىندى. كېيىن «پەرغانە» نۇسخىسىنىڭ فاكسىمىل نەشرى مەيدانغا كەلدى.
هازىرمۇ «بەگ»ۋە «بېك» ئاتالمىلىرى مەۋجۇت. يۈسۈپ خاس هاجىپ 1068 ــ 1070 ـ يىللاردا يازغان «قۇتادغۇ بىلىك » ئەسىرىدە ئۇنى «بەگ» شەكلىدە بەرگەن. «بەگ»ئەرەبچە «ئەمىر»، تاجىكچە «پادشاھ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. كەمىنەنى داستاندىكى بەگلەرنىڭ ماكانى بولغان «قارشى» ئاتالغۇسى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. جۈملىدىن، «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ 1972 ـ يىلىدىكى تاشكەنت نەشرىدە تۆۋەندىكىلەر كۆزگە چېلىقىدۇ:

بۇ بەگلەر ئەۋى ئاتى قارشى تۇرۇر،
بۇ قارشى ئىچىدەكى قارشى تۇرۇر.

(بۇ بەگلەر ئۆيىنىڭ ئېتى قارشى «سارايدۇر»،
بۇ قارشى «ساراي» ئىچىدىكىلەر قارىمۇ ـ قارشىدۇر)

بىرىنچى بېيىتتا ئىككى مەندە يېزىلغان «قارشى» ئاتالغۇسىنى بىرلا مەندە ئىزاهلاش مەندە شۈبهە تۇغدۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئەسەرنىڭ قول يازمىسىغا مۇراجىئەت قىلىشىمغا توغرا كەلدى.
مەن بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۆزبېكىستان رېسپۇبلىكىسى پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئەبۇ رەيهان بىرونىي نامىدىكى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى قول يازمىلار خەزىنىسىدە ساقلىنىۋاتقان «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ پەرغانىدىن تېپىلغان قول يازمىسى بىلەن داستاننىڭ «قاهىرە» دەپ شەرتلىك ئاتالغان فوتو نۇسخىسىنى كۆرۈپ چىقتىم. شۇنىڭ بىلەن يۇقىرىدىكى مەتىننى قول يازمىغا سېلىشتۇرغىنىمدا بىرىنچى مىسرانىڭ خاتا ئوقۇلغىنى ۋە ئىككىنچى مىسرانىڭ ئىزاهاتىدىمۇ مەسىلە بارلىقى مەلۇم بولدى. داستاندىكى بىر بۆلۈك بېيىتلارنى تەكرارلاش ۋە ئۇلارنىڭ مەنە ۋە مەتنقە ئىزچىللىقىنى تەهلىل قىلىش مەسىلىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىشىمىز ئۈچۈن ياردەم بەردى.

بۇ بەگلەر ئەۋى ئاتى قارشى تۇرۇر،
بۇ قارشى ئىچىدەكى قارشى تۇرۇر.

(بۇ بەگلەر ئۆيىنىڭ ئېتى «قارشى»دۇر،
بۇ«قارشى» ئەهلى ئۆزئارا قارشىدۇر.)

تەبىزلىك بولۇر بۇ قاپۇغدا ئۇقۇش،
تەبىز قايدا ئەرسە تۇتۇش ئول ئۇرۇش.

(بۇ دەرگاھتا كۆپرەك ھەسەتچى بولۇر،
ھەسەت قايدا بولسا ئۇرۇش قوزغىلۇر.)

بۇ ياڭلىغ ئۇچۇن قارشى قارشى بولۇر،
ئىكى كۈن قارىشسا بىرىسى ئۆلۇر.

(ساراي ئەھلى شۇڭا قارىمۇ قارشىدۇر،
ئىككىسى قارشىلاشسا، بىرسى ئۆلۇر.)

بىرىنچى بېيتنىڭ بىرىنچى مىسراسى «بەگ»لەرنىڭ تۇرىدىغان ئۆي ـ ماكانىنىڭ «قارشى» دەپ ئاتىلىدىغانلىقى ۋە بۇنىڭ ئۆز نۆۋىتىدە دۇشمەنگە قارشى «جاي»لىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئىككىنچى مىسراسى بولسا دۈشمەنگە قارشى كۈرەش قىلغۇچى، مۇنتىزىم ھەربىي قوشۇن، ئېنىقراق ئېيتقاندا، ئالدىنقى جەڭگىۋار ــ ھۇجۇمچى قوشۇننىڭ «قارشى» دېيىلىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئەمدى ئاتالغۇ ۋە ئىبارىلەرنىڭ ئىملاسىغا ئاساسەن تەھلىل قىلىدىغان بولساق، قول يازمىنىڭ ئىككىنچى مىسراسىدا «قارشى»دىكى «قاف» ئەلىفسىز يېزىلغان. شۇنداق بولغاندا، بۇ يەردىكى «قارشى» ياۋغا قارشى، يەنى دۈشمەن بىلەن يۈزمۇيۈز جەڭ قىلغۇچى، دېگەن مەنىدە ئاتالغۇ بولۇپ چىقىدۇ. دېمەك، ئۇلۇغ شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ يەردە تەجنىس سەنئىتىدىن پايدىلانغان بولۇپ، ھېچقاچان «قارشى»نىڭ «ساراي» مەنىسىنى نەزەردە تۇتمىغان. چۈنكى، بىر شەھەردە بىرنەچچە ساراي بولغان، ئۇلار تاجىكچە «مېھمانخانا» مەنىسىدىكى ئاقساراي، كۆكساراي، قاراساراي ۋە كارۋانساراي دەپ ئاتالغان. كونا تۈركچىدە سارايىنى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قاپۇغ» دەپ يازغانلىقى بىزگە يۇقىرىقى مىساللاردىن ئايان بولدى. «قارشى» ئاتالمىسىغا «ئۆزبېكىستان ۋىلايەتلىرى توپونومىلىرى» كىتابىدا بىر تەرەپلىمە ھالدا «ساراي» دەپ ئىزاھات بېرىشمۇ تازا توغرا بولمىغان.

«قارشى» ــ دۆلەت ۋە ۋەتەننى تاشقى ياۋ ـ دۈشمەنلەردىن قوغداشقا ماسلاشقان، مۇستەھكەم قورغانلىق، ئىستراتېگىيەلىك ئورۇندۇر. ئۇنى ئۆز دەۋرىدىكى مۇداپىئە شەھىرى، «ھەربىي ئوردا» جايلاشقان چوڭ شەھەر مەنىسىدىمۇ چۈشىنىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، «قارشى» ــ ئاشۇ قورغاندا دۈشمەن بىلەن ھەر ۋاقىت قارشىلىشىپ، ئۇرۇشقا تەييار تۇرغان ئاۋانگارت قىسىمنىڭ ئاتىلىشىدۇر. چۈنكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك»نى يازغان 11 ـ ئەسىردە قاراخانىيلار سەلتەنەتىگە قارشى ئىككى دۈشمەن ــ غەزنەۋىيلەر سۇلتانلىقىنىڭ تەھدىتى ۋە سەلجۇقىيلار ئىمپېرىيەسىنىڭ ھۇجۇم خەۋپى ھەرقاچان مەۋجۇت ئىدى. ئەنە شۇنداق سەۋەبلەر بىلەن «قارشى» دۈشمەنگە زەربە بەرگۈچى جاي ۋە كۈچ مەنىسىدە ئىستېمال قىلىنغان ھەم مۇھىم رول ئوينىغان.

ۋ . بارتولود «قارشى»نى ئۇيغۇرچە ئاتالغۇ دەپ كۆرسەتكەن. تارىخچى موللا سالاھىددىن خوجا ئىبنى موللا ئاللائۇددىن يەزدىينىڭ (14 ــ 15 ـ ئەسىر) «ئەمىر تېمۇر كوراگان ھەققىدە قىسسە» ناملىق

ئەسىرىدە: «ساھىبقىران مىڭبىر جاپالار بىلەن ئاخىر قارشىگە كەلدى» دېگەن جۈملىلەر ئۇچرايدۇ. «شەرەپنامە» مۇئەللىپىمۇ «قارشى»نى ئۇيغۇرچە ئاتالغۇ، بۇ سۆز ئۇيغۇر تىلىدا «ھەيۋەتلىك ئىمارەت» دېگەنلىكتۇر، دەپ چۈشەندۇرگەن ۋە ئەسىرىدە: «ئۇردا شۇنچە ئېگىز ياسالغانكى، ئاپتاپ چىققاندا سايىسى بىر كۈنلۈك يولغىچە چۈشەتتى» دەپ يازغان. بۇ تەسۋىردىن «قارشى» قورغىنىنىڭ 20 ــ 30 مېتىر ئېگىزلىكتە ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئەمەس. «گۆر ئوغلى سۇلتان» داستانىدىكى: «گۆر ئوغلى سۇلتان شۇنداق بىر قەلئە ياساتتىكى، ئېگىزلىكى 40 غۇلاچ، كەڭلىكى ئالتە غۇلاچ كېلىدۇ» دېگەن بايانلار «قارشى» ئاتالغۇسى ھەققىدىكى مۇھاكىمىمىزنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ.

ئومۇمەن، «قارشى» ئاتالغۇسى «قورغان» مەنىسىنىمۇ بىلدۈرىدۇ. قورغان ئەرەبچىدە «قەلئە» دېگەن مەنىدە. مەنبەلەردە ئېيتىلىشىچە، قارشىدا 5000 ئاتلىق قوشۇن تۇرغان، ئەگەر ھەربىر ئەسكەرگە ئىككىدىن ئات سەپلەپ بېرىلسە، شۇنداقلا مۇلازىملار، غول قىسىم، ئوڭ قانات ۋە سول قانات جەڭچىلەر قوشۇپ ھېسابلانسا، بۇ تۇمەن كىشىلىك ئاتلىق ئەسكەر بولىدۇ، دېگەن گەپ. بۇنچە زور قوشۇنغا بىر نەچچە «بەگ»نىڭ رەھبەرلىك قىلىدىغانلىقى شۈبھىسىز.

تېگىنبەگ (شاھزادە)، ئىنانچبەگ ۋە باشقا بەگلەر شۇ چاغلاردا قارشىدا تۇرۇپ قوشۇنلارغا رەھبەرلىك قىلغان. «قۇتادغۇ بىلىك»تىن ئېلىنغان يۇقىرىقى نەقىللەردە مەخسۇس قوشۇنلارغا ئىگە بولغان بۇ بەگلەر ئەگەر تەبلىزلىك (پىتنە ـ پاسات) قىلىشسا، ئۇنداقتا ئۆزئارا توقۇنۇشۇپ، ئۇرۇش چىقىرىشى مۇمكىن دېگەن پەند ـ نەسىھەتلەر بېرىلگەن. قارشى سۇ تولدۇرۇلغان كەڭ ۋە چوڭقۇر خەندەك بىلەن قورشالغان.

بەزى تارىخچىلار «قارشى» ئاتالمىسىنىڭ موڭغۇلچە سۆز ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، «موڭغۇلچە ـ رۇسچە لۇغەت»لەردە شۇنداق يېزىلغانىمىش. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ ئەسىرىنى يازغان دەۋردە موڭغۇللارنىڭ قەدىمى بۇ جايلارغا تەگمىگەن تۇرسا، قانداق قىلىپ بۇ ئاتالغۇ موڭغۇلچە بولۇپ قالغۇدەك؟ دېمەك، بۇ ئۇيغۇرلاردىن موڭغۇللارغا ئۆتكەن ئىبارىدۇر. بۇنىڭغا ئوخشاش مەسىلىلەر بىزنى بۈيۈك ئابىدە ــ «قۇتادغۇ بىلىك»نى يەنىمۇ ئۆگىنىپ ۋە چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ مەتنىنىڭ ئەسلىگە توغرا يېشىم بېرەلەيدىغان لۇغەتلەرنى تۈزۈشكە دەۋەت قىلماقتا.

(ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ پىروفېسسورى)



# ئۇيغۇرلاردا ئۆلۈم ئۇزىتىشقا دائىر ئېتنىك ئۆرپ-ئادەتلەر*

ئابلىز مۇھەممەت سايرامى

### 4. ئۇيغۇرلاردا دەپنە شەكىللىرى ۋە يوسۇنلىرى

مەلۇمكى، دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدا ياشىغان خەلقلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىغا ئوخشاشلا، مەركىزىي ئاسىيا — تارىم بوستانلىقىنى ئانا ماكان قىلىپ، بۇ جايدا ئاۋۇپ - كۆپىيىپ جامائەلىشىپ كەلگەن ئۇيغۇر خەلقى ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردە ئۆزگىچە خاس دەپنە شەكىللىرى ۋە دەپنە يوسۇنلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ۋاھالەنكى، دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تەبىئىي شارائىتى، جۇغراپىيەلىك ئىقلىمى، ياشاش شارائىتى، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى، ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيەسى، دىنىي ئېتىقادى ۋە ئۆرپ - ئادەت، قائىدە - يوسۇنلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقى سەۋەبىدىن ئۇلارنىڭ تارىختىكى جەسەتنى (مېيىتنى) بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلى ۋە شەكلى، يەنى دەپنە مۇراسىم ئادەتلىرىمۇ خىلمۇخىل بولۇپ كەلگەن.

دەپنە مۇراسىم ئادەتلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى توغرىسىدا نۇرغۇن كىشىلەر روھ مەڭگۈلۈك قارىشى ۋە ئەجدادقا چوقۇنۇش قارىشىنى دەپنە مۇراسىم ئادەتلىرىنىڭ ئېتىقاد ئاساسى دەپ قارىشىدۇ. ئەمما، ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئېڭىدا ئەڭ دەسلەپ «تۇغۇلۇش»، «ئۆلۈش»تىن ئىبارەت ئۇقۇم شەكىللەنگەندىن كېيىن، ئاندىن روھ مەڭگۈلۈك قارىشى شەكىللەنگەن دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى، ھاياتلىق بىلەن ئۆلۈم بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان بىر - بىرىگە قارىمۇقارشى بولغان ئۇقۇم بولۇپ، ھاياتلىق بولمىسا، ئۆلۈم بولمايدۇ. ئۆلۈم بولمىسا، ھاياتلىقمۇ مەۋجۇتلۇققا ئېرىشەلمەيدۇ. ئىنسانىيەت ئېڭىدا ھاياتلىق ۋە ئۆلۈم ئۇقۇمى شەكىللەنگەن ھامان ئۇلاردا ھاياتلىق بىلەن ئۆلۈمنىڭ مەڭگۈ كېلىشتۈرگىلى بولمايدىغان بىر جۈپ زىددىيەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يېتىدۇ. ئىنسانلار ۋۇجۇدىدىكى پىسخىكىلىق خاھىشنى ۋە تەپەككۇر ئۇسۇلىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ھېسسىياتىنىڭ شەكىللىنىشى بىلەن تەڭ ئىنسانلاردا ھەل قىلىش ۋە يېڭىش ئارزۇ - ئىستەكلىرىمۇ ماس ھالدا پەيدا بولىدۇ. شۇڭلاشقا، دەپنە مۇراسىم ئادىتى قەدىمكى كىشىلەرنىڭ ئۆلۈمنى ئىنكار قىلىش ئارزۇسىنى مەنبە قىلغان ئاساستا رېئاللىقتا ئەكس ئەتكەن دېيىشكە بولىدۇ. يەنى، دەپنە ئادەتلىرى ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ «ھايات - ئۆلۈم» چەمبىرىكىدىن قۇتۇلۇش ھېسسىياتى تەمىنلىگەن بىر خىل ھەرىكەت مىزانىدۇر. ئەلۋەتتە، مۇنداق دېگەنلىك، ھەرگىزمۇ قەدىمكى كىشىلەر مۇراسىم ئادەتلىرىنىڭ فۇنكسىيەسىنى ھەقىقىي يوسۇندا تونۇپ يەتتى دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئۇ كىشىلەرنى ئۆلۈمنىڭ بىر خىل ئاياغلىشىش سىگنالى ئىكەنلىكى

* بېشى ئۆتكەن ساندا

بىلەن تەمىنلىگەن، خالاس[74].

ئىپتىدائىي ئىنسانلار ھاياتلىقتىكى ھەر خىل ئۆلۈملەرنىڭ ھەممىسىنى بىر خىل سىرلىق كۈچنىڭ تەسىرىدىن بولغان، دەپ چۈشەنگەن. بۇنىڭدا روھ ئۆلمەيدۇ قارىشى ھالقىلىق رول ئوينىغان. ئۇلار ئۆلۈمنى بەدەن فۇنكسىيەلىرىنىڭ ئاجىزلىشىشىنىڭ نەتىجىسى دەپ قارىماي، بەلكى ئاجايىپ بىر كۈچنىڭ ئادەم ۋۇجۇدىغا تەسىر قىلىشى ئارقىلىق ئۇنىڭ روھىنى ئېلىپ كېتىشى، دەپ چۈشەنگەنلىكتىن، ئادەمنى تەن ۋە روھتىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈۋەتكەن، بولۇپمۇ ئادەم نەپەستىن توختىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ روھىدىن بىر تەرەپتىن قورقسا، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ روھتىن مەدەت ۋە خاتىرجەملىك تىلىگەن. تەندىن ئايرىلغان روھ بەزىدە ئالاھىدە كۈچكە ئىگە بولسا، بەزىدە ئىنتايىن ئاجىز بولۇپ قالغان. روھتىن ئايرىلغان تەننى يەرلىككە قويۇش ۋە تەندىن ئايرىلغان روھنى باشقا دۇنيادا خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن، مۇئەييەن تەرتىپكە ئىگە ئۇسۇل ۋە ھەرىكەت قوللانغان. بۇ ھەرىكەت ۋە ئۇسۇللار تەدرىجىي ئورتاقلىقتا ئېرىشىپ مەخسۇس دەپنە مۇراسىم ئادەتلىرىگە ئايلانغان. ئۇزاق تارىخىي جەرياندا دەپنە مۇراسىم مەدەنىيىتىگە ئايلانغان.

ئۇزاقتىن بۇيان ئەنئەنىۋى قاراش ۋە ئادەت تەسىرى ئاستىدا، ئۆلگۈچىنىڭ تېنى بىلەن روھى ئاجرىتىپ قارىلىپ، ئادەم گەرچە ئۆلسىمۇ، روھى ئۆلمەيدۇ، بەلكى ئۇنىڭ روھى تېنىدىن ئايرىلىپ ئىنسانلار ئارىسىدا يەنە زىچ ئالاقە پەيدا قىلىپ تۇرىدۇ، دەيدىغان بىر خىل قاراش شەكىللەنگەن. كۆپلىگەن دىنلاردىكى «جەننەت» ۋە «دوزاخ» ئېتىقادىمۇ ئەنە شۇ روھانىيەتچىل (روھ مەڭگۈلۈك) قاراشلاردىن كېلىپ چىققان. قەدىمكى مىسىر دىنى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 3000 ـ يىللىرى بىلەن مىسىرنىڭ ۋىنرانىيە ھاكىمىيىتى تەركىبىگە كىرگەن مىلادىيەدىن كېيىنكى IV ئەسىر ئارىسىدىكى دەۋرلەر)دىمۇ ئاخىرەت ئىشەنچىسى بار ئىدى. ئۆلۈش بىلەن تەڭ بەدەندىن ئايرىلغان روھنىڭ يەر ئاستىدىكى ئۆلۈم تەڭرىسى تەرىپىدىن سوراق قىلىنىدىغانلىقىغا ئىشىنىلەتتى. يامان روھلار ئازاب چېكىپ، ياخشى روھلار ئاسمانغا چىقىپ كېتىدۇ، دەپ ھېسابلىناتتى. روھلار تەنگە قايتىدىن كىرىدۇ دەپ بىلىپ، جەسەتلەرنىڭ بۇزۇلۇپ كەتمەستىن ساقلىنىشىنى كاپالەتلەندۈرۈش تەلەپ قىلىناتتى. ئېھتىمال مۇشۇ ئەقىدە جەسەتنى مومىيالاپ كۆمۈشتەك دەپنە ئادىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن بولسا كېرەك[75]. بۇنداق قاراش باشقا دىنلار ئۈچۈنمۇ ئومۇمىي بولۇپ، بۇنداق خۇراپىي ئەقىدە تۈپەيلى، خەلق ئارىسىدا ئۆلگۈچىنىڭ روھىنى يوقلاش، سىغىنىش خاراكتېرىدىكى كۆپلىگەن غەلىتە ئادەتلەر پەيدا بولغان. شۇنىڭ بىلەن ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ تەبىئىي شارائىتى، ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيەسى، دىنىي ئېتىقادىنىڭ ئوخشىماسلىقىدىن خىلمۇ خىل دەپنە قىلىش مۇراسىملىرى شەكىللەنگەن. دەپنە قىلىش شەكلى — مېيىتنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلىنى كۆرسىتىدۇ.

ھەممىگە مەلۇمكى، جۇڭگودىكى ھەرقايسى مىللەتلەردە مېيىتنى بىر تەرەپ قىلىش شەكلى ھەر خىل بولۇپ، ھەرقايسىسىنىڭ ئۆزىگە خاس مۇقىم دەپنە قىلىش ئادەتلىرى بار. بەزى مىللەتلەردە، جەمئىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى ياكى باشقا ئامىللارغا ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ دەپنە قىلىش شەكلىدىمۇ كۆپ قېتىم ئۆزگىرىشلەر بولغان. جۇڭگودىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ دەپنە قىلىش ئۇسۇلىدىكى بىرقەدەر كەڭ تارقالغان شەكىللەر كۆككە (ھاۋاغا) دەپنە قىلىش، سۇغا دەپنە قىلىش، ئوتتا كۆيدۈرۈش، يەرگە دەپنە قىلىش، غار ـ ئۆڭكۈرلەرگە دەپنە قىلىش، ئېگىز جارلارغا دەپنە قىلىش، تۇر (چوقىقا)غا دەپنە

قىلىش، دەرەخ كاۋىكىغا دەپنە قىلىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە بەزىلىرى ئاللىقاچان ئەمەلدىن قالغان[76].

ئۇنداقتا ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى قانداق دەپنە شەكىللىرىنى قوللانغان؟ قانداق دەپنە ئادەتلىرىنى شەكىللەندۇرگەن؟ بۇ بىزنىڭ جاۋاب بېرىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرغان مۇھىم ئىتتىنىڭ ئادەتلىرىمىزنىڭ بىرسى ھېسابلىنىدۇ.

1) كۆككە دەپنە قىلىش

كۆككە دەپنە قىلىش — جەسەتنى كۆممەي ئوچۇق قويۇپ قويۇش ئادىتىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، ئۇ، ئوچۇقچىلىقتا (دالاغا) دەپنە قىلىش ئادىتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. «ئوچۇقچىلىقتا دەپنە قىلىش ئادىتى شىمالدا ياشىغان خەلقلەر ئارىسىدا ئۇزاقىچە داۋاملىشىپ كەلگەن»[77] بولۇپ، ئۇ شامان دىنىدىكى كۆككە چوقۇنۇش قارىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

شامانىزم ئېتىقادىدا ئاسمان ئىلاھلار ماكانى بولۇپ، ئاسمان ئىلاھلىرىنىڭ سەردارى كۆك تەڭرى ئىدى. ئۇ كۆك (ئاسمان)نىڭ ئەڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىدە تۇراتتى. شامان دىنىدا ... تەڭرى ئاتىنى كۆك (ئاسمان)تىن ياراتقان، ئانىنى يەردىن ياراتقان دېگەن چۈشەنچىلەر مۇھىم ئورۇن تۇتقان»[78] بولۇپ، قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ قارىشىچە، كۆك (ئاسمان) ھاياتلىقنىڭ مەنبەسى ھېسابلىناتتى.

«ئوغۇزنامە»دە ئوغۇزخاننىڭ كۆك نۇر ئىچىدە زاھىر بولغان ساھىبجامالغا ئۆيلىنىشى ۋە ئۇنىڭدىن تۇغۇلغان ئۈچ ئوغلىغا كۈن، ئاي، يۇلتۇز (بۇلارنىڭ ھەممىسى كۆكتىكى ئاسمان جىسىملىرى) دەپ ئات قويغانلىقى، «بۆكۇخان رىۋايىتى» دە ئاسماندىن چۈشكەن كۆك نۇرنىڭ دەرەخكە چۈشۈشىدىن دەرەخ يېرىلىپ بۆكۇخاننىڭ تۇغۇلغانلىقى ھەققىدىكى بايانلار، شۇنداقلا مەڭگۇ تاشلاردىكى كۆك تەڭرىگە ئاتالغان مەدھىيەلەر ئەجدادلىرىمىزنىڭ كۆك (ئاسمان) ئېتىقادچىلىقىنىڭ روشەن پاكىتلىرىدۇر.

قەدىمكى زاماندىكى ئىندىيانلار (ئۇلارنىڭ نەچچە ئون مىڭ يىللار ئىلگىرى قەدىمكى سىبىر تۇزلەڭلىكىدىن بېرىنگ بوغۇزى ئارقىلىق ئامېرىكا قىتئەسىگە كۆچۈپ كەتكەنلىكى ھەققىدىكى قاراشلار ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ) دىمۇ بۇ خىل دەپنە ئادىتى بولغان بولۇپ، ئۇلار «جەسەتنى سۇپىغا قويۇپ تاكى قۇرۇپ ئۇستىخان بولغۇچە قاقلاپ، ئاندىن ئۇستىخانلارنى يىغىشتۇرۇپ دەرەخ قوۋزىقىدىن ياسالغان سوغىغا قاچىلاپ مەخسۇس ئۆيدە ساقلاپ قوياتتى»[79].

ئومۇمەن، كۆككە دەپنە قىلىش ئادىتىنىڭ شەكىللىنىشىمۇ كۆك ئېتىقادچىلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇ دەل ئىپتىدائىي ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆلگۈچى روھىنىڭ روھلار ماكانى — كۆكتىكى «جەننەت» كە چىقىپ كېتىشى ئۈچۈن ئاسانلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن بولسا كېرەك[80].

«كۆككە دەپنە قىلىش» دەپ ئاتىلىدىغان بۇنداق قەدىمكى ئادەت جۇڭگودىكى بەزى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ، ئۇسۇل جەھەتتىن خىلمۇ خىل. مەسىلەن، چىڭخەي، شىزاڭ ئېگىزلىكىدە ياشىغۇچى خەلقلەر ئارىسىدا ئادەتتە كىشى ئۆلسە، كىيىملىرى سالدۇرۇلۇپ، سېرىق ماي تەقدىم قىلىنىدۇ، لاما دۇرۇت ئوقۇپ «روھ تامىقى» يېگۈزۈلگەندىن كېيىن، ئاتقا ئارتىپ بۇتخانىغا ئېلىپ بارىدۇ ۋە ئۇ يەردىكى مەخسۇس ئۆلۈك پارچىلايدىغان تاختا ئۈستىگە قويۇپ، جەسەتنى ئۇششاق پارچىلاپ، دالاغا قويۇپ قۇشلارغا يېگۈزىدۇ. بۇنى خوراپىي ئېتىقاد بويىچە «كۆككە دەپنە قىلىش» دەپ ئاتايدۇ. شەرقىي شىمالدىكى ئېۋېنكي خەلقى ئۆلۈكنى ئورمانلىقتىكى ئېگىز ياغاچنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ قويىدۇ.

بۇ ئۇلارنىڭ قارىشىدا «كۆككە دەپنە قىلىش» دەپ ئاتىلىدۇ[81].

2) ئوتتا كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىش

ئادەم ئۆلسە ئۇنىڭ جەسىتىنى ئوتتا كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىش، قەدىمكى كىشىلەرنىڭ دەپنە مۇراسىم ئادەتلىرى ئىچىدىكى ئالاھىدە بىر خىل دەپنە قىلىش شەكلى. يازما ھۆججەتلەر ۋە ئارخېئولوگىيەلىك ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئىسلام دىنى شىنجاڭغا كىرىشتىن بۇرۇن، شىنجاڭدا ياشىغان مىللەتلەردە جەسەتنى تۇپراققا دەپنە قىلىش ئادىتىدىن باشقا، يەنە جەسەتنى ئوتتا كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىش ئادىتىمۇ بولغان. بىراق، قەدىمكى دەۋرلەردە ھەرقايسى قوۋملار ياشىغان جۇغراپىيەلىك مۇھىتنىڭ پەرقلىقلىقى ۋە دىنىي ئېتىقاد شەكىللىرىدىكى ئۆزگىچىلىكلەر تۈپەيلىدىن، جەسەتنى ئوتتا كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىش ئادەتلىرىنىڭ شەكىللىرىمۇ ھەر خىل بولۇپ كەلگەن. بەزى دەۋردە بەزى رايوندىكى قوۋملار جەسەتنى ئالدى بىلەن ئالاھىدە بىر ئورۇننى تاللاپ كۆيدۈرۈپ، ئاندىن جەسەت كۆلىنى قەبرىگە دەپنە قىلغان ياكى جەسەتنى بىۋاسىتە قەبرە ئىچىگە ئېلىپ كىرىپ كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلغان، بەزى دەۋردە بەزى رايوندىكى قوۋملار جەسەتنى ئالدى بىلەن ئالاھىدە بىر ئورۇننى تاللاپ كۆيدۈرۈپ، ئاندىن جەسەت كۆلىنى ساپال كومزەكلەرنىڭ ئىچىگە قاچىلاپ، ئاندىن قەبرىگە دەپنە قىلغان. بەزى رايونلاردا جەسەت كۆيدۈرۈلگەندىن كېيىن، جەسەت كۆلى مۇنارلارغا دەپنە قىلىنغان ياكى چېچىۋېتىلگەن. جەسەتنى كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىش ئادىتىنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرى كۆپ تەرەپلىمىلىك بولۇپ، ئارخېئولوگىيە ماتېرىياللىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇ خىل دەپنە ئادىتى دىيارىمىزدا ياشىغان قەدىمكى قوۋملارنىڭ تۇرمۇشىدا بۇددا دىنى پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرىلا مەۋجۇت ئىدى. بۇددىزم دەۋرىگە كەلگەندە بۇ خىل دەپنە ئادىتى بۇددىزم ئەقىدىلىرى بىلەن بىللە تېخىمۇ كەڭ ئومۇملاشتى[82].

مەلۇمكى، ئوتتا كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىش پەقەت ئۇيغۇرلارغا ياكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرگىلا خاس قەدىمكى دەپنە شەكلى ئەمەس. ئۇ دۇنيادىكى نۇرغۇنلىغان رايونلاردىكى خەلقلەرنىڭ مەدەنىي ھاياتىدا ئۇزاقتىن بۇيان ساقلىنىپ كەلگەن قەدىمكى ئادەتلەرنىڭ بىرسى.

ئوتتا كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىش ئادىتى تۇپراققا دەپنە قىلىش ئادىتىدىن قالسىلا بەكرەك ئومۇملاشقان دەپنە شەكلى بولسا كېرەك. مۇناسىۋەتلىك يازما ۋە قېزىلما مەنبەلەردىن سىبىرىيە، شىمالىي ۋە جەنۇبىي ئامېرىكا، ئوتتۇرا ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا رايونلىرىدىكى قەدىمكى خەلقلەردە بۇ خىل ئادەتنىڭ كەڭ ئومۇملاشقانلىقى مەلۇم. بۇ خىل دەپنە قىلىش ئادىتى ھازىرمۇ خېلى كۆپ قوللىنىلماقتا. ئۇنىڭ دىنىي ۋە مەدەنىيەت ئاساسى توغرىسىدا بىر نېمە دېيىش تەس. بۇددا دىنىدا جەسەتنى كۆيدۈرۈش ئەنئەنىسى يولغا قويۇلغان. بىراق، بۇددا دىنى مەيدانغا كېلىشتىن ئىلگىرى ۋە بۇددا دىنى تەسىرى بولمىغان شارائىتلاردىمۇ بۇ خىل ئادەت تۈركىي تىللىق خەلقلەردە بولغان.

تارىم ـ تەكلىماكان ۋادىلىرىدا ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جەسەتنى ئوتتا كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىش ئادىتى ھەققىدە بىۋاسىتە تارىخىي خاتىرىلەر ساقلىنىپ قالمىغان بولسىمۇ، بىراق يانداشما ۋە ئالاقىدار خاتىرىلەر بار.

«تەيپىڭ شىڭگو يىللىرىدا خان يارلىقى بىلەن تۈزۈلگەن كىتابلار قامۇسى» نىڭ 7 ـ جىلدىدا چاڭلارنىڭ دەپنە مۇراسىم قائىدىلىرى ئۈستىدە توختىلىپ، «چاڭلار ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن، جەسەتنى كۆيدۈرۈپ كۆلىنى سورۇۋېتىدىكەن» دېيىلگەن. «زوجۇەن يىلنامىسى»دە «رۇڭلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك،

كېيىم ـ كېچەكلىرى خۋاشىيالىقلارنىڭكىگە ئوخشىمايلا قالماستىن، ھەر خىل سوۋغات بۇيۇملىرىمۇ ئوخشىمايدىكەن» دېيىلگەن بولسا، «موزى» دېگەن كىتابتا «چىن بەگلىكىنىڭ غەربىدە يىچۇ ئېلى بار. ئۇ ئەلدىكى كىشىلەر يېقىن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئۆلۈپ كەتسە، ياغاچ ـ ئوتۇنلارنى دۆۋىلەپ ئوت يېقىپ جەسەتنى كۆيدۈرىۋېتىدىكەن» دېيىلگەن. «شۈەنزى. تەدبىر»دىمۇ دى، چاڭلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ جەسىتىنى كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىدىغانلىقى خاتىرىلەنگەن[83]. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان دى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 5 ــ 10 ـ ئەسىرلەر جۇڭگونىڭ شىمالىدا ياشىغان ئۇيغۇرلارنىڭ بىۋاستە ئەجدادى ئىدى[84]. تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىغا كۆچۈپ كېلىپ تىرىكچىلىك قىلغان چاڭلار بولسا ئاستا ـ ئاستا يەرلىك خەلقلەرگە ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ، سىڭىشىپ كەتكەن چارۋىچى خەلقلەر ئىدى. «كېيىنكى خەننامە. چاڭلار ھەققىدە قىسسە» دە، ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى، ئىشلەپچىقىرىش شەكلى، تۇرمۇشى ۋە ئۆرپ ـ ئادىتى قاتارلىقلار خەنزۇ (خۋاشىيا)لاردىن پەرقلىق بولۇپ، ئۇلاردا غەربىي يۇرتلۇقلارنىڭ خۇسۇسىيىتى بار ئىدى. دەپنە مۇراسىم قائىدىلىرىدە بولسا «جەڭدە ئۆلۈشنى خەيرلىك، كېسەل بىلەن ئۆلۈشنى شۇملۇق ھېسابلايتتى، ئۆلگەنلەرنى ئوتتا كۆيدۈرۈپ، جەسەت كۈلىنى ساپال كوزىغا سېلىپ، قەبرىگە دەپنە قىلاتتى. قەبرىنىڭ ئۈستىنى تاش بىلەن يېپىپ توپا بىلەن كۆمۈۋېتەتتى»[85] دېيىلگەن.

تارىم ۋادىسى ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەدىمىي ئانا ماكانى. خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن باشلاپ خەنزۇچە ھۆججەتلەردە بۇ رايوندىكى بەگلىك ۋە قوۋملارنىڭ تارىخى، جۇغراپىيەسى ۋە ئىگىلىك ئادەتلىرىگە دائىر خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدىن ئۇلارنىڭ دەپنە مۇراسىم ئادەتلىرىگە دائىر بىر قىسىم مەلۇماتلارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. مەسىلەن، «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» ۋە «ۋېينامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە، «ئاگنى بەگلىكىدە ئۆلگۈچىنىڭ جەسىتىنى ئوتتا كۆيدۈرۈپ، ئاندىن دەپنە قىلىدىكەن. يەتتە كۈنگىچە قارىلىق تۇتىدىكەن، ئادەتتە كۆك تەڭرىگە تېۋىنىدىكەن، بۇددا ئەقىدىسىگىمۇ ئېتىقاد قىلىدىكەن»[86] دېيىلگەن. سۇي سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن سەيياھ خۇي سېڭ يازغان «لوياڭ ئىبادەتخانا خاتىرىلىرى» نىڭ 5 ـ بابىدا، ئۇدۇن بەگلىكىدە «ئۆلگۈچىنىڭ جەسىتى ئوتتا كۆيدۈرۈلۈپ، كۈلى يەرگە دەپنە قىلىنىدىكەن، ھازىدارلار ماتەم ھېسابىغا چېچىنى قىرقىپ، يۈزىنى مورلايدىكەن، پەقەت پادىشاھنىڭ جەسىتى كۆيدۈرۈلمەي، تاۋۇتقا سېلىنىپ يىراق دالاغا دەپنە قىلىنىدىكەن. ھەمىشە ئەسلەپ تۇرۇش ئۈچۈن، قەبرە يېنىغا بۇتخانا سېلىنىدىكەن»[87] دەپ خاتىرىلەنگەن.

تارىخىي كىتابلاردا غەربىي يۇرتتىكى باشقا بەگلىكلەردە جەسەتنى ئوتتا كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىش ئادەتلىرىنىڭ مەۋجۇت ياكى مەۋجۇت ئەمەسلىكى توغرىسىدا ئېنىق خاتىرىلەر بولمىسىمۇ، بىراق «ئوكيانۇس» تا «راھىبلار تەرجىمىھالى»نىڭ 2 ـ جىلدىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ، كۇسەنلىك مەشھۇر بۇددا ئالىمى كومراجىۋا مىلادىيە 413 ـ يىلى چاڭئەندە ۋاپات بولغاندا، چەت ئەللىكلەرنىڭ ئادىتى بويىچە جەسىتى كۆيدۈرۈلدى»[88] دېيىلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، «ۋېينامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دىمۇ: «كۇسەن بەگلىكىنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، نىكاھ ۋە دەپنە ئىشلىرى، بايلىق ۋە مەھسۇلاتلىرى ئاگنى بەگلىكى بىلەن ئوخشايدۇ»[89] دېيىلگەن. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، كۇسەن بەگلىكىدىمۇ ئادەم ئۆلسە جەسىتىنى ئوتتا كۆيدۈرۈپ ئاندىن قەبرىگە دەپنە قىلىدىغان ئادەتنىڭ بولغانلىقى مۇقەررەر[90].

يۇقىرىقىلاردىن بىلىۋېلىشقا بولىدۇكى، خەن ـ تاڭ دەۋرلىرىدە تارىم ۋادىسىدا ياشىغان قوۋملاردا

ئادەم ئۆلسە ئۇنىڭ جەسىتىنى تۇپراققا (قەبرىگە) دەپنە قىلىشتىن سىرت، يەنە جەسەتنى كۆيدۈرۈپ، ئاندىن قەبرىگە دەپنە قىلىدىغان دەپنە مۇراسىم ئادەتلىرىمۇ بولغان.

خەنزۇچە كىلاسسىك ئەسەرلەرگە قارىغاندا، قەدىمكى تۈركلەردىمۇ ئۆلگەن كىشىنىڭ جەسىتىنى ئوتتا كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىش ئادەتلىرى بولغان. بۇ ھەقتە «جۇنامە. تۈركلەر تەزكىرىسى»دە، ئۇلار «ئۆلگۈچىنىڭ جەسىتىنى چېدىرنىڭ ئىچىگە قويۇپ قويىدىكەن. ئۆلگۈچىنىڭ ئەر ـ ئايال ئەۋلادلىرى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ ھەممىسى مەرھۇمنىڭ روھىغا ئاتاپ ئات ـ قوي ئۆلتۈرۈپ چېدىرنىڭ ئالدىدا نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزىدىكەن، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى چېدىرنى يەتتە قېتىم ئايلىنىپ چىقىدىكەن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرسى چېدىرنىڭ ئىشىكىگە كەلگەندە پىچاق بىلەن چېكىسىنى تىلىپ، قان ـ ياش تۆكۈپ ئاھ ـ پەرياد قىلىدىكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن بىر كۈننى تاللاپ، ئۆلگۈچىنىڭ ھايات چېغىدا مىنگەن ئات ۋە كىيگەن كىيىم ـ كېچەكلىرى قاتارلىق نەرسىلىرىنى جەسىتى بىلەن قوشۇپ كۆيدۈرىدىكەن. كۈلىنى يىغىپ ئېلىۋېلىپ، بىر مەھەل ساقلاپ ئاندىن كۆمىدىكەن. ئەتىياز، ياز مەزگىللىرىدە ئۆلگەنلەرنى ئوت ـ گىياھ، دەل ـ دەرەخلەر سارغىيىپ غازاڭ بولغۇچە؛ كۈز، قىش مەزگىللىرىدە ئۆلگەنلەرنى ئوت ـ گىياھ، دەل ـ دەرەخلەر ياشىرىپ باراقسان بولغۇچە ساقلاپ، ئاندىن قەبرە كولاپ كۆمىدىكەن»[91] دېيىلگەن. بىراق، تۈركلەردىكى جەسەتنى ئوتتا كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىش ئادىتى تۈرك خانلىقىنىڭ كېيىنكى دەۋرىدە ئىلىگ قاغان (باغا، چۇرشاد، مىلادىيە 620 ـــ 630 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) دەۋرىگە كەلگەندە ئىسلاھ قىلىنغان بولۇپ، جەسەتنى قەبرە كولاپ كۆمىدىغان ئادەت ئومۇملىشىشقا باشلىغان. بۇ ئەينى دەۋردىكى تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى تاڭ تەيزۇڭنىڭمۇ دىققىتىنى قوزغىغان. «يېڭى تاڭنامە. تۈركلەر تەزكىرىسى»دە خاتىرىلىنىشىچە: تاڭ تەيزۇڭ بۇ خىل ئۆزگىرىشكە ھەيران قېلىپ، «ئۇلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىدە ئەسلىدە جەسەت كۆيدۈرۈلەتتى، ھازىر ئۇلار ئەجدادلىرىنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا جەسەتنى يەرگە كۆمۈپ قەبرە قاتۇرىدىغان بوپتۇ. بۇ روھ ـ ئىلاھلارغا ھۆرمەت قىلمىغانلىق بولمامدۇ[92]» دېگەن.

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخي تەرەققىياتىدا ئىنتايىن مۇھىم بىر باسقۇچ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. خەنزۇچە ھۆججەتلەردىكى ئۇچۇر ـ مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىدىمۇ ئىلگىرى ئۆلگۈچىنىڭ جەسىتىنى ئوتتا كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىش ئادەتلىرى بولغان. بۇ ھەقتە «كونا تاڭنامە. بۆكۆخۇەيئېن تەزكىرىسى» دە «لۇڭتەي سەلتەنەتىنىڭ تۇنجى يىلى (765 ـ يىلى) بۆكۆخۇەيئېن ئۇيغۇر ۋە شوفاڭ ۋىلايەتلىرىدىن كۆپلىگەن كىشىلەرنى باشلاپ داۋاملىق ئىچكىرىلەپ كىرىپ، مىڭشيا ناھىيەسىگە يېتىپ كەلگەندە كېسەل تېگىپ ئارقىسىغا يېنىپ كەتتى. 9 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئۇ لىڭۋۇدا ئۆلدى. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى كىشىلەر ئۇنىڭ جەسىتىنى ئۆز قائىدىلىرى بويىچە كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلدى[93]» دېيىلگەن.

تارىخچىلارغا مەلۇمكى، بۆكۆخۇەيئېن (仆固怀思) ئەسلىدە ئۇيغۇرلارنىڭ تاشقى توققۇز قەبىلىسىدىن بىرسى بولغان بۆكۆ (بارغۇت ‹仆固部›) قەبىلىسىدىن ئىدى[94].

ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئەجدادلىرى ھەققىدە يېزىلغان تۈركچە، پارسچە ئەسەرلەردىمۇ جەسەتنى كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىش ئادىتىنىڭ بولغانلىقى توغرىسىدا بەزى مەلۇماتلارنى ئۇچرىتىشقا بولىدۇ. مەسىلەن، پارسچە يېزىلغان يەتتە توملۇق «رەۋزە تۇس ـ سەفا» دېگەن

ئەسىرنىڭ 1 ـ توم 23 ـ بېتىدە «تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئەڭ يىراق تارىخىي زامانلاردىكى ئەجدادلىرى ۋە قانداشلىرى بولغان خەزەرلەر بۇنىڭدىن 5860 يىللار بۇرۇن ئۆلۈكنى دەپنە قىلىش ئىشىدا مۇنداق ئادەت ـ رەسمىيەتنى قوللىناتتى: ئارىلىرىدا كىشىلەر ۋاپات بولسا، جامائەت يىغىلىپ جەسەت ئەتراپىدا ساز چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ، جەسەتنى ئوتتا كۆيدۈرەتتى. بۇ ئادەت ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇزاق زامانلار داۋام قىلدى»[95] دەپ رىۋايەت قىلىنغان.

بۇ يەردە يەنە شۇنىمۇ ئالاھىدە ئىزاھلاپ ئۆتۈش لازىمكى، ئەجدادلىرىمىزنىڭ جەسەتنى ئوتتا كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىش شەكلى ۋە يوسۇنى بۇددىزم دەۋرىدە تېخىمۇ ئەۋجىگە چىققان. چۈنكى، بۇددا دىنىدا جەسەتنى كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىش پەرھىز بولغاچقا، بۇ ئادەت دىيارىمىزدا ئەسلىدىلا بار بولغان جەسەتنى كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىش شەكلىگە تازا ماس كەلگەن. ھەتتا بۇددىزم دىيارىمىزنىڭ بۇ ئەنئەنىۋى ئادىتىنى تېخىمۇ كېڭەيتىش، جاي ـ جايلاردا خەلق ئىچىدە ئومۇملاشتۇرۇشتا ئاكتىپ رول ئوينىغان.

مەلۇمكى، بۇددا ۋە ھىندى دىنلىرىدا پەرھىز دەپ قارالغان بۇ خىل ئادەتنىڭ ئېتىقاد ئاساسى ھەقىقەتەن مۇكەممەل بىر پەلسەپىۋى قاراش ئىدى. بۇددا دىنىنى بىر مەنبە قىلغان ھەم ئۇنىڭ مەنە قاتلىمىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرغان ھىندى دىنىدىكى «بەش ئوت، ئىككى يول» تەلىماتى، يەنى ئادەم ھاياتىنىڭ دەۋرىي ھالدا ئايلىنىشى ۋە مەڭگۈ ھاياتلار دۆلىتىگە كىرىشى ھەققىدىكى پەلسەپىۋى قاراش بۇ خىل ئادەتنىڭ يىلتىزى ئىدى.

ھىندى دىنى مىلادىيە IV ئەسىرنىڭ ئالدى ـ كەينىدە بۇددا، جائىنا دىنلىرىنىڭ تەلىماتلىرى ۋە خەلق ئارىسىدىكى ئېتىقادلار ئاساسىدا پەيدا بولغان. ماھىيەتتە بۇددا دىنى بىلەن ھىندى دىنىنىڭ ھايات، ئۆلۈم قاراشلىرىدا پەرق يوق. بۇ خىل ھايات، ئۆلۈم قارىشىدا خرىستىيان، يەھۇدىي ۋە ئىسلام دىنلىرىدا تەكىتلەنگىنىدەك، ئۆلگەنلەرنىڭ ئاخىرەتتە قايتا تىرىلىش ئېھتىماللىقى يوق ئىدى. تەن ئۆلگەن ھامان كېرەكسىز نەرسىگە ئايلىناتتى. ئادەم تىرىكلىكىدىمۇ ئۇنىڭ تېنى ئۇنى ناپاكلىق، يامانلىققا باشلايدىغان بالا ـ قازا مەنبەسى دەپ قارىلاتتى. شۇڭا، بۇددا دىنى ئەقىدىلىرىدە تەنگە بولغان يىرگىنىچ، ئۇنىڭدىن ھالقىپ روھىي يۈكسەكلىككە يېتىش ئىستەكلىرى ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى. «ئالتۇن يارۇغ»دا بايان قىلىنغان ماخاستوكى تېكىنىنىڭ ئۆز تېنى بىلەن ئاچ قالغان يولۋاسنى قۇتقۇزۇۋېلىش ئالدىدا ئېيتقان مۇنۇ سۆزلىرى بىزگە بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدۇرىدۇ: «ئەمدى ئۆز تېنىمدىن كېچىدىغان پەيت كەلدى، نېمە ئۈچۈن دېگەندە، مەن ئەزەلدىن سېسىق، قان ـ يىرىڭلىق، خۇشاللىق يوق، قەدىرسىز، يىرگىنىچلىك تېنىمگە ئىشەندىم... تەن مەڭگۈلۈك مۇستەھكەم نەرسە ئەمەس. ئۆزىگە نىسبەتەن ئۇ پايدىسىز ھەم قورقۇنچلۇق، (كىشىنى) سەسكەندۈرىدىغان مەينەتلىكى بىلەن قىغ دۆۋىسىدەكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەن ئەمدى بۇ تېنىمنى ئىشلىتىپ ھەيران قالارلىق ئۇلۇغ ئىش قىلاي، سانسارالىق دېڭىزى ئىچىدە سال ـ كېمە بولاي، توغۇلۇش، ئۆلۈشنىڭ ئازابلىق قايىنىمىدىن تاشقىرىغا تارتىپ چىقىراي... ئەگەر مەن تېنىمدىن ۋاز كەچسەم، سان ـ ساناقسىز گۇناھلارغا، يارىنى، بەزنى، قان ـ يىرىڭنى، كېسەل ـ ئاغرىقلارنى، قورقۇنچ، ئەيمىنىشلەرنى پۈتۈنلەي تاشلاپ پاكىزلانغان بولىمەن...»[96]. دەرۋەقە، بۇددا مۇخلىسلىرى ئۇلۇغلىغان تەندىن قۇتۇلۇپ، سانساراغا يېتىش مەقسىتىگە پەقەت ئادەم ئۆلگەندىن كېيىنلا يەتكىلى بولمايتتى. ئەڭ ئاخىرىدا يەنە «سېسىق تەن»نى تەرك ئەتمەي بولمايتتى. «ناپاك» تەننى كۆيدۈرۈۋېتىش ئەڭ مۇۋاپىق يول ئىدى. ئۇلارنىڭ قارىشىدا «ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن ئوتقا دەپنە

قىلىنىش (بەش ئوت) ئارقىلىق، ئاندىن «ئىلاھ يولى» ياكى «ئەجدادلار يولى»غا قەدەم باسالايتتى، چوقۇم ئىككىسىدىن بىرسىگە ماڭاتتى. شۇڭا، ئۆلگۈچىنى ئۇ دۇنياغا يولغا سېلىش ئۈچۈن ئوتقا دەپنە قىلماي بولمايتتى»[97]. ئۇلار ئوت يالقۇنلىرى ئارقىلىق، ئاندىن ئۆلگۈچىنىڭ روھىنى ئاسمانغا چىقارغىلى بولىدۇ، دەپ قارىغان[98]. «ئىلاھ يولى»، يەنى سانسارالىق يولىغا ماڭغانلار هايات ۋاقتىدا پاك ئۆتكەن ئۇلۇغ كىشىلەر، «ئەجدادلار يولى»غا ماڭغانلار بولسا ئادەتتىكى كىشىلەر هېسابلىناتتى. «ئىلاھ يولى»غا ماڭغانلار مەڭگۈ هاياتلار دۆلىتىگە كېتىپ، تۇغۇلۇش، ئۆلۈش يوق دۇنيادا ئەبەدىل ياشايتتى. بۇ دۇنياغا قايتىپ كەلمەيتتى[99]. بۇددا مۇخلىسلىرىنىڭ كېچە ـ كۈندۈز ئىنتىلىدىغىنى دەل ئاشۇ ئىدى. ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ روھلىرى «ئەجدادلار يولى» ئارقىلىق ئايلىنىپ كېلىپ بۇ دۇنياغا قايتىدىن تۆرىلەتتى. ياخشىراق كىشىلەر ئادەم سىياقىدا، يامانراق كىشىلەر هايۋان، قۇرت ـ قوڭغۇز سىياقىدا قايتا تۆرىلەتتى. بۇددا دىنى «تەن ـ روھ بىر مەنبەچىلىك» قارىشى ئاساسىدىكى شەرقچە دىن بولۇش سۈپىتى بىلەن، تەن ئۆلگەن هامان ئۇنىڭدىكى روھنىڭ ئورنى قايتا پەيدا بولمايدۇ، دەپ قارايتتى. شۇڭا، ئادەم ئۆلگەن هامان ئۇنىڭ تېنىنىڭ هېچبىر كېرىكى قالمايتتى. «تەن ـ روھ ئىككى مەنبەچىلىك» قارىشى ئاساسىدىكى ئىسلام، خرىستىيان دىنلىرىدا بولسا، تەن بىلەن روھ ئايرىم ـ ئايرىم ئۆز ئالدىغا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايتتى. شۇڭا، خرىستىيان دىنىدا ئۆلگەن تەنگە روھنىڭ قايتا كىرىپ، هاياتلىقنى بەرپا قىلىش مۇمكىنچىلىكى هامان بار ئىدى. شۇڭلاشقىمۇ، دىني مۇخلىسلىرى «ئەيسا ئىنسانلار ئارىسىغا كەلگەن چاغدا ئۆلگەن تەنلەر تىرىلىدۇ، ئەگەر ئۆلگەن ئادەمنى ئوتقا دەپنە قىلىۋەتكەندە، ئۇنىڭ روھىنىڭ تېنى يوق بولۇپ قالىدۇ»[100]، دەپ قارايتتى.

بۇددا دىنى ئېتىقادى بىلەن ياشىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئوتقا دەپنە قىلىش ئەنئەنىسىنىڭ دىنىي ئاساسى ئەنە شۇ. ۋاهالەنكى، بەزى تەتقىقاتچىلار بۇ خىل دەپنە ئادىتىنى ئاتەشپەرەسلىك دىنى بىلەن باغلاپ چۈشەندۈردى. ئېهتىمال بۇ دىنىنىڭ تەلىماتىدىكى ئوتقا بولغان ئالاهىدە تېۋىنىش شۇنداق بىر پەرەزنىڭ تۇغۇلۇشىغا سەۋەب بولغان بولسا كېرەك. هالبۇكى، بۇ دىندا ئوت ئىلاھ ئاخرومازدانىڭ ئوغلى دەپ قارىلاتتى. ئۇنىڭ ساپلىقى، نۇرلۇقلۇقى، هاياتىي كۈچى ئىلاهنىڭ مۇتلەقلىقى ۋە پاكلىقىغا سىمۋول بولاتتى. بۇ دىندا سۇ، ئوت، تۇپراق قاتارلىقلار مۇقەددەس سانىلاتتى. شۇڭا، ئۆلۈكنى پەقەت «كۆككە» ياكى «قۇشلارغا دەپنە قىلىش»قىلا بولاتتى[101]. ئاتەشپەرەسلىك دىنىغا ئائىت بۇ خىل دەپنە ئادىتىنىڭ ئۇيغۇرلاردا بولۇپ ئۆتكەنلىكى هەققىدە ئىشەنچلىك مەلۇمات يوق. پەقەت ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى بەزى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ تاۋۇتنى ئېسىپ دەپنە قىلىش ئۇسۇلىنى قوللانغانلىقى[102] مەلۇم. بۇمۇ بىر خىل ئاتەشپەرەسلىك دىنى بويىچە ئېلىپ بېرىلغان دەپنە پائالىيىتى بولسا كېرەك. چۈنكى، بۇ دىن تەلىماتىدا جەسەت پاسكىنا نەرسە دەپ قارالغاچقا، ئۇنى تۇپراق بىلەن ئۇچراشتۇرۇشقا بولمايتتى. بولمىسا، يەرنى ناپاك قىلىپ قوياتتى. ئۆلگۈچىنى تۇپراققا كۆمۈش باش كېتىدىغان چوڭ گۇناھ ئىدى[103]. «ۋېندىداد» 103 ـ جىلد «قاڭقىللار تەزكىرىسى»دە خاتىرىلىنىشىچە، قاڭقىللار جەسەتنى گۆر ئىچىدە يانى كېرىپ ئوقيا ئېتىشقا تەييارلانغان قىياپەتتە ئولتۇرغۇزاتتى ۋە ئۇنىڭغا قىلىچ ـ نەيزىنى هەمراھ قىلاتتى. پەۋقۇلئاددە بىرەر سەۋەب بىلەن ئۆلمىگەنلا بولسا گۆرنىڭ ئاغزىنى ئەتمەيتتى ... ۋاپات بولغانلار ئۈچۈن مال چارۋا ئۆلتۈرۈپ، كۆيدۈرۈپ گۆلخاننى ئاتلىق ئايلىناتتى[104].

كىروران خارابىسىدىن تېپىلغان بىر قەبرىنىڭ ئىچىگە قۇياش شەكلىدە نۇر چېچىپ تۇرغان هالەتتە

قوزۇق قېقىلغان. بۇ ئاتەشپەرەسلىك دىنىنىڭ يادنامىسى بولسا كېرەك.

دەرۋەقە، بۇ مەنبەلەردىكى ئەھۋاللار مۇتلەق ھالدا ئاتەشپەرەسلىك دىنى دەپنە ئادەتلىرى دائىرىسىگە كىرمەيدۇ. ھالبۇكى، بىز پەقەت بەزىبىر ماسلىقلارغا قاراپلا بۇ دىنىنىڭ دەپنە ئادەتلىرىمىزگە ئاز - تولا تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز.

بۇددا دىنى بولسا بىر پۈتۈن بۈيۈك مەدەنىيەت تۈسى بىلەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ روھىيىتىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ دەپنە ئادەتلىرىمىزنىڭ باشقا بۆلەكلىرىگە بولغان تەسىرلىرىمۇ خېلى چوڭقۇر. ئاتەشپەرەسلىك دىنىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئورنىنىمۇ سەل چاغلاشقا بولمايدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، يېقىنقى يىللاردا دىيارىمىزدا يۈرگۈزۈلگەن ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش - تەكشۈرۈشلەردىمۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ جەسەتنى كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلغانلىقىغا دائىر ئىلمىي ئۇچۇرلار بايقالدى.

مەسىلەن، 1976 -، 1977 - يىللىرى رايونىمىز ئارخېئولوگىيە خىزمەتچىلىرى قەشقەر ۋىلايىتى تاشقورغان ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىغا تۆت كىلومېتىر كېلىدىغان شامبابا قەبرىستانلىقىدا جەمئىي 40 قەبرىنى قازغان⑩⑤. بۇ قەبرىنىڭ كاربون 14 ئارقىلىق ئۆلچەپ چىقىلغان يىل دەۋرى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 900 - يىللاردىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 500 - يىللار ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ⑩⑥. بۇ قەبرىنىڭ ئىچىدىكى 19 قەبرىگە جەسەت ئوتتا كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىنغان بولۇپ، بۇ خىل دەپنە قىلىش ئۇسۇلىمۇ ئىككى خىل بولغان. ئۇلارنىڭ بىر خىلىدا، جەسەت بىۋاستە قەبرە ئىچىگە ئېلىپ كىرىلىپ كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىنغان؛ يەنە بىر خىلىدا، جەسەت ئالدى بىلەن مەلۇم بىر ئورۇندا كۆيدۈرۈلۈپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن جەسەت كۈلى قەبرىگە دەپنە قىلىنغان. ئارخېئولوگلار شامبابا قەبرىستانلىقىدىكى جەسەت تۇپراققا دەپنە قىلىنغان 21 قەبرە ساكلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن، جەسەت ئوتتا كۆيدۈرۈلۈپ دەپنە قىلىنغان 19 قەبرە چاڭلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن، دەپ ھۆكۈم چىقارغان بولسىمۇ، لېكىن مۇھىمى شۇكى، ئارخېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۇ تېپىلىش، بۇددا دىنى پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى تارىم ۋادىسىدا ياشىغان قەدىمكى قوۋملاردا ئۆلگۈچىنىڭ جەسىتىنى تۇپراققا دەپنە قىلىشتىن سىرت، ئوتتا كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىدىغان دەپنە مۇراسىم ئادەتلىرىنىڭ بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

1957 - يىلى ئېلىمىزنىڭ مەشھۇر ئارخېئولوگى خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى رايونىمىزغا كېلىپ ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش ۋە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا، قارا شەھەردىكى شىكشىن مىڭئۆيى خارابىسى جايلاشقان ئورۇندىن (يەنى جىلغىنىڭ جەنۇبىدىن) بىر دانە جەسەت كۈلى قاچىلانغان ساپال كومزەكنى تاپقان. شۇ يىلى كۇچا رايونىغا كېلىپ، خەن - تاڭ دەۋرلىرىدىكى قەدىمكى كۇسەن شەھىرى (يەنە پىلاڭ قەدىمكى شەھىرى خارابىسى)دە قېزىش ئېلىپ بېرىش جەريانىدا، يەنە مازاپتان خارابىسىدىن ئىچىگە جەسەت كۈلى ۋە بىر جۈپ چوكا قاچىلانغان ساپال كومزەكنى (داس شەكلىدە) تاپقان⑩⑦.

1976 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدىكى ئارخېئولوگلار ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ كەلپىن ناھىيەسىدىنمۇ ئۈچ دانە چېدىر شەكىللىك ساپال كومزەكنى تاپقان. بۇ كومزەكلەر تاغ باغرىدىكى توپا قاتلاملىرىدىن چىققان بولۇپ، ئىچىگە قەدىمكى ئادەملەرنىڭ جەسەت كۈلى قاچىلانغان. بۇ كومزەكلەرنىڭ سىرتىدىكى گېئومېترىيەلىك سىزىقلاردىن ھاسىل بولغان زىننەت نۇسخىلىرى چوقچىيىپ تۇرغان

قاتمۇقات تاغ چوققىلىرىنىڭ شەكلىگە تەقلىد قىلىپ سىزىپ چىقىلغان. «76KP:1» نومۇرلۇق كومزەككە نىلۇپەر گۈلى سىزىلغان بولۇپ، بۇ بۇددىزم دەۋرىنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ. ئارخېئولوگ قۇربان ۋەلىنىڭ تەتقىق قىلىشىچە، بۇ كومزەكلەر مىلادىيە VI — VIII ئەسىرلەردە ئۆتكەن تۈركلەرنىڭ قەبرە شەكىللىرىنىڭ بىر خىلى ئىدى. ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان دەۋرلەردە ئۆزلىرىنىڭ ئۆي ـ ماكانلىرىنى بىنا قىلىشتا ئاللىقاچان بۇنداق ئىمارەت شەكىللىرىنى قوللانغان، بۇ خىل جەسەت كۈلى قاچىلانغان كومزەكلەر قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «چادار» دەپ ئاتالغان (بۇ سۆزنى «چادىر» ياكى «چېدىر» دەپمۇ ترانسكرىپسىيە قىلىشقا بولىدۇ.)[108]

قەدىمكى كۇسەن (كۇچا) رايونىدا مىلادىيەنىڭ ئالدى ـ كەينىدە قېزىپ بىنا قىلىنىشقا باشلىغان مىڭئۆيلەرنىڭ ئىمارەت شەكلى چېدىر شەكلىنىڭ ئىمارەت تىپىغا كىرىدۇ. «چېدىر» دېگەن سۆز ئۆز نۆۋىتىدە «كومزەككە قاچىلانغان جەسەت كۈلى» دېگەن مەنىنى ئىپادىلىگەن. سوغد يېزىقىدا بۇ سۆز «چادار» دەپ يېزىلىپ، «ئاخىرەتلىك پاناھ»، «ئاتا ماكان» دېگەن مەنىنى ئىپادىلىگەن. سانسكرىتچە ئەسەرلەردە بولسا «چادار» دەپ يېزىلغان. بۇ سۆز ئۆز نۆۋىتىدە «پاناھ» دېگەن مەنىنى ئىپادىلىگەن[109]. بۇنىڭدىن قەدىمكى كۇسەن، ئاگنى رايونلىرىدا جەسەتنى كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىش ئادىتىنىڭ ئىجتىمائىي تەسىرى زور ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، يېقىنقى يىللاردا بەزى كىشىلەرنىڭ مەلۇمات بېرىشىچە، 1987 ـ يىلى قەشقەر كونىشەھەر ناھىيەسىنىڭ قوغان يېزىسىغا قاراشلىق «ياۋۋلۇق» قەبرىستانلىقىدىنمۇ بىر دانە قەدىمكى جەسەت كۈلى قاچىسى تېپىلغان[110]. نۆۋەتتە، ياۋۋلۇق ئىزىنىڭ دەۋرى مىلادىيە III، IX ئەسىرلەرگە تەئەللۇق دەپ قارىلىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن خەن ـ تاڭ دەۋرلىرىدىكى قەشقەر (سۇلېگو) بەگلىكىدىمۇ جەسەتنى ئوتتا كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىش ئادىتىنىڭ بولغانلىقىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ[111].

يۇقىرىقىلاردەك ئارخېئولوگىيەلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈش جەريانىدا بايقالغان بىر تۈركۈم قەدىمكى قەبرىلەردىن جەسەت كۈللىرى تېپىلغان بولۇپ، ئۇلار ئۇيغۇرلاردا ئوتتا كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىش ئادىتىنىڭ ناھايىتى قەدىمىي تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى جانلىق ئارخېئولوگىيەلىك پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلايدۇ.

ئوتتا كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىش مەملىكىتىمىزنىڭ يۇننەن رايونىدىكى موسولار، پۇمى مىللىتى ۋە تىبەت مىللىتىدىمۇ بار بولۇپ، ئۇلار «كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىنغۇچىنىڭ سالاھىيىتىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرەتتى، پەقەت 13 ياشتىن يۇقىرى بولغانلار ۋە نورمال ئۆلگەن (ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلگەنلەرنى كۆرسىتىدۇ) كىشىلەرلا مۇشۇ خىل دەپنە ئۇسۇلىدىن بەھرىمەن بولالايتتى»[112].

بۇ، مېكسىكا ۋە ئوتتۇرا ئامېرىكىدىكى ئىندىيانلارنىڭ دەپنە ئادىتىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، «مېكسىكا ۋە ئوتتۇرا ئامېرىكىدىكى ئىندىيانلار ئىچىدىمۇ جەسەتنى ئوتتا كۆيدۈرۈش ئادىتى بولغان بولۇپ، ئاقساقاللار ۋە ئاتاقلىق ئادەملەرنىڭ جەسىتىلا كۆيدۈرۈلەتتى»[113].

دېمەك، بۇ خىل دەپنە ئادىتى دۇنيادىكى نۇرغۇن قەدىمكى خەلقلەردە كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلغان بولۇپ (بەزى مىللەتلەردە ھازىرغىچە قوللىنىلماقتا)، ئۇ ئوتنى مۇقەددەس بىلىپ، ئۇنىڭغا ئىلاھ سۈپىتىدە چوقۇنۇشنى ئۆزىگە ئاساسىي ئىدىيەۋى مەنبە قىلغان[114].

ئاقار يۇلتۇزلار ۋە چاقماقلارنىڭ يەرگە چۈشۈپ يەر يۈزىدىكى ئورمانلارنى، ئادەم ۋە ھايۋانلارنى

كۆيدۈرۈپ تاشلىشى ئېپتىدائىي ئەجدادلىرىمىزنىڭ ساددا تەپەككۇرىدا ئوتنىڭ سىرلىق كۈچكە بولغان بىر خىل ئېتىقاد ــ ئوتتىن ئەيمىنىش (敬畏) ئاساسىدىكى ئوتنى مۇقەددەس بىلىپ، ئۇنىڭغا چوقۇنۇشنى پەيدا قىلدى.

قەدىمدىن تارتىپ «موڭغۇللار ۋە تۈركىي خەلقلەر ئورتاق هالدا ئوتنى ئايال ئىلاھ، بەخت ۋە بايلىقنىڭ بەلگىسى، ئوت يېقىلغان جاينى مۇقەددەس جاي دەپ بىلىپ، ئوتنى ئۆچكەن ئائىلىنى مەۋجۇتلۇقنى يوقاتقان ئائىلە دەپ قاراپ كەلدى»[115].

«مىلادىيە VI ئەسىردە شەرقىي رىمنىڭ ئەلچىسى زىماركوس تۈرك ئېلىگە كەلگەندە، تۈركلەر ئۇنى ئورىۋېلىپ قارشى ئالغانلىقى، قوللىرىغا مەشئەل كۆتۈرۈۋالغان كىشىلەر سەكرىشىپ بارلىق يامان روهلارنى قوغلىغانلىقى ھەمدە ئۇنى ئوت دۆۋىسىدىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق بۇ ئەلگە كەلگەن بارلىق يامانلىقلارنى پاكلاشتۇرغانلىقى غەربتىكى بەزى تارىخىي ماتېرىياللاردا ساقلانغان»[116].

ھازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ياغ پۇرىتىش، ئاي، كۈن تۇتۇلغاندا مەشئەل كۆتۈرۈپ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىش، ئۇششاق كېسەللىكلەرنى ئوت بىلەن ئۇچۇقداش، ئوتقا ياكى ئوتنىڭ كۈلگە چوڭ ـ كىچىك تەرەت قىلماسلىق ۋە تويلاردا يېڭى كېلىننى ئوتتىن سەكرىتىش قاتارلىق بىر قاتار ئادەتلەر، شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدا تاكى ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ھەرقانداق گۇناھنى ۋە زەئىپلىكلەرنى ئوت ۋە سۇدىن ئىبارەت ئىككى شەيئىدىلا پاكلىغىلى بولىدۇ، دەيدىغان قاراشلار ئەنە شۇ ئوتنى مۇقەددەس بىلىپ ئۇنىڭغا چوقۇنۇشنىڭ قالدۇق تەسىرلىرىدۇر. دېمەك، قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ قارىشىدا (ھازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ قارىشىدىمۇ) ئوت يورۇقلۇق ۋە پاكلىقنىڭ سىمۋولىدۇر.

يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز بىر تەرەپتىن «ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆلۈكلەرنىڭ ئازابىنى يەڭگىللىتىدۇ، ئوت بولسا ئۇنىڭ روھىنى ئېلىپ كېتىدۇ، دەپ قاراپ كەلگەچكە، (ئۆلاردا) ئۆلۈكنى كۆيدۈرۈپ ئۇزىتىش، ئۇنىڭغا ناخشا ـ ئۇسسۇل، مۇزىكا بىلەن جور بولۇش قاتارلىق ئادەتلەر ساقلانغان[117] بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆلار ئۆلگۈچىنىڭ روھىدىكى بارلىق زەئىپلىكلەرنى مۇقەددەس ئوت بىلەن پاكلىغىلى بولىدۇ. بۇ ئارقىلىق گۇناھتىن خالىي پاك روھ بىلەن پاك روھلار دۇنياسى ــ جەننەتكە كىرىشكە ئىمكانىيەت ھازىرلىغىلى بولىدۇ، دەپ قارىغاچقا، جەسەتنى ئوتتا كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىشقا ئادەتلەنگەن.

3) ئەجدادلارنىڭ جەسەتنى كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىش ئادىتى ۋە قۇياش ئېتىقادچىلىقى

بىزگە مەلۇمكى، «ھەرقانداق بىر ئەنئەنىۋى بايرام ۋە مۇراسىمنىڭ ئېتىنىك تەركىبىدە مۇئەييەن بىر ئېتىقاد ۋە ئەقىدىنىڭ بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس»[118]. قەدىمكى قوۋملاردىكى جەسەتنى ئوتتا كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىش ئادىتىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە شەكىللىنىشى ئۇلارنىڭ يىراق قەدىمكى دەۋرلەردىكى تەبىئىي مۇھىتى، ئىشلەپچىقىرىش شەكلى، ئىجتىمائىي ئىدىيولوگىيەسى، تۇرمۇش شەكلى ۋە دىنىي ئېتىقادى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەڭ مۇھىمى يەنە ئۇلارنىڭ ئىپتىدائىي تەبىئەت قاراشلىرى ۋە ساددا ئەقىدە ـ ئېتىقادلىرى بىلەنمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ئالىملارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا، جۈملىدىن دىيارىمىزدا ياشىغان قەدىمىي قوۋملارنىڭ ئىپتىدائىي تەبىئەت قاراشلىرى ھەققىدىكى تەتقىقاتىدىن مەلۇم بولۇشىچە، قەدىمىي قوۋملارنىڭ «ئالەم تۇپراق، سۇ، ھاۋا ۋە ئوتتىن

ئىبارەت تۆت ئاناسىردىن تەركىب تاپقان» دېگەن كۆز قارىشى، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس ھايات شارائىتلىرى، جۇغراپىيەلىك مۇھىت - ئىقلىمى ۋە بىلىش فورماتسىيەسى ئاساسىدا شەكىللەنگەن بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ ئۇرۇقداشلىق جامائەسىنىڭ ئوتتۇرا دەۋرلىرىدە ئالەمنىڭ تۈزۈلۈشى توغرىسىدىكى ئەڭ ئىجتىمائىي قاراشلىرىنى بىلدۈرەتتى[119]. شۇڭا، ئۇلاردا ئىپتىدائىي جەمئىيەت باسقۇچىدىلا كۆك ئىلاھى (تەڭرى)، سۇ ئىلاھى، يەر ئىلاھى (ئۇماي)، ئوت ئىلاھى قاتارلىق ئىلاھلارغا ئېتىقاد قىلىش، چوقۇنۇش ۋە ئۇنى مۇقەددەس بىلىش ئېتىقادچىلىقى كېلىپ چىققان. ئۆلگۈچىنىڭ جەسىتىنى ئوتتا كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىش ئەنە شۇ ئوت ئىلاھىغا چوقۇنۇشتىن كېلىپ چىققان دەپنە مۇراسىم ئادەتلىرىدىن بىرسى ئىدى[120]. قەدىمكى ھۆججەتلەردىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، قەدىمىي قوۋملاردىكى ئوتنى مۇقەددەس بىلىش، ئۇنىڭغا سىغىنىش، تېۋىنىش، ئۇنىڭغا چوقۇنۇش، ئېتىقاد قىلىش، شۇنىڭ بىلەن ئوتنى بارلىق گۇناھلاردىن تازىلىغۇچى «مۇقەددەس سېھىرلىك كۈچ» دەپ قاراپ، ئۆلگۈچىنىڭ جەسىتىنى كۆيدۈرۈپ بىراقلا جەننەت (ئۇ ئالەم)كە ئۇزىتىپ قويۇش (دەپنە قىلىش) دەپنە - ئېتىقاد ئادەتلىرى، قەدىمدە دىيارىمىز تارىم ۋادىسىدا ياشىغان ئېتنىك قۇرۇلمىمىزنى تەشكىل قىلغۇچى ئارىيانلارنىڭمۇ قەدىمكى ئېتىقاد شەكىللىرىنىڭ بىرسى ئىدى. خۇددى كېيىنكى دەۋرلەردىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭكىگە ئوخشاش «ئوتنى ئۇلۇغلاش، ئىسرىق تاشلاش. ياغ پۇرىتىش، قاپاق كۆيدۈرۈش، يېڭى كېلىننى ئوتتىن سەكرىتىش، يېڭى قەبرىگە چىراغ يېقىش قاتارلىق ئادەتلەر ئارىيانلارنىڭ بىر قىسمى شىمالىي ھىندىستانغا كۆچكەن چاغدا مەۋجۇت بولۇپ، ئۇلارنىڭ «رىگۋېدا» ناملىق قەدىمكى دەستۇرىدا ئىپادىلەنگەن[121] بولسا، يەنە شۇ ئارىيانلارنىڭ مۇقەددەس دەستۇرى «ۋېدا»نىڭ «رىگۋېدا» قىسمىدا جەسەتنى تۇپراققا دەپنە قىلىش بىلەن بىللە جەسەتنى ئوتتا كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىش مۇراسىملىرى مەدھىيەلەنگەن[122].

ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلارغا قارىغاندا، ئارىيانلارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ھىندى دەرياسى ۋادىسىدىكى خاراپپا مەدەنىيىتى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 2350 - يىللاردىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1750 - يىللار) بىلەن ھىندىستاننىڭ شىمالىغا تارقالغان كۈل رەڭ رەڭلىك ساپال مەدەنىيەتلىرىدە (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 900 - يىللاردىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 500 - يىللار) ۋە ساكلارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان تاشقورغاندىكى شامبابا قەبرىستانلىقى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 900 - يىللاردىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 500 - يىللار) بىلەن بۇگۇردىكى چۇمباغ قەبرىستانلىقى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 955 - يىللاردىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 680 - يىللار)دا، جەنۇبىي سىبىرىيەدىن ئورالغىچە بولغان كەڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىغا تارقالغان، ساك ۋە دىڭلىڭلارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئاندېرنوۋ مەدەنىيىتى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2000 - يىللاردىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1000 - يىللار)دە، جەنۇبىي سىبىرىيەگە تارقالغان دىڭلىڭلارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان تاغار مەدەنىيىتى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى Ⅶ ئەسىردىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى Ⅰ ئەسىرگىچە)، تاشتىك مەدەنىيىتى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى Ⅰ ئەسىردىن مىلادىيە Ⅰ ئەسىرگىچە) ۋە شەرقتە توبول دەرياسى ۋادىسىدىن غەربتە دون دەرياسىغىچە بولغان كەڭ ياۋروپا - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ مەركىزىي لىنىيەسىگە تارقالغان سارماتلار مەدەنىيىتى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى Ⅶ ئەسىردىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى Ⅲ ئەسىرگىچە)دىمۇ، جەسەتنى ئالدى بىلەن مەلۇم ئورۇندا كۆيدۈرۈپ، ئاندىن جەسەت كۈلىنى بەزى ئاخىرەتلىك بۇيۇملار بىلەن بىللە ساپال

كومزەكلەرگە قاچىلاپ دەپنە قىلىنغان ياكى يالغۇز جەسەت كۆلىنى ساپال كومزەككە قاچىلاپ دەپنە قىلىنغان، كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىنغان ئەھۋاللار بار[123]. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئوتقا چوقۇنۇش، جەسەتنى ئالدى بىلەن ئوتتا كۆيدۈرۈپ كۆلىنى دەپنە قىلىش ئادەتلىرى بىرونزا ۋە دەسلەپكى تۆمۈر قورال دەۋرىدىلا ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ياشىغان قەدىمكى قوۋملاردا مەۋجۇت بولغان ئىپتىدائىي ئېتىقاد شەكىللىرىنىڭ بىر خىلى بولۇپ، ئۇنى قانداقتۇر بۇددا دىنى ۋە زورو ئاستېر دىنىنىڭ ئەقىدىلىرى بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرگەندە، مەسىلىنىڭ تېگى ـ تەكتىنى يورۇتۇپ بەرگىلى بولمايدۇ[124].

قەدىمكى ھۆججەتلەردىكى خاتىرىلەرنى ۋە ئارخېئولوگىيەلىك مەلۇماتلاردىن ئېرىشكەن ماتېرىياللارنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەتقىق قىلغاندا، ئوتنى بارلىق گۇناھلاردىن تازىلىغۇچى مۇقەددەس سېھىرلىك كۈچ دەپ قاراپ، ئۆلگۈچىنىڭ جەسىتىنى بىراقلا جەننەتكە (ئۇ ئالەمگە) ئۇزىتىپ قويۇش (دەپنە قىلىش) دەپنە ئېتىقاد ئادەتلىرىنى قەدىمدە تارىم ۋادىسىدا ياشىغان ئېتنىك قورۇلمىمىزنى تەشكىل قىلغۇچى قوۋملارنىڭ ئىپتىدائىي قۇياش ئېتىقادچىلىقى قاراشلىرىدىن كېلىپ چىققان، دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ. بىراق، قۇياش ئىلاھىيەتچىلىكى ئومۇمىيلىق نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا ئىنسان تۈركۈملىرىگە خاس يېگانە ھادىسە ئەمەس، ئۇ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ياشىغان ئىپتىدائىي ئىنسان جامائىتى، ئۆزلىرى ياشىغان زېمىن بەلبېغى ۋە مۇھىت ئالاھىدىلىكىگە بېقىنغان ھالدا ئۆز ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان ئىپتىدائىي قۇياش ئىلاھىيەتچىلىكى قاراشلىرى، رەسمىيەتلىرى ۋە فولكلور ئەپسانىلىرىنى شەكىللەندۈرگەن.

گەرچە بارلىق ئوت ئېتىقادچىلىقى قۇياش ئېتىقادچىلىقىدىن كېلىپ چىققان بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ شەكىللىرى خىلمۇ خىل، تۈرلۈك شەكىللەردە بولغان ... ئوت دائىم قۇياشنىڭ سىمۋولى قىلىناتتى[125]. كەڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ۋادىسىدىن مەلۇم بولغان ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلارغا قارىغاندىمۇ، قۇياش ئېتىقادچىلىقى يىراق ئىپتىدائىي دەۋرلەردىن يېقىن تارىخىي دەۋرلەرگىچە، قەدىمكى قوۋملار تۇرمۇشىدا يورۇقلۇق ـ قاراڭغۇلۇق، ئاسمان ـ زېمىن، ماكان ـ زامان، ھايات ـ مامات، باشقۇرغۇچى ـ باشقۇرۇلغۇچى قاتارلىق ساددا كاتېگورىيەلىك چۈشەنچىلىرىنىڭ قۇياشنى مەركەز قىلغان ئالەمنىڭ بىنا بولۇش قارىشىغا مۇجەسسەملىشىشى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. موڭغۇلىيە ۋادىسى، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى ۋە تارىم ـ جۇڭغار ۋادىلىرىدىكى ھېلىھەم نەچچە مىڭ يىللارنىڭ بوران ـ چاپقۇنلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ ساقلىنىپ كېلىۋاتقان قىيا تاش رەسىملىرى، قەدىمكى قەبرىستانلىقلار، ئۆڭكۈر ـ غار سەنئەتلىرى، ئوردا ـ سارايى قەسىرلىرىدىن قەدىمىي قوۋملارنىڭ ئىپتىدائىي قۇياش ـ ئوت ئېتىقادچىلىقىغا دائىر جانلىق تەسۋىرىي كۆرۈنۈشلەرنى، بەلگىلەرنى خېلىلا كۆپ ئۇچراتقىلى بولىدۇ. مەسىلەن، چوغاي قىيا تاش رەسىملىرىدىكى بىر رەسىمدە ئۈستىدە بىر قۇياش كۆرۈنۈشى، ئاستىدا گەۋدىسىنى تىك تۇتۇپ ئىككى پۇتىنى كېرىپ، ئىككى قولىنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ، بىر ـ بىرى بىلەن جۈپلەپ تۇرغان قىياپەتتىكى بىر ئادەمنىڭ كۆرۈنۈشى بار. مىچۈەن ناھىيەسىدىكى مايتاغ قىيا تاش رەسىملىرىدىكى بىر پارچە رەسىمدە جىنسىي ئەزاسى گەۋدىلىك بولغان بىر ئاتنىڭ بېشىنى قۇياش چەمبىرىكى ئىچىگە ئېلىپ، خۇددى قۇياش چەمبىرىكىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىۋاتقان ھالەتتىكى تەسۋىرىي كۆرۈنۈش بار. كۆكتوقاي ناھىيەسىدىكى تاڭبالى تاش ئۆڭكۈرگە ئىپتىدائىي جەمئىيەتكە تەۋە رەڭلىك سىزما رەسىملەر سىزىلغان بولۇپ، ئۆڭكۈر تورۇسىنىڭ مەركىزىگە ئىككى يۇملاق قۇياش شەكلى سىزىلغان. كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىغا جايلاشقان قەدىمكى قەبرىستانلىقتىكى تامامەن ئەرلەرنىڭ قەبرىسى دەپ قارالغان قەبرىلەرنىڭ ئۈستىگە نۇر چېچىۋاتقان قۇياشقا سىمۋول قىلىنغان چەمبەرسىمان يەتتە قات

قوزۇقلار قېقىلغان. مانا بۇلار قەدىمكى دەۋرلەردىكى قوۋملارنىڭ قۇياش ئېتىقادچىلىقىغا دائىر جانلىق، ئوبرازلىق يادنامىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ[126].

تېخىمۇ جەلپ قىلارلىقى شۇكى، موڭغۇلىيە ۋادىسىدىن تارتىپ ئوتتۇرا ئاسىيا، جۈملىدىن شىنجاڭنىڭ كەڭ رايونلىرىغىچە تارقالغان تاغلىق، ئېدىرلىق بەلباغلىرىغا جايلاشقان قىيا تاشلارنىڭ رەسىم چېكىلگەن، ئويۇلغان ياكى سىزىلغان يۈزلىرى ۋە قەدىمكى تۈرك بالباللىرىنىڭ رەسىم چېكىلگەن يۈزىمۇ قۇياش نۇرى كۈچلۈك يورۇتۇپ تۇرىدىغان، كۈنچىقىش تەرەپ ياكى جەنۇب تەرەپكە قاراپ تۇرغان بولۇپ، بۇنى تەتقىقاتچىلار «قەدىمكى زاماندىكى كۆپلىگەن كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ قۇياش ئىلاھىغا چوقۇنۇش ئېتىقاد ئادىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك»[127] دەپ قارايدۇ.

قەدىمكى تارىخىي ھۆججەتلەردىمۇ ئېتىنىك قۇرۇلمىمىزنى تەشكىل قىلغۇچى قوۋملارنىڭ قۇياش – ئوت ئېتىقادچىلىق ئەنئەنىسى بىرقەدەر گەۋدىلىك خاتىرىلەنگەن. يۇنان قەدىمكى تارىخچىسى ھېرودوت «پارسلار بارلىق سېكىفلارنى ــ ساكلار دەپ ئاتايتتى»، «بەزىلەر ماسساگېتلارنى سېكىفلارنىڭ بىر تارمىقى دەيدۇ»، «ماسساگېتلار ھەرقايسى ئىلاھلاردىن پەقەت قۇياشقىلا چوقۇنغان، ئۇلار قۇياشقا ئاتاپ ئات ئۆلتۈرۈپ قۇربانلىق قىلغان، چۈنكى ئۇلار ئادەمزات دۇنياسىدىكى ئەڭ يۈگۈرۈك ھايۋان ئاتلا ئىلاھلار دۇنياسىدىكى ئەڭ يۈگۈرۈك ئىلاھ قۇياشقا جور بولالايدۇ دەپ قارىغاچقا، ئاتنى قۇربانلىق قىلغان[128]» دەپ خاتىرىلەنگەن بولسا، ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى تارىخچىسى سىماچيەن «ھۇن تەڭرىقۇتى ھەر تاڭدا قارارگاھتىن چىقىپ، كۈنگە قاراپ تەزىم قىلاتتى، ئاخشىمى ئايغا قاراپ تەزىم قىلاتتى[129]» دەپ خاتىرىلىگەنىدى. تۈركشۇناس شۆ زۇڭجېڭ ئەپەندى تۈركلەرنىڭ ئېتىقادى توغرىسىدا تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، «تۈركلەرنىڭ ئاساسلىق قەبىلىسى بولغان ئاشىنا ئۇرۇقى ئەسلىدە قۇياش ئىلاھىغا چوقۇناتتى، يەنە بىر ئاساسلىق قەبىلىسى بولغان ئاشىد ئۇرۇقى بولسا تەڭرىگە چوقۇناتتى. بۇ ئىككى قەبىلە ئەۋلادمۇ ئەۋلاد بىللە ياشاش جەريانىدا تۈرك مىللىتىنى شەكىللەندۈرگەندىن كېيىن، ئىككى خىل ئېتىقاد ئۆزئارا قوشۇلۇپ، تەڭرى بىلەن قۇياش بىرلىشىپ كەتتى. قۇياش بولسا ئىلاھنىڭ شەكلى كۆرۈنۈشى بولۇپ قالدى. تەڭرى بولسا ئىلاھنىڭ نامى بولۇپ قالدى»[130]، دەيدۇ.

كونا ۋە يېڭى تاڭنامىلەردىمۇ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى قاغانلىرىنىڭ كۈنچىقىشقا يۈزلىنىپ ئولتۇرىدىغانلىقى، تاڭ قۇياشىغا چوقۇنىدىغانلىقى خاتىرىلەنگەن بولسا، ئورخۇن مەڭگۈ تاش ئابىدىلىرىدە پادىشاھلارنىڭ ھۆرمەت ناملىرى كۆپىنچە «كۈن تەڭرى» ناملىرىدا ئاتالغان.

دېمەك، ئوتقا چوقۇنۇشنىڭ ئەسلىي ماھىيىتى بولغان قۇياش ئېتىقادچىلىقى قەدىمكى قوۋملاردا ئىپتىدائىي دەۋرلەردىن باشلاپ شەكىللىنىشكە باشلىغان بارلىق ئېتىقاد ئوبيېكتلىرى ئىچىدىكى مەركىزىي ئېتىقاد شەكلى ئىدى[131].

شۇ نەرسە ئېنىقكى، قەدىمدە تارىم – تەكلىماكان ۋادىلىرىدا ياشىغان مەيلى كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەرنىڭ يايلاق تۇرمۇشىدا بولسۇن ياكى مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ، تېرىقچىلىق، باغۋەنچىلىك ۋە سودا كەسىپلىرى بىلەن شۇغۇللانغان بوستان، قەلئە خەلقلىرىنىڭ تۇرمۇشىدا بولسۇن، قۇياش بىلەن ئوت ئۇلارنىڭ ئىپتىدائىي چۈشەنچىلىرىدە ئۇلارغا ھاياتبەخش ئېتىدىغان، مال چارۋىلىرىنى قوغدايدىغان، زىرائەتلىرىنى پەرۋىش قىلىپ ئۆستۈرىدىغان، قەبىلە – ئۇرۇقنى ئاۋۇتىدىغان، كىشىلەرگە كۈچ – قۇۋۋەت ئاتا قىلىدىغان، ئۇلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن پېرىخونلۇق ۋە جادۇگەرلىك پائالىيىتى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق چارۋا ماللارنى ۋە ئىنسانلارنى ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ۋە ۋابا كېسەللىرىدىن ساقلايدىغان، جىن – ئالۋاستىلارنى قوغلاپ، ۋەسۋەسىدىن خالىي قىلىدىغان، تەبىئەت، مېۋە

ئۈسۈملۈكلىرىدىن ھەر خىل نازۇ نېمەتلەرنى ئاتا قىلىدىغان، قورقۇنچلۇق، قاراڭغۇ - زۇلمەت دۇنياسىنى قوغلاپ، يورۇق - ئىللىق دۇنيا ئاتا قىلىدىغان، پاكلاشتۇرۇش ۋە تازىلاش قۇدرىتىگە ئىگە مۇقەددەس ئىلاھىي كۈچ دەپ قارىلاتتى[132]. شۇڭا، ئۇلار قۇياش ئېتىقادچىلىقى بىلەن ئوتقا بولغان چوقۇنۇشنى، قۇياش ئىلاھى بىلەن ئوت ئىلاھىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ تېۋىنىپ كەلگەن. قەدىمكى قىيا تاش رەسىملىرىدە ۋە قەبىلىلەردە ئۇچرايدىغان قۇياش ئېتىقادچىلىقىغا دائىر بەلگە - شەكىللەر، ئوت ئىلاھىنىڭ سىمۋولى بولغان سېۋاستا (« ») بەلگىلىرى، مىس، بىرونزا ۋە تۆمۈردىن ئىشلەنگەن زىبۇ - زىننەتلەردىكى قۇياش ئىلاھى ۋە ئوت ئىلاھى نەقىشلىرى، «خارەزىم» دېگەن يەر نامىنىڭ «قۇياشنىڭ زېمىنى» («خار» — قۇياش، «زىم» — زېمىن دېگەن مەنىدە) دېگەن مەنىگە، «سوغدىيانا» دېگەن يەر نامىنىڭ ئوت - زېمىن دېگەن مەنىگە، «كۇنەس» دېگەن يەر نامىنىڭ كۈن دېگەن مەنىگە، «ئاگنى» دېگەن يەر نامىنىڭ ئوت ئىلاھى دېگەن مەنىگە ئىگە ئىكەنلىكىمۇ ئۇنىڭ نامايەندىلىرى بولسا، ساك، تۈرك، ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ قۇياش بىلەن ئوتقا چوقۇنىدىغان، غەربىي يۇرتتىكى بوستانلىق - قەلئە خەلقلىرىنىڭ ئوتنى مۇقەددەس بىلىپ، ئۇنىڭغا تېۋىنىپ، شەھەر - كەنتلەردە مەخسۇس ئوت ساقلاش ئۆيلىرىنى بەرپا قىلىپ، كېچە - كۈندۈز ئۆچۈرمەيدىغان، ئوردا - سارايلاردا، ئىبادەتخانا، غارلاردا ئوت ئىلاھى بىلەن قۇياش ئىلاھىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ، تەڭرىدىن ئىبارەت باش ئىلاھ قىياپىتىدە تەسۋىرلەيدىغان ئەھۋاللارمۇ ئۇنىڭ گەۋدىلىك ئىنكاسىدۇر[133].

ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ۋادىسىدىكى قوۋملارنىڭ بۇددىزم ئېتىقادى دەۋرىدىكى جەسەتنى كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىش شەكىللىرى بولسا، ئەسلىدىكى ئىپتىدائىي قۇياش ئىلاھىيەتچىلىكى، ئوت مۇقەددەسلىكى قاراشلىرى بىلەن بۇددا دىنى ئەقىدىلىرىدىكى كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىش ئۇلۇغلۇقىنىڭ ئورگانىك ھالدا بىرلىشىشى ئىدى.

4) دەرەخ كاۋىكىغا دەپنە قىلىش

دەرەخ (كۆپىنچە توغراق) كاۋىكىغا دەپنە قىلىش — جەسەتنى دەرەخ كاۋىكىغا سېلىپ دەپنە قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل دەپنە ئادىتى ئاساسەن «لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىدا مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30 -، 40 - يىللارغا قەدەر داۋاملاشقان بولۇپ، چەترەك جايلاردا ئادەم ئۆلسە جەسەتنى يوغان توغراقلارنىڭ كاۋاكلىرىغا دەپنە قىلاتتى»[134]. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، بۇ خىل دەپنە ئادىتىمۇ دەرەختىن ئادەم تۇغۇلغانلىقى ھەققىدىكى ساددا قاراشلارنى ۋە بۇ قاراشلار بىلەن يۇغۇرۇلغان ئەپسانە - رىۋايەتلەرنى ئۆزىگە ئاساسىي ئىدىيەۋى مەنبە قىلغان.

ئۇيغۇرلاردا قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە دەرەختىن ئادەمنىڭ تۇغۇلغانلىقى ھەققىدىكى ئەپسانە - رىۋايەتلەر كەڭ تارقالغان بولۇپ، «قەھرىمانلار ۋە ئاتاقلىق قاغانلار دەرەختىن تۇغۇلاتتى، ئۇلار جەڭگە كىرىش ئالدىدا ھەمىشە دەرەخلەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ سەجدە قىلىپ، دەرەخ ئانىدىن ئۆزلىرىنىڭ ئامانلىقىنى تىلەيتتى»[135]. ئەبۇل غازى ئۆز كىتابىدا «قىپچاق قەبىلىسىنىڭ بارلىققا كېلىشىنى دەرەخنىڭ كاۋىكىدا تۇغۇلغان ئوغۇل بالىغا باغلاپ چۈشەندۈرىدۇ»[136]. جۇۋەينى يازغان «تارىخىي جاھانكۇشاي» ناملىق كىتابنىڭ «ئىدىقۇت ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ تېگى - تەكتى توغرىسىدا» دېگەن بابىدا ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى ئېيتىپ بەرگەن «ئىككى دەرەخكە ئاسماندىن چۈشۈپ بۆكۈخان تۇغۇلغانلىقى»[137] ھەققىدىكى رىۋايەت خاتىرىلەنسە، «ئىدىقۇت پادىشاھلىرىنىڭ شەجەرە تاش پۈتۈكى» (خەنزۇچە)دىمۇ تۇغلار ۋە سېلىنگادىن ئىبارەت ئىككى ئارىلىقتىكى دەرەخكە نۇر چۈشۈپ بۆكۈخاننىڭ تۇغۇلغانلىقى»[138] ھەققىدىكى رىۋايەت تىلغا ئېلىنىدۇ. بۆكۈخاننىڭ تۇغۇلغانلىقى ھەققىدىكى ھەر ئىككى رىۋايەتتە

بۆكۈخاننىڭ تۇغۇلۇشى كۆك (ئاسمان)تىن چۈشكەن نۇر ۋە دەرەخكە باغلاپ بايان قىلىنغان. دېمەك، بۇلار قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ كۆك ئېتىقادچىلىقى ۋە دەرەخ ئېتىقادچىلىقىنىڭ ئىنكاسىدۇر[139].

دەرەخ كاۋىكىغا دەپنە قىلىش دائىرە جەھەتتىن لوپنۇرنىڭ چەت - ياقا جايلىرىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىلا ساقلىنىپ قالغانلىقى، بىر پۈتۈن ئۇيغۇرلاردا بولغانلىقى ھەققىدە يازما ياكى ئارخېئولوگىيەلىك پاكىتلارنىڭ بولمىغانلىقى سەۋەبلىك بۇ خىل دەپنە ئادىتىنى ئالاھىدە سۆزلەپ ئولتۇرمايمىز.

5) تۇپراققا دەپنە قىلىش

تۇپراققا دەپنە قىلىش — يەرنى كولاپ ئۆلگۈچىنى كۆيدۈرمەي يەرگە دەپنە قىلىش ئادىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ يەنە يەرگە دەپنە قىلىش دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ خىل دەپنە ئادىتى بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە دۇنيادا ئەڭ ئومۇملاشقان دەپنە ئادەتلىرىنىڭ بىرسى بولۇپ قالدى. «تۇپراققا دەپنە قىلىش ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇپ، بۇ ئادەتنىڭ قەدىمكى ھۇن، تۇرك، خويخې (ئۇيغۇر)لاردا بولغانلىقى مەلۇم»[140].

شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقلاردىن تېپىلغان جەسەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى دەل مۇشۇ خىل دەپنە ئۇسۇلى بويىچە دەپنە قىلىنغان بولۇپ، بۇ خىل دەپنە ئۇسۇلى ئۇيغۇرلادا ناھايىتى ئۇزاق دەۋرلەردىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

«ئەجدادلىرىمىزدا خاقان، ۋەزىر، سەركەردە، مەشھۇر چەۋەنداز، ئاتاقلىق ئەرباب، يۇرت كاتتىلىرى، ئاقساقاللار قاتارلىقلار قازا قىلسا، ئۇلارنىڭ مىنگەن ئاتلىرىنىمۇ قوشۇپ بىللە دەپنە قىلىش ئادىتى بار ئىدى»[141]. دېمەك، ئەجدادلىرىمىزنىڭ سادىدا قارىشىدا ئۆلگۈچىنىڭ روھى ئۇزلىرى بىلەن بىللە كۆمۈلگەن بۇ نەرسىلەرنى كەلگۈسى تۇرمۇشى ئۈچۈن ئىشلىتەتتى[142].

تۇپراققا دەپنە قىلىش ئادىتى ئەجدادلىرىمىزنىڭ تۇپراققا چوقۇنۇش ئاساسىدا شەكىللەنگەن «ئادەم تۇپراقتىن يارالغان» دېگەن ھاياتلىق قارىشىنى ئۆزىگە ئاساسىي ئىدىيەۋى مەنبە قىلغانىدى.

تۇپراققا چوقۇنۇش قارىشىنىڭ پەيدا بولۇشىنى ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئەزەلدىنلا تۇپراققا تايىنىپ ياشاپ كەلگەنلىكىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقاد قاراشلىرى (بولۇپمۇ ئەپسانىلىرى) دا يەر تەڭرىسى كۆك تەڭرىگە ئوخشاشلا ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ نامى «ئىدۇق يەر - سۇب (مۇقەددەس يەر - سۇ)» دەپ ئاتالغانىدى[143].

ئىپتىدائىي تۈركىي خەلقلەر «يەر بىلەن كۆكنىڭ ئارىسىدىكى بارچە شەيئىلەرنىڭ، ئادەمزات، جان - جانىۋارلارنىڭ ئاتىسى ئاسمان، ئانىسى يەر دەپ بىلگەن»[144]. مەڭگۈ تاشلاردىمۇ «ئۈستىدە كۆك تەڭرى، ئاستىدا قوڭۇر يەر، ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ئىنسان بالىسى يارالغان» (كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى)، «يەر تەڭرىسى بولغانلىقى ئۈچۈن» (بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى»)، «ئۇنىڭغا يەر تەڭرىسى كۈچ - قۇۋۋەت بەردى» (مويۇنچۇر قاغان مەڭگۈ تېشى») دېگەندەك بايانلار خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ.

ئومۇمەن، «ئادەم تۇپراقتىن يارالغان، دەيدىغان بۇ خىل قاراش قەدىمكى تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا كەڭ تارقالغان بولۇپ، ئۇلار ئەسلىدە تۇپراقتىن يارالغان ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن يەر قوينىغا قايتا كىرىپ يەنە تۇپراققا ئايلىنىدۇ، ئادەم يارالغاندا تۇپرىقى قەيەردىن ئېلىنغان بولسا، ئۆلگەندە شۇ يەرگە كۆمۈلىدۇ»[145] دەپ قاراپ كەلگەن.

«1976 ـ، 1977 ـ يىللىرى تاشقۇرغان ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىدىن ئۈچ كىلومېتىر يىراقلىقتىكى شامبابا قەبرىستانلىقىدا بىر تۈركۈم قەبرىلەر قېزىپ تەكشۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ قەبرىلەردىكى جەسەتلەر بۇنىڭدىن 2400 — 2800 ـ يىللار ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە مەنسۇپ

جەسەتلەردۇر. قېزىلغان قەبرىلەردىن قارىغاندا، ئوتتا كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىش ۋە كۆيدۈرمەي دەپنە قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل دەپنە قىلىش يوسۇنى بايقالغان ... مېيىتنى كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلغان قەبرىلەرنىڭ ئېغىزىغا ياغاچ يېپىلغان. بۇ خىل قەبرىلەردىن ئاخىرەتلىك بۇيۇملار چىقمىغان ... بەزى قەبرىلەر (جەسەت بار قەبرىلەر)گە ئاخىرەتلىك بۇيۇملار جەسەت بىلەن بىللە كۆمۈلگەن ... شامبابا قەبرىستانلىقىدىكى بۇ قەبرىلەر ئېھتىمال ساقلارنىڭ بولۇشى مۇمكىن»(146). بۇ ئارخېئولوگىيەلىك پاكىتلار بىلەن بىز يۇقىرىدا بايان قىلغان «جۇنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»دە خاتىرىلەنگەن ئوتتا كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىش ئادىتى مەلۇم جەھەتتىن ئىلتىزداشتەك قىلىدۇ. «جۇنامە»دىمۇ جەسەت كۆيدۈرۈلگەندە ئۆلگۈچىنىڭ ھاياتلىقىدا ئىشلەتكەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلىرى بىللە كۆيدۈرۈلۈپ، كېيىن پەقەت ئاشۇ جەسەت كۈلىلا دەپنە قىلىنىدىغانلىقى خاتىرىلەنگەن بولۇپ، بۇ خىل ئوخشاشلىق بىزنى چوڭقۇر ئىزدىنىپ بېقىشقا تەۋسىيە قىلىدۇ.

دېمەك، قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئېڭىدىكى ئىنساننىڭ كۆكتىن يارىلىشى ھەققىدىكى قاراشلار كۆككە دەپنە قىلىش ۋە ئوتقا دەپنە قىلىشتا (چۈنكى، قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ قارىشىدا ئوت ئۆلگۈچىنىڭ روھىنى پاكلاپ ئۇنى كۆككە ئېلىپ چىقىپ كېتەتتى) ئىپادىلەنسە، ئىنساننىڭ تۇپراقتىن يارىلىشى ھەققىدىكى قاراشلار تۇپراققا دەپنە قىلىشتا (چۈنكى قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ روھىيەت قارىشىدا ئۆلگۈچى روھمۇ ئۆزلىرى يارالغان تۇپراق ئىچىگە قايتاتتى) ئۆز ئىپادىسىنى تاپقاندى(147).

ئىزاھاتلار


(74) قەلبىنۇر مۇھەممەت: «ئۇيغۇر خەلق دەپنە مۇراسىم مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭ مەنىۋى قىممىتى»، «مىراس»، 1999 ـ يىللىق 3 ـ سان، 66 ـ بەت.

(75)(76) ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، 85 ـ، 86 ـ بەتلەر.

(77) مېھرىئاي مەمتېلى: «تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئېپوسلىرىدىكى قەھرىماننىڭ ئالاھىدە تۇغۇلۇشمۇتىفى ئۈستىدە تەھلىل»، «مىراس» ژۇرنىلى 1996 ـ يىللىق 3 ـ سان.

(78)(118) ئابدۇقەييۇم خوجا: «غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت»، 81 ـ، 124 ـ، 58 ـ بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 ـ يىللىق 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

(79)(113) لېۋىس ھېنرى مورگان: «قەدىمكى جەمئىيەت» 156 ـ، 159 ـ بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1992 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

(80) ئەھمەتجان غوپۇر: «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ دەپنە ئادەتلىرى ۋە ئېتىنىك مەنبەسى ھەققىدە»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى»، 1999 ـ يىللىق 3 ـ سان 63 ـ بەت.

(81) ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، 389 ـ بەت.

(82)(83) ئەھمەد سۇلايمان: «غەربىي يۇرتتا ياشىغان قوۋملارنىڭ جەسەتنى كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىش ئادىتى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1998 ـ يىللىق 4 ـ سان، 56 ـ، 57 ـ بەت.

(84) ئابلىز مۇھەممەت سايرامى: «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەجدادى رۇڭلار ھەققىدە»، «شىنجاڭ تەزكىرىسى»، 1990 ـ يىللىق 3 ـ سان، «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەجدادى دىلار ھەققىدە»، يۇقىرىدىكى ژۇرنال، 1990 ـ يىللىق 3 ـ سان.

(85) چېن بوچۈەن: «غەربىي يۇرتتىكى چاڭلار»، «غەربىي شىمال تارىخ جۇغراپىيەسى» ژۇرنىلى، 1984 ـ يىللىق 1 ـ سان (خەنزۇچە)، 40 ـ بەت.

(86) ۋېي شۇ: «ۋېينامە» 102 ـ جىلد «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» 4 ـ كىتاب، 2265 ـ، 2266 ـ بەتلەر.

(87) «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى 1985 ـ يىللىق 1 ـ سان، 156 ـ بەتتە كىرگۈزۈلگەن نەقىل.

(88)(89) «ئوكيانۇس» (كىچىكلىتىلگەن نۇسخا)1553 ـ بەت.

(90) ئەھمەد سۇلايمان: «غەربىي يۇرتتا ياشىغان قوۋملارنىڭ جەسەتنى كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىش ئادىتى توغرىسىدا»،

«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1998 ـ يىللىق 4 ـ سان، 57 ـ بەت.

(91) «جۇنامە» 50 ـ جىلد «تۇركلەر تەزكىرىسى»، 13 ـ كىتاب، 910 ـ بەت.

(92) «يېڭى تاڭنامە» 215 ـ جىلد «تۇركلەر تەزكىرىسى I »، 6034 ـ بەت، 19 ـ كىتاب.

(93) «كونا تاڭنامە» 121 ـ جىلد «بۇكۇخۇيېتېن تەزكىرىسى» 3489 ـ بەت، 11 ـ كىتاب.

(94) ئەھمەد سۇلايماننىڭ يۇقىرىدىكى ماقالىسى 58 ـ بەت.

(95) ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، 85 ـ، 86 ـ بەتلەر، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1989 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

(96) ت. ئايۇپ، ئا. خوجا، ئى. يۇسۇپلار تۈزگەن «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى نەشرى، 71 ـ، 72 ـ بەتلەر.

(97) يەنگېن جولاڭ: «ئالەمنىڭ ئىرادىسى»، 252 ـ بەت. (ياپونىيە) خەلقئارا مەدەنىيەت نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى 7 ـ ئاي، خەنزۇچە نەشرى.

(98) لىن ۋۇشۇ: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى ئاتەشپەرەسلىك دىنى دەپنە ئادىتى»دىن ئېلىنغان نەقىل، «يايلاقتىكى يىپەك يولى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى» ماقالىلەر توپلىمى، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى، 11 ـ ئاي.

(99) دىلمۇرات مۇھەممەت: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى دەپنە شەكىللىرى ۋە ئۇنىڭ مەنبەسى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2003 ـ يىللىق 1 ـ سان، 65 ـ بەت.

(100) «ئالەمنىڭ ئىرادىسى»، 101 ـ بەت.

(101) جۇ جىڭباۋ: «غەربىي يۇرتتىكى ئاتەشپەرەسلىك دىنى ئۈستىدە تەتقىقات»، «غەربىي شىمال مىللەتلىرى تەتقىقاتى»، 1991 ـ يىللىق، 1 ـ سان.

(102) ياڭ شىڭمىن: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى، 286 ـ بەت.

(103) لىن ۋۇشۇ: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى ئاتەشپەرەسلىك دىنى دەپنە ئادىتى».

(104) دىلمۇرات مۇھەممەت: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى دەپنە شەكىللىرى ۋە ئۇنىڭ مەنبەسى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2003 ـ يىللىق 1 ـ سان، 66 ـ بەت.

(105) «پامىر ئېگىزلىكىدىكى قەدىمكى قەبىلىلەر»، «ئارخېئولوگىيە ئىلمىي ژۇرنىلى» 1981 ـ يىللىق 2 ـ سان.

(106) چېن گې: «شىنجاڭدىن تېپىلغان دەسلەپكى تۆمۈر قوراللار»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە، 1992 ـ يىللىق خەنزۇچە نەشرى.

(107) خۇاڭ ۋېنبى: «شىنجاڭدىكى ئارخېئولوگىيەلىك قېزىشتىن دوكلات» 36 ـ ، 57 ـ بەتلەر، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

(108)(111) ئەھمەد سۇلايمان: «غەربىي يۇرتتا ياشىغان قوۋملارنىڭ جەسەتنى كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىش ئادىتى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1998 ـ يىللىق 4 ـ سان، 58 ـ، 59 ـ بەتلەر.

(109) قۇربان ۋەلى: «چېدىر شەكىللىك ئىمارەت ھەققىدە» («بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز»)دېگەن ماقالىسىدىن ئېلىندى.

(110) «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1994 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىكى سانى، 5 ـ بەت.

(112) ياڭ شۆچىڭ: «ئىپتىدائىي دىن ھەققىدە بايان» (خەنزۇچە) 154 ـ بەت، يۈننەن خەلق نەشرىياتى، 1991 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

(114) ئەھمەتجان غوپۇرنىڭ يۇقىرىدىكى ماقالىسىنىڭ 63 ـ بېتىدىن ئېلىندى.

(115)(116) خې شىڭلىياڭ: «جۇڭگودىكى تەبىئەت ئىلاھى ۋە تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى»، قەلبىنۇر مۇھەممەت: «تۈركىي تىللىق خەلقلەر فولكلورىدىكى ئاياللارغا قارىشى توغرىسىدا» دىكى نەقىل، «مىراس» ژۇرنىلى 1995 ـ يىللىق 1 ـ سان.

(117) «رەۋزە تۇسسافا» 1 ـ توم، قۇربان نىياز: «ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىكى دەپنە مۇراسىم ئادەتلىرى توغرىسىدا

ئىزدىنىش»تىكى نەقىل، «مىراس» ژۇرنىلى 1994 ـ يىللىق 4 ـ سان.

(119) ئابدۇقەييۇم خوجا: «غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

(120) ئەھمەد سۇلايماننىڭ يۇقىرىدىكى ماقالىسىنىڭ 60 ـ بېتىدىن ئېلىندى.

(121) ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «ئوتتۇرا ئاسىيادا قەدىمكى دىن»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1995 ـ يىللىق 3 ـ سان (ئۇيغۇرچە)، 33 ـ ، 36 ـ بەتلەر.

(122) «ئارخېئولوگىيە پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى»، 3 ـ ، 4 ـ سان، 34 ـ بەت.

(123) «جۇڭگو ئېنسىكلوپېدىيەسى»، «ئارخېئولوگىيە قىسمى» 155 ـ ، 647 ـ ، 15 ـ ، 510 ـ ، 511 ـ بەتلىرى، «بۇگۇردىكى چۇمباغ قەبرىستانلىقىنى 1 ـ قېتىملىق قېزىشتىن دوكلات» («ئارخېئولوگىيە» ژۇرنىلى 1987 ـ يىللىق 11 ـ سان).

(124) ئەھمەد سۇلايماننىڭ يۇقىرىدىكى ماقالىسىنىڭ 61 ـ بېتىدىن ئېلىندى.

(125) «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1998 ـ يىللىق 1 ـ سان 81 ـ بەت.

(126) ئەھمەد سۇلايمان: «غەربىي يۇرتتا ياشىغان قوۋملارنىڭ جەسەتنى كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىش ئادىتى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1998 ـ يىللىق 4 ـ سان، 62 ـ بەت.

(127) جۇ جىڭباۋ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن: «يىپەك يولى قىيا تاش رەسىملىرى سەنئىتى»، خەنزۇچە، 323 ـ بەت.

(128) ۋاڭ جىلەي: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى»، 1 ـ كىتاب، 47 ـ بەت، 1993 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

(129) سىماچيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر» 110 ـ جىلد «ھۇنلار تەزكىرىسى»، 402 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1987 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

(130) شۈ زۇڭجېڭ: «تۈرك تارىخى»، 727 ـ ، 728 ـ ، 724 ـ بەتلەر، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1992 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

(131)(132)(133) ئەھمەد سۇلايماننىڭ يۇقىرىدىكى ماقالىسىنىڭ 63 ـ بېتىدىن ئېلىندى.

(134) ئابدۇرېھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى»، 24 ـ ، 25 ـ بەتلەر.

(135) لاڭ يىڭ: «غەربىي شىمالدىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ شامان دىنى قالدۇقلىرى»، جاڭ جىشياۋ تۈزگەن «يايلاق يىپەك يولى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى» (خەنزۇچە، ماقالىلەر توپلىمى)، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

(136) گېڭ شىمىن، تۇرسۇن ئايۇپلار تەييارلىغان: «ئوغۇزنامە» 76 ـ بەت، 214 ـ ئىزاھ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

(137)(138) ئىمىن تۇرسۇن: «تارىمدىن تامچە»، 506 ـ ، 510 ـ بەتلەر، 1990 ـ يىلى 6 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

(139) ئەھمەتجان غۇپۇرنىڭ يۇقىرىقى ماقالىسىنىڭ 56 ـ بېتىدىن ئېلىندى.

(140) ۋۇ بىڭئەن: «جۇڭگو فولكلورى» (خەنزۇچە) 194 ـ بەت، لياۋنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

(141) «خەلق گېزىتى» (خەنزۇچە) 1997 ـ يىلى 8 ـ دېكابىر سانى.

(144)(145) نېغمەت مىڭجانى: «قازاقلارنىڭ ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرى» (قازاقچە) 28 ـ ، 87 ـ بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

(142)(143)(146) ئەھمەتجان غۇپۇر: «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ دەپنە ئادەتلىرى ۋە ئېتىنىك مەنبەسى ھەققىدە»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى»، 1999 ـ يىللىق 3 ـ سان 66 ـ بەت.

(ئاپتور شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشتە)

# ساتتار ھاجى ۋە ئۇنىڭ تېمىتىپ سۇغىرىش ئۇسۇلى توغرىسىدىكى مەلۇماتلار

توپلاپ رەتلىگۈچى: بۇمەريەم شېرىپ خوشتار

ئابدۇقاھار غوجا ئوغلى ساتتار ھاجى تەخمىنەن مىلادىيە 1880 ـ يىللاردا تۇرپان بەگ جەمەتى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ساتتار ھاجى تۇرپان بەگ جەمەتىنىڭ 5 ـ ئەۋلاد بەگلىرىدىن بولۇپ، ئابدۇقاھار غوجىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئىدى. ئۇ مۇشۇنداق بىر قول ئىلكىدە بار ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەچكە، كىچىكىدىن باشلاپ تۇرپان يار كونا مەدرىسەسىدە دىنىي تەلىم ئالغان.

ساتتار ھاجى توي قىلىش يېشىغا يەتكەندىن كېيىن، ئاتىسى ئابدۇقاھار غوجا يار تەۋەسىدە كاتتا مەرىكە ئۆتكۈزۈپ ئۇنى ئۆيلەپ قويغان. ئۇ تويدىن كېيىن دادىسىنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن يار مەھەللىسىنىڭ ئۇستىدىن (ھازىرقى يار مەھەللىسىدىكى 4 ـ كەنت بىلەن 7 ـ كەنتنىڭ تۇتاشقان جايىدىكى كونا توگمەننىڭ ئورنى) چوڭ قورۇ ـ جاي ۋە يەرگە ئىگە بولغان.

ساتتار ھاجىنىڭ ئۈچ ئوغلى، ئالتە قىزى بار بولۇپ، چوڭ ئوغلى ئابدۇۋاھاپ بەگ، ئوتتۇرانچى ئوغلى ئابدۇخالىق بەگ، كەنجى ئوغلى مامۇتجان (مامۇتخان). قىزلىرىدىن چوڭ قىزى مايسىمخان، ئىككىنچى قىزى پاتەمخان، ئۈچىنچى قىزى زورىخان، تۆتىنچى قىزى ئوغۇلخان، بەشىنچى قىزى رەنىخان، ئالتىنچى قىزى نالىخان.

ساتتار ھاجى ئەينى يىللاردا تېرىقچىلىق ۋە باغۋەنچىلىكتە ناھايىتى ئېپى بار كىشى بولۇپ، ئۇ ئوغۇللىرى بىلەن بىرلىكتە قورۇسىنىڭ ئىچى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بوش يەرلەرگە خىلمۇخىل مېۋىلىك كۆچەتلەرنى تىكىپ، يار مەھەللىسى بويىچە مېۋىلىرى ئەڭ تولۇق بولغان بىر كاتتا باغنى بەرپا قىلغان (بۇ باغنىڭ بىر قىسمى ھازىرمۇ بار بولۇپ، قالغان قىسمى تۇرلۇك سەۋەبلەر بىلەن ئۆزگەرتىۋېتىلگەن.) ساتتار ھاجى يەردىن ناھايىتى ئۈنۈملۈك پايدىلانغان بولۇپ، مېۋىلىك كۆچەتلەر مېۋىگە كىرگۈچە ئەتراپىدا كۆكتات ئۇستۇرگەن.

ئەينى يىللاردا تۇرپان يار مەھەللىسىدە ئارانلا ئۈچ كارىز بار بولۇپ، مەھەللىدىكى تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ ھۆددىسىدىن ئارانلا چىقاتتى، سۇ ناھايىتى قىس ئىدى. ساتتار ھاجى بۇ قىيىنچىلىقنىمۇ تېزلا ھەل قىلغان. ئۇ ھويلىسىغا قاپاق تېرىغان بولۇپ، قاپاقلارغا 5 ـــ 10 كىلوگىرامغىچە سۇ سىغاتتى. ئۇ مۇشۇنداق قاپاقتىن نەچچە يۈزنى يىغىپ، ئاستىنى يىڭنە بىلەن تېشىپ قويغان. يەنى چوڭراق يىڭنە بىلەن ھەر بىر قاپاقنىڭ ئاستىدىن 5 ـــ 10 غىچە تۆشۈك تەشكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ قاپاقلارغا سۇ قاچىلاپ، مېۋىلىك دەرەخ ۋە كۆكتاتلارنىڭ يىلتىزى بار يەرگە ئېسىپ قويغان. قاپاقلاردىن سۇ تېمىپ

كۆكتات ۋە مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ سۇغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرغان. دېمەك، ساتتار ھاجى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تېمىتىپ سۇغىرىش تېخنىكىسىنى قوللىنىپ تېرىقچىلىق ئېلىپ بارغان.

ئاغزاكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ساتتار ھاجىنىڭ بۇ تېخنىكىنى قوللىنىپ ئۆستۈرگەن مېۋە ۋە كۆكتاتلىرى بەك ئوخشىغان. شاخلار مېۋىلەرنى كۆتۈرەلمەي قالغانىكەن. كۆكتاتلىرىمۇ بەك ئوخشىغان ھەم تەملىك بولغان. ئۇ تېرىغان تەرخەمەكلەر تۇرپان رايونىدا داڭلىق بولۇپ، كۆكتاتچىلار تەرخەمەكلىرنى ساتتار ھاجىنىڭ دەپ ساتىدىكەن. ھازىرمۇ بۇ توغرىسىدا چوڭلار ئارىسىدا گەپلەر بولۇپ تۇرىدىكەن.

ساتتار ھاجى يەنە بۇ خىل تېمىتىپ سۇغىرىش تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ تۇرپان بۇيلۇقىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدە ئۈزۈملۈك باغ بەرپا قىلغان. بۇيلۇقنىڭ يۇقىرى تەرىپى سېغىز ۋە شېغىللىق بولۇپ، يانتاقتىن باشقا ھېچنېمە ئۈسمەيدۇ. ساتتار ھاجى ئوغۇللىرى بىلەن بۇ يەرگە ئېرىق تارتىپ، ئۈزۈم كۆچەتلىرىنى تىككەن. ئاندىن ھەربىر تۈپ ئۈزۈم كۆچىتىنىڭ تۈپ بېشىغا بىردىن سۇ تولدۇرۇلغان قاپاقنى ئېسىپ، ئاستىنى يىڭنە بىلەن تېشىپ قويغان. ئۈزۈم كۆچەتلىرى ناھايىتى ياخشى ئايىنغان. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئۇ دەسلەپتە تىككەن 250 تۈپ ئۈزۈم كۆچىتىدىن 230 تۈپى تۇتقان. ساتتار ھاجى ھەپتە ـ ئون كۈندە بىر قېتىم قاپاقلارغا سۇ تولدۇرۇشقا ئادەم ئەۋەتىپ تۇرغان. تەكلىرى مېۋىگە كىرگەن، ئۈزۈملەر ناھايىتى ئوخشىغان. ساتتار ھاجى بەرپا قىلغان تەكلەر ھازىرمۇ بار ئىكەن. ھازىر ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ تۈپ بېشى چوڭ بىر ئېغىز ئۆيچىلىك كېلىدىكەن، ھەربىر تۈپتىكى تالليرى 30 دىن ئاشىدىكەن.

ساتتار ھاجى قورۇسى ئەتراپىغا باغ بەرپا قىلغان بولۇپ، ھەرخىل مېۋىلىك كۆچەتلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ تىككەن. ئۇ كىشىنىڭ دېيىشىچە، ھەممە دەرەخنىڭ ئەركەك، چىشىسى بولىدىكەن، مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ تىكسە، چېچەكلىگەندە ئۆزئارا چاڭلىشىپ، مېۋىسى بولۇق، مېۋىنىڭ دانلىرى چوڭ بولىدىكەن، بوران چىقسىمۇ تۆكۈلۈپ كەتمەيدىكەن. شۇڭا، ساتتار ھاجىم ئۆرۈك، شاپتۇل، ئالما، نەشپۈت قاتارلىق مېۋىلىك كۆچەتلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ تىككەن. نەتىجىدە، ئۆرۈكلەر شاپتۇلدەك يوغان بولغان.

ساتتار ھاجى يەنە مېۋىلەرگە قۇرت چۈشۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئەتىياز كېلىشى بىلەن تەڭ ھەربىر تۈپ مېۋىلىك كۆچەتنىڭ تۈپ بېشىدىن بىر مېتىردىن ئىككى مېتىرغىچە بولغان يەرنى تۈپ بېشىنى ئايلاندۇرۇپ ئاغدۇرۇپ يۇمشاتقان، ئاندىن ئۈستىگە كۈل قويغان. ئۇ يەنە مېۋىلىك دەرەخنىڭ تۈپ بېشىدىن بىر مېتىر ئېگىزلىككىچە بولغان غول قىسمىنى ھاك بىلەن ھاكلىغان. شۇنىڭ بىلەن مېۋىلەر پىشقاندا قۇرت چۈشمىگەن. خەلق ئارىسىدا ساتتار ھاجىنىڭ ئۆرۈكلىرىنى كېچىسىمۇ بىمالال يېگىلى بولىدۇ، دەيدىغان گەپلەر تارالغان.

ساتتار ھاجىنىڭ بۇ خىل سۇ قىس ئەھۋالدا تېمىتىپ سۇغىرىشتەك ئۇسۇلنى قوللىنىپ كۆكتات، مېۋىلەردىن ياخشى ھوسۇل ئالغانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئىزدىنىش روھى بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىزگە ئەرزىيدۇ.

(تۇپلاپ رەتلىگۈچى ئۈرۈمچى شەھەرلىك 17 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە)

ھىدايەت يانتاق

# يەكەندىكى خانىقالار ھەققىدە

خانىقا ئىسلام دىنى سوپىزم مەزھىپىدىكىلەرنىڭ زىكرى ـ تەسبىھ ئېيتىدىغان، جەررە ـ ساما سالىدىغان، ئىلىم تەھسىل قىلىدىغان سورۇنى بولۇپ، سوپىزمنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىشى بىلەن ھەر قايسى جايلاردا كۆپلەپ بىنا قىلىنغان. ھازىر شىنجاڭ بويىچە پەقەت يەكەندىكى تۆت خانىقادىلا سوپىزملىق پائالىيەت قانۇنلۇق ئېلىپ بېرىلماقتا. يەكەن ناھىيە يەكەن بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى 1999 ـ يىلى7 ـ ئايدا تۈزگەن «يەكەن ناھىيەسىنىڭ ئىشان مەزھىپىدىكىلەرنىڭ پائالىيەت نۇقتىلىرىنى باشقۇرۇش مەسئۇلىيەتنامىسى» (تۆۋەندە «مەسئۇلىيەتنامە» دەپ ئېلىنىدۇ)نىڭ 1 ـ ماددىسىدا مۇنداق دېيىلگەن: «ئىشان مەزھىپى — ئىسلام دىنىدىكى بىر تارماق مەزھەپ بولۇپ، بۇ مەزھەپتىكىلەرنىڭ قانۇن ۋە سىياسەت يول قويغان دائىرە ئىچىدە مەخسۇس ئادەم مەسئۇل بولغان ھەمدە بېكىتىلگەن پائالىيەت سورۇنىدا دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىغا رۇخسەت قىلىنىدۇ...»

دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بۇ خانىقالارنىڭ تارىخى بىلەن تونۇشۇش شىنجاڭدىكى سوپىزمنى چۈشىنىشتە بەلگىلىك پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە. بۇ خانىقالارنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە:

## 1. يار كوچا خانىقاسى

بۇ خانىقا يەكەن ناھىيە كونىشەھەر يار كوچا مەھەللىسىگە جايلاشقان بولۇپ، ھازىر خەلق ئىچىدە ئابدۇلئەزىزخان غوجام خانىقاسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. خانىقادا ساقلانغان ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئەڭ دەسلەپتە بۇ خانىقانى 1750 ـ يىلى ئافغانىستاننىڭ بەدەخشان شەھىرىدىن كەلگەن شاھ ئەۋلىيا (1734 — 1838) ئىسىملىك بىر تەرىقەت پېشۋاسى يەكەننىڭ ئەۋرىشىمكار كوچىسىدا ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن ياسىغان بولۇپ، خانىقا، ھۇجرا، ئىستىقامەت، داشخانا ئۆيلىرى بار ئىدى، ئومۇمىي كۆلىمى 15مو كېلەتتى. شاھ ئەۋلىيا ھەزرەت 16 ـ ئەسىردە دۇنياغا تونۇلغان تەسەۋۋۇپچى ئىمام رەببانى رەھمەتۇللا ئەلەيھىنىڭ پەيرەۋرىسى بولۇپ، بۇ كىشى بۇ خانىقانى مەركەز قىلىپ شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، ئافغان ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى خۇيزۇ، دۇڭشياڭ، سالا قاتارلىق مىللەتلەر ئارىسىدا ئۇزاق يىل، يەنى1750 ـ يىلىدىن 1836 ـ يىلىغىچە تەرىقەت تارقىتىپ، 104 يېشىدا بەدەخشاندا ئالەمدىن ئۆتكەن. بۇ كىشى بوۋىسىنىڭ تەرىقەت يوللىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، نەقشىبەندىيە، خۇپىيە، جەھرىيە سۇلۇك تەلىماتى بىلەن مەشغۇل بولغان. بۇ كىشىنىڭ ھەرقايسى مىللەتلەر، ھەرقايسى جايلاردا تەيىنلىگەن خەلىپە (سۇلۇكنىڭ جايلاردىكى ۋاكالەتچىسى)لىرى ھازىرمۇ بۇ خانىقا بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلمەكتە ئىكەن. ئىچكىرىدىكى خۇيزۇ، دۇڭشياڭ، سالا خەلىپىلىرى بۇ خانىقاغا

كېلىپ بىر مەزگىل تۇرۇپ ئىستىقامەت قىلىپ، ئىرشاتنامە (سۇلۇك تارقىتىش ئىجازەتنامىسى) ئالغاندىن كېيىن، ئۆز يۇرتىغا قايتىپ خەلىپىلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كېلىۋېتىپتۇ.

شاھ ئەۋلىيا ھەزرەتتىن كېيىن ھازىرغىچە بۇ خانىقادا ئىشانلىق قىلغان كىشىلەر تۆۋەندىكىچە:

2 ـ ئەۋلاد ئىشان: مۇھەممەد شېرىپ ھەزرەت (1792 ــ 1880)، شاھ ئەۋلىيا ھەزرەتنىڭ 4 ـ ئوغلى بولۇپ، 1836 ـ يىلىدىن 1880 ـ يىلىغىچە ئىشانلىق قىلغان.

3 ـ ئەۋلاد ئىشان: غۇلام مەسۇمخان غوجام (1830 ــ 1912)، مۇھەممەد شېرىپ ھەزرەتنىڭ ئوغلى بولۇپ، 1880 ـ يىلىدىن 1912 ـ يىلىغىچە ئىشانلىق قىلغان.

4 ـ ئەۋلاد ئىشان: نۇر مۇھەممەدخان غوجام (1867 ــ 1939)، غۇلام مەسۇمخان غوجامنىڭ ئوغلى بولۇپ، 1912 ـ يىلىدىن 1939 ـ يىلىغىچە ئىشانلىق قىلغان.

5 ـ ئەۋلاد ئىشان: ئۆمەرخان غوجام (1896 ــ 1959)، نۇر مۇھەممەد خان غوجامنىڭ ئوغلى بولۇپ، بۇ كىشى 1939 ـ يىلىدىن 1959 ـ يىلىغىچە ئىشانلىق قىلغان.

6 ـ ئەۋلاد ئىشان: ھاجى مۇھەممەد خان غوجام (1914 ــ 1991)، ئۆمەرخان غوجامنىڭ ئوغلى بولۇپ، 1959 ـ يىلىدىن 1990 ـ يىلىغىچە ئىشانلىق قىلغان.

يۇقىرىدىكى ئىشانلاردىن شاھ ئەۋلىيا ھەزرەتتىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ قەبرىسى خانىقانىڭ ئىچىدە بولۇپ، مۇرىتلارنىڭ مۇھىم زىيارەتگاھى ئىكەن.

7 ـ ئەۋلاد ئىشان: ئابدۇلئەزىزخان غوجام 1954 ـ يىلى تۇغۇلغان بولۇپ، ھازىر بۇ خانىقاغا ئىشانلىق قىلىپ كەلمەكتە.

بۇ خانىقانىڭ ئىشانلىرىنىڭ مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا 40 نەپەر خەلىپىسى بار، ھازىر خانىقادا 14 نەپەر ھاپىز (زىكرى سۆھبەتتە بېيىت ئېيتقۇچى) بار.

2010 ـ يىلى 1 ـ ئايدا خانىقالارنىڭ پائالىيەت ۋاقتى بىر تۇتاش دۈشەنبىگە تەڭشەلدى.

بۇ خانىقانىڭ شىنجاڭ ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەردە تەسىرى بىر قەدەر زور.

**2. ئىشان ھىدايىتۇللاخان ھاجى تۆرەم خانىقاسى**

بۇ خانىقا يەكەن ناھىيە جامەئە ئالدى ئىجتىمائىي رايون 6 ـ مەھەللىدىكى ھىدايىتۇللاخان ھاجى تۆرەمنىڭ قورۇسى ئىچىدە بولۇپ، خانىقانىڭ كۆلىمى 90 كۋادرات مېتىر، 300دەك ئادەم پائالىيەت ئېلىپ بارالايدۇ. بۇ خانىقانىڭ تارىخىنى 1744 ـ يىللارغا سۈرگىلى بولىدىكەن.

بۇ خانىقاغا مۇناسىۋەتلىك ئىشانلارنىڭ ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە:

1 ـ ئەۋلاد ئىشان: ھەزرىتى ئابدۇلئەزىز مەجزۇپ نەمەنگانى دېگەن كىشى بولۇپ، 1744 ـ يىلىدىن 1795 ـ يىلىغىچە نەمەنگاندا ئىشانلىق قىلىپ، شۇ يىلى نەمەنگاندا 120 ياشتا ۋاپات بولغان. بۇ كىشى نەمەنگاندا ئۆتكەن مەشھۇر تەرىقەت پېشۋاسى ئىدى. بۇ كىشى يەكەنگە كەلمىگەن بولۇپ، بۇ كىشىنىڭ بۇ خانىقانىڭ 1 ـ ئەۋلاد ئىشانى دەپ قارىلىشىدىكى سەۋەب شۇكى، يەكەنگە كەلگەن 2 ـ ئەۋلاد ئىشان ئوبۇلقاسىم ھەزرىتىم بۇ كىشىنىڭ ئوغلى بولۇپ، دادىسىدىن تەلىم ئالغان.

2 ـ ئەۋلاد ئىشانلار: باھادىر ئىشان، ماھىرخان ئايىم، ئوبۇلقاسىم ھەزرىتىم بولۇپ، بۇلار ئابدۇلئەزىز مەجزۇپ نەمەنگانىنىڭ پەرزەنتلىرى. بۇلار 1795 ـ يىلىدىن 1836 ـ يىلىغىچە ئىشانلىق قىلغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە يەكەندىكى بۇ خانىقاغا كەلگىنى ئوبۇلقاسىم ھەزرىتىم بولۇپ، بۇ كىشى يەكەندە ئۈچ يىل تۇرۇپ تەرىقەت ئىشلىرى ۋە تېبابەتچىلىك بىلەن مەشغۇل بولغان، كېيىن ھەرەمگە ھەجگە

بېرىپ شۇ يەردە ۋاپات تاپقان.

3 ـ ئەۋلاد ئىشان: ئاتاۋۇللاخان تۆرەم دېگەن كىشى بولۇپ، بۇ كىشى ئوبۇلقاسىم ھەزرىتىمنىڭ ئوغلى، ئۇ 1836 ـ يىلىدىن 1881 ـ يىلىغىچە ئىشانلىق قىلىپ، شۇ يىلى نەمەنگاندا ئالەمدىن ئۆتكەن. بۇ كىشى يەكەنگە كەلمىگەن، لېكىن نەمەنگاندا تۇرۇپ بۇ خانىقانىڭ ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىپ تۇرغان. ئەمەلىيەتتە، شۇ مەزگىلدە بۇ خانىقاغا ئوبۇلقاسىم ھەزرىتىمنىڭ خەلىپىلىرى رىياسەتچىلىك قىلغان.

4 ـ ئەۋلاد ئىشان: لۇتپۇللاخان تۆرەم دېگەن كىشى بولۇپ، بۇ كىشى ئاتاۋۇللاخان تۆرەمنىڭ ئوغلى، ئۇ 1881 ـ يىلىدىن 1928 ـ يىلىغىچە ئىشانلىق بىلەن مەشغۇل بولغان، يەكەندىكى بۇ خانىقادا بىر مەزگىل ئىشانلىق قىلغاندىن كېيىن نەمەنگانغا قايتىپ كېتىپ 1930 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

5 ـ ئەۋلاد ئىشان: ئابدۇللاخان تۆرەم دېگەن كىشى بولۇپ، بۇ كىشى لۇتپۇللاخان تۆرەمنىڭ ئوغلى، ئۇ 1928 ـ يىلىدىن 1978 ـ يىلىغىچە ئىشانلىق قىلىپ، شۇ يىلى يەكەندە ئالەمدىن ئۆتكەن.

6 ـ ئەۋلاد ئىشان: ئەبەيدۇللاخان ھاجى تۆرەم دېگەن كىشى بولۇپ، بۇ كىشى ئابدۇللاخان تۆرەمنىڭ ئوغلى، ئۇ 1978 ـ يىلىدىن 1993 ـ يىلىغىچە ئىشانلىق قىلىپ، شۇ يىلى يەكەندە ئالەمدىن ئۆتكەن. بۇ كىشى ئۇستا تېۋىپ بولۇپ، تەرىقەت ئىشلىرى بىلەن بىللە تېبابەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان، ئۇيغۇر تېبابىتى بويىچە كۆپلىگەن شاگىرت تەربىيەلىگەن.

7 ـ ئەۋلاد: ھىدايىتۇللاخان ھاجى تۆرەم بولۇپ، 1993 ـ يىلىدىن بۇيان ئىشانلىق قىلىپ كەلمەكتە. بۇ كىشىمۇ ئۇستا تېۋىپ بولۇپ، تەرىقەت ئىشلىرىدىن باشقا، تېبابەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانماقتا ھەم كۆپلىگەن شاگىرت تەربىيەلەپ، مىللىي تېبابەت ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بىر كىشىلىك ھەسسىسىنى قوشماقتا.

بۇ خانىقادا ئاياللارمۇ پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان بولۇپ، ئاياللارغا بۇرۇن شارابەتخان ھاجى خېنىم يېتەكچىلىك قىلاتتى، 2010 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى شارابەتخان ھاجى خېنىم ۋاپات تاپقاندىن كېيىن، ھازىر ئاياللار پائالىيىتىگە قىزى نۇرزادە ھاجى خېنىم رىياسەتچىلىك قىلماقتا. 2010 ـ يىلىدىن بۇرۇن بۇ خانىقادا ئاياللار جۈمە كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئەرلەر جۈمە كۈنى چۈشتىن كېيىن پائالىيەت ئېلىپ باراتتى. ھازىر ئەرلەر دۈشەنبە، ئاياللار سەيشەنبە كۈنلىرى پائالىيەت ئېلىپ بارماقتا. بۇ خانىقادىكىلەر ئۆزلىرىنى قادىرىيە سۇلۇكىگە تەۋە دەپ قارايدۇ، لېكىن نەقشبەندىيە سۇلۇكىگە خاس «جەھرى» زىكرىنىمۇ ئېلىپ بارىدۇ.

**3. يەكەن تېرەكباغ خانىقاسى**

بۇ خانىقا يەكەن ناھىيە يەكەن بازار يار كوچا ئاھالە كومىتېتىغا جايلاشقان بولۇپ، تارىخىنى 1746 ـ يىلغا سۈرۈشكە بولىدىكەن. بۇ خانىقاغا ئىشانلىق قىلغانلار تۆۋەندىكىچە:

1 ـ ئەۋلاد ئىشان: غوجامنىياز ئىشان دېگەن كىشى بولۇپ، قەشقەردىكى مەشھۇر ئىشان ھىدايىتۇللاخاننىڭ يەكەندىكى خەلىپىسى ئىدى، بۇ كىشى بۇ خانىقانى 1796 ـ يىلى باشقىدىن ياساتقان ۋە شۇ يىلى ۋاپات تاپقان.

2 ـ ئەۋلاد ئىشان: موللا نىياز (مەۋلانىياز) ئىشان، ھۆرمەت نامى ھەزرىتى ئىشانىم بولۇپ، بۇ كىشى دادىسى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن بۇخاراغا بېرىپ داڭلىق ئىشان غۇلام قادىر ھەزرىتىم دېگەن كىشىنىڭ قېشىدا توققۇز يىل تەربىيەلەنگەن. ئۇستازىنىڭ ئالەمدىن ئۆتۈش ئالدىدىكى ۋەسىيىتىگە

ئاساسەن، بۇخارادىكى باھائۇددىن نەقشىبەندىنىڭ قەبرىسى يېنىدىكى گۇمبەزدە 40 كۈن ئېتىكاپ قىلغاندىن كېيىن، ئايان بولغان بېشارەتكە ئاساسەن، نەمەنگاندىكى داڭلىق ئىشان ئابدۇلئەزىز نەمەنگانى قېشىدا يەتتە يىل تەربىيەلىنىپ سۇلۇكنى تاماملىغان ۋە «قۇمۇلدىن خوتەنگىچە شاھانە خەلىپىلىك قىلىش» توغرىسىدا ئالاھىدە تەبەقات (ئالاھىدە ئىجازەت) ئېلىپ، يەكەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مەدرىسە ئېچىپ شاگىرت تەربىيەلەپ، زور تەسىرگە ئىگە مەشھۇر كىشىلەردىن بولۇپ قالغان. بۇ كىشى ئاقسۇدا ۋاپات بولغان، جەسىتى ۋەسىيىتىگە ئاساسەن يەكەنگە يۆتكەپ كېلىنىپ، بۇ خانىقانىڭ ئارقا ھويلىسىغا دەپنە قىلىنغان.

3 ـ ئەۋلاد ئىشان: ھۇسىيىن ئاخۇن بولۇپ، موللانىياز ئىشاننىڭ 2 ـ ئوغلى، ھۆرمەت نامى ھاجى غوجام. بۇ كىشى نەمەنگانغا بېرىپ مەجزۇبنىڭ نەۋرىسى ئاتاۋۇللاخان تۆرەمنىڭ قولىدا تەربىيەلىنىپ نىسبەت ئالغاندىن كېيىن، قايتىپ كېلىپ بۇ خانىقاغا ئىشانلىق قىلغان. 1932 ـ يىلى مەكىت ناھىيەسىنىڭ يانتاق يېزىسىدىكى مۇرىتلىرىنىڭ ئۆيىدە ۋاپات تاپقان ۋە ۋەسىيىتىگە ئاساسەن شۇ يەردىكى تۆگەدۆڭ مازارلىقىغا دەپنە قىلىنغان.

4 ـ ئەۋلاد ئىشان: تۇرسۇنخان غوجام بولۇپ، ھۇسىيىن ئاخۇننىڭ ئوغلى. بۇ كىشى مەجزۇبنىڭ پەينەۋرىسى نەجمىدىنخان تۆرەمنىڭ قولىدا تەربىيەلىنىپ نىسبەت ئالغاندىن كېيىن، قايتىپ كېلىپ مەزكۇر خانىقادا ئىشانلىق قىلغان.1997 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن ۋە خانىقا ئارقىسىدىكى قەبرىستانلىققا دەپنە قىلىنغان.

5 ـ ئەۋلاد ئىشان: ھەمدۇللاخان ئىشان غوجام بولۇپ، 1953 ـ يىلى تۇغۇلغان. 1998 ـ يىلدىن باشلاپ ئىشانلىق قىلغان بولۇپ، دادىسى تۇرسۇنخان غوجام ھايات ۋاقتىدا ئىرشات يېزىپ بەرگەنىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ كىشىنى قاغىلىقتىكى داڭلىق ئىشان ھامۇتخان غوجام بىر مەزگىل تەربىيەلىگەندىن كېيىن ئالاھىدە تەبەقات يېزىپ بەرگەن.

بۇ خانىقادىكىلەر ئۆزلىرىنى نەقشىبەندىيە سۇلۇكىنىڭ مەجزۇبىيە ئېقىمىغا تەۋە دەپ قارايدۇ. دىنىي پائالىيەتلىرىدە قادىرىيە سۇلۇكىنىڭ شەكىللىرىمۇ بار.

2010 ـ يىلدىن بۇرۇن بۇ خانىقادا جۈمە كۈنى پائالىيەت ئېلىپ بېرىلاتتى، ھازىر دۈشەنبە كۈنى ئېلىپ بېرىلىدۇ.

**4. يېڭىمەھەللە خانىقاسى**

بۇ خانىقا يەكەن بازار باغچا ئالدى ئىجتىمائىي رايون 7 ـ مەھەللىدىكى مەلىكىنىساخان ھاجىم نىسار مۇھەممەت ئائىلىسىنىڭ شەخسىي قورۇ ـ جايىدا بولۇپ، بۇ خانىقا ئەسلىدە يەكەن بازار ئىچىنىڭ شىمالىدىكى چىلتەن مازارنىڭ بىر تەرىپىدىكى بەش مو كۆلەملىك خانىقا ئىدى.

بۇ خانىقانى تۇنجى تەمىر قىلغۇچى موللا ئاخۇنجان ھاجىم (تەخەللۇسى ئېگەرچى ئىشانىم) 1814 ـ يىلى ئۆزبېكىستاننىڭ نەمەنگان شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇسمۇر ۋاقتىدا نەمەنگاندىكى مەدرىسەدە ئوقۇپ، شەرىئەت، تەرىقەت ئىلىملىرىدا ئىرشاتنامە ئالغان. بىرنەچچە يىلدىن كېيىن دادىسى قەشقەرگە كەلگەن ۋە قەشقەردە ئابدۇرازىق غوجامنىڭ خانىقاسىدا تەسەۋۋۇپ بىلەن مەشغۇل بولغان. بىرنەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن يەكەندىكى چىلتەن مازارىغا زىيارەتكە كېلىپ، بۇ مازارنىڭ باش شەيخى بىلەن تونۇشۇپ كۈيئوغۇل بولغان ۋە يەكەن مەھكىمە شەرئىيىنىڭ ئىجازىتى بىلەن چىلتەن مازارنىڭ بىر تەرىپىگە خانىقا سالغان. خانىقاغا ئۆزى باش مۇرشىت (ئىشان) بولغان، خانىقادىكى مەدرىسەگە يەكەندىكى مەشھۇر ئالىم سۇپۇرگە قارىي ھاجىمنى باش مۇدەررىسلىككە تەكلىپ قىلغان. مەدرىسەنى ياتاقلاشتۇرۇپ، ئوقۇش

يېشىدىكى باللارنى قوبۇل قىلغان. بۇلارغا ئىلمى قىرائەت، نەھۋى، ھەدىس، تارىخئول - ئىسلام قاتارلىق دەرسلەرنى تەسىس قىلغان. بۇنىڭدىن باشقا، ئىرشاتنامە ئالغان بەزى شاگىرتلىرىنى باش خەلىپىسى ناسىر ھاجىمغا چەمگەرلىك (كۇن - خۇرۇمچىلىق)كە شاگىرتلىققا بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي مەسىلىلىرىنى ھەل قىلغان. ھازىرمۇ يەكەندە ئىككى مەھەللە كۆنچىلىك ۋە چەمگەرلىك نامى بىلەن ئاتالماقتا.

شۇنىڭدىن بۇيان بۇ خانىقادا موللا ئاخۇنجان ۋە ئايالىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ھەپتىدە بىر كۈن پائالىيەت بولۇپ تۇرغان.

1850 - يىلىغا كەلگەندە، ئەر - ئاياللار بىللە كەلسە بىئەپ بولۇپ قالغۇدەك دەپ، ئاياللارغا ھازىرقى يېڭىمەھەللىدىكى خانىقانى ئەھيا قىلغان.

مولال ئاخۇنجان ھاجىمنىڭ بۇمەريەم خېنىم، ئابلىزخان غوجام، تاھىرخان غوجام (مەشھۇر نامى تايخان غوجام)، ئەبەيدۇللاخان غوجام قاتارلىق تۆت پەرزەنتى بار بولۇپ، قىزى بۇمەريەم خېنىمنى يېڭىمەھەللە خانىقاسىنىڭ رىياسەتچىلىكىگە قويغان. چوڭ ئوغلى ئابلىزخان غوجام بىلەن باش خەلىپىسى ناسىر ھاجىمنى چىلتەن خانىقانىڭ مۇرشىتلىقىغا تەيىنلەپ قويغاندىن كېيىن، ئۆزى قەشقەرگە قايتىپ 95 يېشىدا شۇ يەردە ۋاپات بولغان. مەرھۇمنىڭ جەستى ئابدۇرازىق قازى غوجامنىڭ مازارىغا دەپنە قىلىنغان.

چىلتەن خانىقاسىنىڭ مۇرشىتى ئابلىزخان غوجام ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئىنىسى ئەبەيدۇللاخان غوجام باش مۇرشىت بولغان. يېڭىمەھەللە ئاياللار خانىقاسىغا ئەبەيدۇللاخان غوجامنىڭ ئايالى ھىدايەت خېنىم رىياسەتچىلىك قىلغان. ئەبەيدۇللاخان غوجام سوپىلارنى يېتەكلەپ، ھازىرقى مەكىت ناھىيەسىنىڭ شېھىتدۆڭ يېزىسىدا 200 مو بىنەم يەر ئېچىپ، قوشۇمچە يېزا ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىپ، بۇنىڭدىن كىرگەن كىرىمنى مەسچىت، مەدرىسە، خانىقالارغا ۋەخپە قىلىپ، مەھكىمە شەرئىينىڭ مەدھىيەلىشىگە نائىل بولغان. 1935 - يىلى ئەبەيدۇللاخان غوجام ھەج قىلىش ئۈچۈن لاداق يولى ئارقىلىق مەككە مۇكەررەمەگە يول ئالغان. ھەج پائالىيىتىنى تۈگىتىپ ۋەتەنگە قايتىش ئالدىدا تۇيۇقسىز باقىي ئالەمگە سەپەر قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن چىلتەن خانىقاسىنى ئەبەيدۇللاخان غوجامنىڭ چوڭ ئوغلى ئىمىنخان غوجام بىلەن كۆنچىلىك خانىقانىڭ مۇرشىتى رېھىم ھاجىم بىللە باشقۇرۇپ كەلگەن. 1958 - يىلىغا كەلگەندە چىلتەن خانىقا ۋە خانىقا ئىچىدىكى مەدرىسە تۈزلىۋېتىلگەن. مەدرىسەدىكى ئەرەبىي، تۈركىي ۋە پارسىي يېزىقىدىكى دەرسلىك كىتاب، لۇغەت ۋە قول يازمىلار كۆيدۈرۈۋېتىلگەن. يېڭىمەھەللە ئاياللار خانىقاسىنىڭ پائالىيىتى مەلۇم دەرىجىدە تەسىرگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، خانىقا ئورنى شەخسىي مۈلۈك بولغاچقا، ساقلىنىپ قالغان. بۇ خانىقانىڭ رىياسەتچىسى ھىدايەت خېنىم 1975 - يىلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، كېلىنى مەلىكىنىساخان ھاجىم خانىقانىڭ باش رىياسەتچىسى بولغان. مەلىكىنىساخان ھاجىم قانۇن يول قويغان دائىرىدە ھەپتىدە بىر كۈن ئايالالرغا رىياسەتچىلىك قىلىپ خەتمە قۇرئان قىلىش، خەتمە ئوقۇش ۋە سالاۋات ئوقۇش بىلەن بىللە، ئەقىدە، ئەخلاق، ئايالالرنىڭ ئائىلە، جەمئىيەتتىكى ۋەزىپىسى ھەققىدە تەلىم - تەربىيە ئىشلىرىنى ئېلىپ بارماقتا.

بۇ خانىقادا بۇرۇن سەيشەنبە پائالىيەت ئېلىپ بېرىلاتتى. 2010 - يىلى دۈشەنبىگە ئۆزگەرتىلدى.

(ئاپتور شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا)

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: دىلئارام باھاۋىدىن



# نوقۇت پالۋان*

(چۆچەك)

ئۆتكەن زاماندا ئۆمرى پەرزەنتسىز ئۆتكەن بىر ئائىلە بار ئىكەن. خوتۇنى ھەر كۈنى پەرزەنت يۈزى كۆرمىگەنلىكىدىن ئازابلىنىپ ئاھ ئۇرىدىكەن، يىغلاپ ـ قاقشايدىكەن. ئېرى بولسا:

ـــ قانداق گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولغىيدۇق، خۇدا بىزگە پەرزەنت بەرمىدى. بىز بىر ئۆمۈر كىشىلەرنىڭ تويىنى ئويناپ، تاماشىسىنى كۆرۈپ كەلدۇق، ئەگەر بىر ئوغلىمىز ياكى قىزىمىز بولغان بولسا، بىزمۇ كىشىلەرگە چوڭ توي قىلىپ بېرەتتۇق. قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ تەنە گەپلىرىدىن قۇتۇلاتتۇق، ـــ دەيدىكەن.

شۇ تەرىقىدە ئايلار، يىللار ئۆتۈشۈپتۇ، بىراق ئۇلار يەنىلا پەرزەنت كۆرۈش ئارزۇسىغا يېتەلمەپتۇ. بىر كۈنى بىر دىۋانە ئۇلارنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ: «ھەق دوست يائاللا، سەدىقە يەيدۇ بالا» دەپ سەدىقە تىلەپتۇ. خوتۇنى بىر نان ئېلىپ چىقىپ، رومىلىنىڭ تېگىدىن ئاستا قارىسا، ئاپپاق ساقاللىق، چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان، ھاسىسى ئالتۇندەك يالتىرايدىغان، خىزىر سۈپەت بىر مويسىپىت تۇرغۇدەك. ئۇ ئايالنىڭ قەلبى بىردىنلا يورۇپ، ئۇ كىشىگە:

ـــ ئەي بوۋا، سىز دانا كىشى ئوخشايسىز، بىزنىڭ پەرزەنتىمىز يوق، شۇ سەۋەبتىن ئەل ئالدىدا بېشىمىزنى كۆتۈرۈپ يۈرەلمەيمىز. راستىلا «باللىق ئۆي بازار، بالىسىز ئۆي مازار» بولىدىكەن. قانداق قىلساق پەرزەنتلىك بولالايمىز، يول كۆرسەتكەن بولسىڭىز ! ـــ دەپتۇ. مويسىپىت قىپقىزىل بىر ئالمىنى ئايالغا تەڭلەپ دەپتۇ:

ـــ بۇ ئالمىنى ئىككىگە بۆلۈپ يېرىمىنى ئۆزىڭىز يەڭ، يېرىمىنى ئېرىڭىزگە بېرىڭ. بۇدرۇققىنە ئوغۇل تۇغىسىز.

خۇشاللىقىدا بېشى ئاسمانغا يەتكەن ئايال ئۆيگە كىرىپلا ئالمىنى ئىككىگە بۆلۈپ، يېرىمىنى ئۆزى يەپتۇ. ئالما ئىنتايىن تاتلىق بولۇپ، ئۇ ئۆمرىدە بۇنداق تاتلىق ئالمىنى يەپ باقمىغانىكەن، شۇڭا نەپسىنى يىغالماي ئالمىنىڭ قالغان يېرىمىنىمۇ يەۋېتىپتۇ. ئۇ ئۆز ئىشىدىن خىجالەت بولۇپ بۇ ئىشنى ئېرىگە دېيەلمەپتۇ. توققۇز ئاي توققۇز كۈن توشۇپ، ئايال كىچىككىنە بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. بۇنى كۆرۈپ ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى ھەيران بولۇشۇپتۇ. ئېرى ئىچ ـ ئىچىدىن ئاھ ئۇرۇپ:

ـــ بىز ئۆمۈر بويى پەرزەنت كۆرۈش ئارزۇسىدا يۈردۇق، ئەمدى ئارزۇيىمىزغا يەتتۇق، بىراق بالىمىز نوقۇتتەك كىچىك تۇغۇلدى. ئەمدى ئەل ـ يۇرت: «شۇمۇ بالا بولدىمۇ؟» دەپ بىزنى زاڭلىق قىلىشىدىغان بولدى، ـــ دەپتۇ.

---

* 1990 ـ يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان «جاھىل قوش» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى.

خوتۇنى ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپتۇ:

— بۇرۇن بۇمۇ يوق ئىدى، ئەمدى بارىغا شۈكۈر قىلايلى. خەق نېمە دېسە دەۋەرسۇن، ئىشقىلىپ، بىزنىڭ بالىمىز بار بولدى.

ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى مەسلىھەتلىشىپ ئوغلىغا «نوقۇتجان» دەپ ئىسىم قويۇپتۇ ھەم ئوغلىنىڭ تېزرەك چوڭ بولۇشىنى، ئەقىللىك ۋە ياراملىق ئادەم بولۇشىنى تىلەپتۇ.

ئاتا ـ ئانىسىنىڭ كۈتكىنى بويىچە نوقۇتجان كۆپ ئۆتمەي خېلى يوغىناپتۇ، زېرەك ۋە چاققان چوڭ بولۇشقا باشلاپتۇ. ئەگەر ئانىسى بۇلاقتىن سۇ ئەكەلمەكچى بولسا، ئۇ دەرھال كېلىپ:

— ئانا، سىز ئاۋارە بولماڭ، سۇنى مەن ئەكېلىمەن، — دەپ چېلەكنى كۆتۈرۈپ يۈگۈرۈپ بېرىپ سۇ ئەكېلىدىكەن. ئاتىسى ئوتۇن يارماقچى بولسا:

— ئاتا، سىز دەم ئېلىڭ، ئوتۇننى مەن يارىمەن، — دەپ پالتىنى ئۇنىڭ قولىدىن ئالىدىكەن ـ دە، بىردەمدىلا بىرمۇنچە ئوتۇننى يېرىپ بولىدىكەن. ئانىسى ھويلا سۈپۈرمەكچى بولسا، قەيەردە بولمىسۇن ئۇچقاندەك كېلىپ:

— ئانا، سۈپۈرگىنى ماڭا بېرىڭ، مەن سۈپۈرەي، — دەپ سۈپۈرگىنى ئالىدىكەن ـ دە، ھويلىغا سۇ سېپىپ، بىردەمدىلا خۇددى يالىغاندەك پاكىز تازىلىۋېتىدىكەن. ئاتىسى بازارغا بارماقچى بولسا، خۇرجۇننى ئاتىسىدىن ئېلىپ يەلكىسىگە ئېسىپ، يۈگۈرۈپ بېرىپ نەرسە ـ كېرەك سېتىۋېلىپ كېلىدىكەن. بىركۈنى ئېرى بۇغداي ئورۇشقا كەتكەنىكەن، ئايالى تاماق ئېتىپ ئۇنىڭغا ئاپارماقچى بوپتۇ.

— ئانا، مەن ئاپىرىپ بېرەي، — نوقۇتجان شۇنداق دەپ تاماق سېلىنغان تاۋاقنى بېشىغا قويۇپ، ناخشا ئېيتقىنىچە ئاتىسىنىڭ يېنىغا مېڭىپتۇ. يولدا كىشىلەر ھەيران بولۇشۇپ، ئەتراپقا قاراپ:

— ئاۋازىنى ئاڭلايمىز، لېكىن ئۆزىنى كۆرەلمەيمىز. بۇ قانداق ئادەمدۇ؟ — دېيىشىپتۇ. كېيىن ئۇلار يوغان تاۋاقنى بېشىدا كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان نوقۇتجاننى كۆرۈپ تېخىمۇ ھەيران بولۇشۇپتۇ.

نوقۇتجان دادىسىنىڭ يېنىغا يېتىپ كېلىپ تاۋاقنى قويۇپ، دادىسىنىڭ قولىدىن ئورغاقنى ئېلىپ دەپتۇ:

— ئاتا، سىز تاماق يەپ دەم ئېلىڭ، بۇغداينى مەن ئورۇيمەن.

ئورغاق نوقۇتجاندىن نەچچە ھەسسە يوغان بولغاچقا، ئاتىسىنىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ دەپتۇ:

— ئوغلۇم، سەن كۆپ يول يۈرۈپ چارچاپ كەتتىڭ، ئولتۇرۇپ دەم ئالغىن، بۇغداينى ئۆزۈم ئورۇيمەن.

— ياق، ئاتا، مەن چارچىمىدىم، — نوقۇتجان شۇنداق دەپ بۇغداي ئورۇشقا باشلاپتۇ. ئۇ ناھايىتى چاققان بولغاچقا، بىردەمدىلا بۇغداينى ئورۇپ باغلاپ بوپتۇ. بۇ ئىشلارنى كۆرگەن ئاتىسى بەك خۇشال بوپتۇ. ئۇ ئۆمرىدە بۇنداق خۇشال بولۇپ باقمىغانىكەن.

— ئەمدى ئۆيگە قايتقىن، ئوغلۇم، — دەپتۇ ئاتىسى نوقۇتجانغا، — مەن قالغان ئىشلارنى تۈگىتىپ ئاندىن قايتىمەن.

نوقۇتجان ماقۇل بولۇپ، ناخشا ئېيتىپ، سەكرەپ ـ تاقلاپ ئۆيگە كېتىۋاتقاندا، بىر ئاچ بۆرە ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قاپتۇ.

— مانا، ماڭا بۇنى خۇدا بەردى، ئەمدى قورسىقىم تويىدىغان بولدى، — بۆرە شۇنداق دېگىنىچە نوقۇتجاننىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەپتۇ ـ دە، دەپتۇ:

— ۋوي، مەن سېنى يوغان ئادەممىكىن دەپ ئويلىسام ئاران نوقۇتچىلىك ئىكەنسەنغۇ، لېكىن نېمە بولسا بولسۇن، قورسىقىم بەك ئاچ، سېنى يەيمەن.

— مېنى يېسەڭ پۇشايمان قىلىسەن، — دەپتۇ نوقۇتجان، — ئەڭ ياخشىسى باشقا يەرگە بېرىپ قورسىقىڭنىڭ غېمىنى قىل.

بۆرە ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي نوقۇتجاننى بىرلا يالماپ يۇتۇپ، يولىنى داۋام قىپتۇ. ئۇ مېڭىپ - مېڭىپ بىر يايلاققا كەپتۇ، يايلاقتا قوزىچاقلار ئوتلاپ يۈرگەنىكەن، بۆرە بىر قوزىچاقنى تۇتۇۋالماقچى بولۇپ پايلاپ يېتىپتۇ. دەل شۇچاغدا نوقۇتجان ئۇنىڭ قورسىقىدا تۇرۇپ ۋارقىراپتۇ:

— ئەي پادىچى، ھوشيار بول، بۆرە سېنىڭ قوزىلىرىڭنى يېمەكچى بولۇۋاتىدۇ.

پادىچى بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ، ئىتلىرىنى باشلاپ بۆرە تەرەپكە يۈگۈرگەنىكەن، بۆرە بەدەر قېچىپ ئاران قۇتۇلۇپتۇ. ئۇ مېڭىپ - مېڭىپ يەنە بىر يايلاقنى تېپىپ، ماراپ يېتىپتىكەن، نوقۇتجان يەنە ۋارقىراپتۇ:

— ئەي پادىچىلار، بۆرە قوزىلارنى يېمەكچى.

پادىچىلار تەرەپ - تەرەپتىن كالتەكلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ كېلىپ بۆرىنى تازا ساپتىكەن، بۆرە پۇتۇنلەي ھالىدىن كېتىپتۇ. ئۇ نوقۇتجاندىن بىزار بولۇپ، بىر يارنىڭ لېۋىگە كەپتۇ - دە، يارنىڭ ئۇ لېۋىدىن بۇ لېۋىگە، بۇ لېۋىدىن ئۇ لېۋىگە سەكرەشكە باشلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن نوقۇتجان ئۇنىڭ ئىچىدىن يار ئىچىگە چۈشۈپ قاپتۇ. بۆرە ئىچىدە: «سەندىن ئاخىر قۇتۇلدۇم» دەپ بۇ يەردىن خۇشال ھالدا كېتىپتۇ. نوقۇتجان قانچە ئۇرۇنسىمۇ ياردىن چىقالماپتۇ. ئۇ «بىرەر كىشى ئاۋازىمنى ئاڭلاپ مېنى ئىزدەپ كەلسە» دېگەن ئۈمىد بىلەن ناخشا ئېيتىشقا باشلاپتۇ.

شۇ يەرگە يېقىنلا يەردىن قوي پادىسى ئۆتۈۋاتقانىكەن، پادىچىلار نوقۇتجاننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ: «بۇ ئاۋاز بۆرىنىڭ ئىچىدىن چىققان ھېلىقى ئاۋازغا ئوخشايدىكەن، بۆرە مۇشۇ ئەتراپتا بولۇپ قالمىسۇن يەنە» دېيىشىپ ئىزدەشكە باشلاپتۇ. لېكىن، ئۇلار ئاۋازنىلا ئاڭلاپ، ئاۋاز ئىگىسىنى ياكى بۆرىنى تاپالماپتۇ. ئەقىللىك نوقۇتجان:

— يار تۈۋىگە كېلىپ، يارنىڭ ئىچىگە قاراڭلار، — دەپ ۋارقىراپ پادىچىلارنى يار لېۋىگە چاقىرىپتۇ. پادىچىلار كېلىپ يارغا قاراپتۇ، لېكىن يارنىڭ ئىچى قاراڭغۇ بولغاچقا ئۇلار ھېچنېمىنى كۆرەلمەپتۇ.

— تايىقىڭلارنىڭ ئۇچىنى پەسكە چۈشۈرۈڭلار، — دەپتۇ نوقۇتجان. پادىچىلار ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىلىپ، ئۇنى تارتىپ چىقىرىپتۇ. قارىسا، ئۇ كىچىككىنە بىر بالا ئىكەن، ئۇلار ھەيران بولۇشۇپ نوقۇتجاندىن سوراپتۇ:

— بۆرىنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ ۋارقىرىغان سەنمىدىڭ؟

— ھەئە، مەن ئىدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ نوقۇتجان. پادىچىلار:

— سەن بىزنىڭ قويلىرىمىزنى بۆرىدىن قۇتقۇزۇپ قالدىڭ، — دەپ ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىپ، بىر كوزا قايماق بېرىپتۇ. نوقۇتجان كوزىنى بېشىغا قويۇپ:

— كىشى قورقماس، مەرد بولسا،
مۇشكۈلى ئاسان بولار، — دەپ ناخشا ئېيتىپ ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ. ئاتا - ئانىسى:

— يامان بولدى، ئوغلىمىز يوقاپ كەتتى، ئەمدى قانداق قىلارمىز؟ ئۇنىڭسىز قانداق ياشارمىز؟ — دەپ يىغلاپ - قاقشاپ ئولتۇرغانىكەن. ئۇلار نوقۇتجاننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ يۈگۈرۈپ چىقىپ، ئوغلىنى كۆرۈپ ئالەمچە خۇشال بولۇشۇپتۇ. ئۇلار ئەقىللىك ئوغلى بىلەن بىللە ئاخىرغىچە بەختىيار ھايات كەچۈرۈپتۇ.

(ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە)

# ئەبدەش باتۇر



(چۆچەك)

تولپلاپ رەتلىگۈچى: ھىممەت سامساق

قىستاڭ زاماننىڭ قىسىلچاقلىرىدا پايانسىز تاغۇ دەريالارنىڭ كۆركەم، بۇلۇق ئوت - چۆپلۈك بىر يېرىگە خۇددى ساداقتىن ئۇچقان ئوقتەك ئۇچۇپ بىر جۈپ ئەر - خوتۇن ئىنسان نەسلى چۈشۈپتۇ ۋە بۇ جاينى تاللاپ يەرنى سېلىنچا، كۆپكۆك ئاسماننى يېپىنچا قىلىپ، تاغلارنى تام، قارىغايلارنى قاشا قىلىپ ماكان تۇتۇپتۇ. سېخىي تەبىئەت ئۇلارغا ياشاش زۆرۈرىيىتىنىڭ ھەممە ئىمكانىيەتلىرىنى بەخشەندە قىپتۇ. بۇ بىر جۈپ ئەر - خوتۇن تەبىئەت ئاتا قىلغان، ھۆرلۈكى دەخلىسىز، ياشاش يولى چەكسىز پانىينىڭ جەننىتىدە ياشاپ، ئەۋلاد قالدۇرۇش ئارزۇ - ئارمانلىرىنى جاي - جايىدا بەجا كەلتۈرۈپتۇ، ھايت - ھۇيت دېگۈچە ئەتراپىدا يەتتە جاننىڭ قىيا - چىيالىرى، قىيقاس - چۇقانلىرىنى ئاڭلاپتۇ. يىللار ئۆتۈپتۇ، بۇ بىر جۈپ ئەر - خوتۇننىڭ يولۋاسنىڭكىدەك ئۆتكۈر چىشلىرى لىڭشىپتۇ، رەڭگىرويىمۇ ھېلىلىدەك سارغىيىشقا باشلاپتۇ. قىسقىسى، ئۇلارنىڭ چىشلىرى سارغىيىپ، چېچى ئاقىرىپ ھاياتلىق دەرىخىنىڭ ياپيېشىل بوستانى سارغىيىپتۇ. تەبىئەت ھەرقانچە سېخىي بولسىمۇ، بىر نەرسىگە، يەنى جانلىق ۋە جانسىز مەۋجۇداتلارنىڭ ئۆمۈرگاھىغا سېخىي ئەمەس !

بىر كۈنى بوۋاي ئوۋغا چىقىپ قايتىپ كەپتۇ. ئۇۋ نېمەتلىرىنىڭ ئېغىرلىقىدىن ئارانلا قەدەم بې-سىپ كەلگەن ئاتا يەتتە ئوغلى بىلەن قەدىناسى ھايات پەيزىلىرىنى غەم - غۇسسىسىز سۇرۇۋاتقان ماكانغا كېلىپ ئوغۇللىرىغا:

— قېنى بۇ نەرسىلەرنى ئېلىپ مېنى يۈكتىن ئازاد قىلماسسىلەر ياكى بولمىسا مېنىمۇ ئاسقۇغا قوشۇپلا ئېسىپ قويايلى دەمسىلەر؟ — دەپتۇ.

باللار شۇ ھامان ئاتىسىنىڭ ئۇۋ نېمەتلىرىنى جاي - جايىغا ئېلىشىپتۇ، ئەڭ كىچىك ئوغلى ئاتىسىنىڭ ئۇستىباشلىرىنى قېقىشتۇرۇپتۇ ۋە ئاتىسىدىن چەكسىز مېھىر بىلەن ھاردۇق سوراپتۇ. ئاتا يەتتە ئوغلىنىڭ ئەقىللىك، چېچەن، باتۇر چوڭ بولغانلىقىدىن سۆيۈنۈپتۇ. ئەر - خوتۇن يەتتە ئوغلىنىڭ تەڭلا ئۆسۈپ يېتىلگەنلىكىنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدىن ئالLAغا تەشەككۈر ئېيتىپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئەر خوتۇنىغا:

— ئايىسى، سىلى بىلەن مەنمۇ قېرىپ قالدۇق، يەتتە ئوغلىمىز تەڭلا ئۆسۈپ يېتىلدى. ئەمدى ئوغۇللارنىڭ بېشىنى ئوڭشاپ قويىدىغان ۋاقىت كەلدى. بۇ يېقىن ئەتراپتا بىزدىن باشقا ئادەم يوق. قارىغاندا، يىراقلارغا بېرىپ باللارغا لايىق ئىزدەسەك بولغۇدەك. سىلى بۇگۈندىن باشلاپ ماڭا سەپەر تەييارلىقى قىلىپ بېرىڭلا، مەن سەپەرگە چىقاي، — دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئەر (بۇ يەردىن باشلاپ بوۋاي دەپ ئاتايلى) ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ، تاغلاردىن ھالقىپ، دەريالاردىن كېچىپ، ئايلاپ يول مېڭىپ

ئاخىر ئەل بار يەرگە كەپتۇ. غۇژمەك ـ غۇژمەك يېزا ـ كەنتلەردىن ئۆتۈپ كىچىكرەك بىر شەھەرگە كىرىپتۇ. بوۋاي كۈندۈزى شەھەرنىڭ قايناق رەستىلىرىنى ئايلىنىپتۇ، كەچلىكى بىر سارايغا چۈشۈپ قونالغۇ قىپتۇ. ئەتىسى يەنە شەھەر ئارىلاپتۇ، بوۋاي بىرقانچە كۈن مۇشۇنداق شەھەر ئارىلاپ يۈرۈپتۇ. ئۇ بىر كۈنى شەھەرنىڭ چېتىدىكى بىر كوچىدا چوڭقۇر خىيالغا پېتىپ كېتىۋاتسا، ئۆزى بىلەن تەڭ دېمەتلىك بىر كىشى بوۋايغا:

— تەخسىر، باشلىرىڭغا نېمە دەرد كەلدى؟ ئەجەب غەمكىن كۆرۈنىدىلىغۇ؟ — دەپتۇ.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! ياخشى نىيەتلىك ئاللانىڭ بەندىسى. غەم ـ قايغۇلىرىمنى بىر ئېغىز سۆز بىلەن چۈشەندۈرەلمەيمەن! مالال كۆرمىسىلە مۇۋاپىق جاي تېپىپ ۋە ۋاقىت چىقىرىپ غېمىمنى بايان قىلسام ئاڭلاشقا تاقەتلىرى بارمىدۇ؟ — دەپ ئۇ كىشىگە قاراپتۇ.

— يۈرسىلە، تەخسىر! ئۆيۈمدە جاي بار، ۋاقىتنى ئاللا بېرىدۇ، — دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئاددىي بىر قورۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ كونا پالاسلاردىن ئورۇن ئاپتۇ.

— ئامىن، ئاللاھۇ ئەكبەر، — دەپتۇ بوۋاي دۇئا قىلىپ.

— كەلگەن قەدەملىرىگە مۇبارەك بولغاي، تەخسىر، قېنى ئولتۇرسىلا!

ئۇلار چاي ئىچىپ ھال ـ مۇڭ بولۇشۇپتۇ.

بوۋاي ئۆزىنىڭ كېلىش مۇددىئالىرىنى، يىراقتىكى قەدىناسى ۋە يەتتە ئوغلى توغرىسىدا تەپسىلى سۆزلەپ بېرىپتۇ ۋە ئاخىرىدا:

— مۇمكىن بولسا بىرلا ئادەمنىڭ يەتتە قىزى بولغان بولسا، شۇنداق يەردىن قۇدىلاشقان بولسام بەك ياخشى بولاتتى، — دەپتۇ.

— ياراتقان ئاللاغا رەھمەت! — دەپتۇ ساھىبخانا بوۋاي، — يۈز مىڭ قەتلە شۈكۈر، دۇنيادا مۇنداقمۇ ئىش بولىدىكەن. مانا مېنىڭ يەتتە قىزىم بار. ئۇلارنىڭ ھەممىسى تەڭلا بويىغا يەتتى. قىزلارنىڭ توينى قىلايلى دېسەك قولىمىز قىسقا، چىققان لايىقلارنى قىزلىرىم ماقۇل كۆرمەي باش قېتىنچىلىق. بالىلىرىمنىڭ ئانىسى خېلى كۈنلەر بولدى باشقا بىر يۇرتتا تۇغقانلىرىمىزنى يوقلىغاچ، قىزلارنى ئېلىپ شۇ تەرەپكە كەتتى. ئۆزلىرىنى ياراتقان ئاللا ئىگەم بىز بىلەن ئۇچراشتۇرۇپتۇ.

يەتتە ئوغۇلنىڭ ئاتىسى ساھىبخانا بوۋاينىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ چەكسىز خۇشاللىقتا چۆمۈپتۇ ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ ساھىبخانا بوۋايغا قايتا ـ قايتا تەزىم قىپتۇ. ئۇلار شۇ كۈنىلا ئۆزئارا قۇدا بولۇشقا كېلىشىپتۇ، ساھىبخانا بوۋاي خوتۇنىغا خەۋەر ماڭدۇرۇپتۇ. ھەپتە ئۆتمەي ساھىبخانا بوۋاينىڭ خوتۇنى يەتتە قىزىنى ئەگەشتۈرۈپ يېتىپ كەپتۇ. يەتتە قىز بۇ خۇش خەۋەرنى ئاڭلاپ قىن ـ قىنىغا پاتماي خۇشال بوپتۇ. توي مەسلىھەتى پىشىپتۇ، بوۋاي قايتىپ، بالىلىرىنى ئېلىپ كېلىشكە تەييارلىنىپتۇ، يەتتە قىزبولغۇسى قېيىنئاتىسىنىڭ سەپەر تەييارلىقىنى قىپتۇ. خاسىيەتلىك كۈنلەرنىڭ بىرىدە بوۋاي ئوغۇللىرىنى ۋە تويلۇق جابدۇقلىرىنى ئېلىپ كېلىشكە يولغا چىقىپتۇ. بوۋاي يەنە داۋانلار ئېشىپ، سۇلار كېچىپ ئۆز ماكانىغا يۈرۈپ كېتىپتۇ.

ئاتىسىنىڭ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇرغان يەتتە ئوغۇل ۋە ئۇلارنىڭ ئانىسى تويغا تەييارلىق قىلىپ ئالدىراش يۈرۈپتۇ. بوۋاي كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئېشىكىگە يانتۇ مىنىپ خۇشال ھالدا گۈزەل ماكانىغا قايتىپ كەپتۇ. ئاتا ـ بالا خۇشال ـ خۇرام كۆرۈشكەندىن كېيىن:

— بالىلىرىم، — دەپتۇ بوۋاي، — سىلەرگە لايىق تاپتىم، تاپقاندىمۇ قانداق دېمەمسىلەر، يەتتە قىز — ئاچا ـ سىڭىللار! ئۇلار بىر ـ بىرىدىن چىرايلىق ۋە گۈزەل!

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئوغۇللار خۇشلۇقتىن ئاتىسىنى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرۈشۈپتۇ.

— ئاتا، تېزرەك ئېيتسىلا! بىز ئەمدى نېمىلەرنى قىلىمىز؟ تويلۇققا نېمىلەرنى ئالىمىز؟ قاچان يولغا چىقىمىز؟

ئوغۇللار ئاتىسىنى سوئاللارغا كۆمۈۋېتىپتۇ.

— ئوغۇللىرىم، — دەپتۇ بوۋاي، — گۈزەل ياز ئايلىرىنىڭ ئەڭ خاسىيەتلىك كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، زېمىن ئۇزۇۋقلۇققا تولغان، زېمىن سېلىنچا، ئاسمان يېپىنچا بولغان ئالتىنچى ئايدا يولغا چىقىمىز. سەپەر ۋاقتى كەلگۈچە ھەربىرىڭلار بىر جۈپتىن ئېگەر - توقۇملۇق ئات، بىر جۈپ ساندۇق تەييارلايسىلەر، ساندۇققا قىزلار ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلەرنى قاچىلايسىلەر! ھازىردىن باشلاپ تەييارلىق قىلىڭلار!

ۋاقتى - قەرەلى كېلىپ يولغا چىقماقچى بولغاندا ئۆيدە كىم قېلىشى كېرەك؟ دېگەن سوئال تۇغۇلۇپتۇ. ھېچقايسىسىنىڭ ئۆيدە قالغۇسى كەلمەپتۇ. ئاخىر ئۇلار چەك تاشلاپ بېكىتەيلى دېيىشىپتۇ ۋە چەك تاشلاپتۇ. چەك يەتتىنچى ئوغۇل — ئەبدەشكە چىقىپتۇ، ئەبدەشمۇ ماقۇل بوپتۇ.

بوۋاي ئالتە ئوغلى بىلەن ئايالىنى ئېلىپ يولغا چىقىپتۇ، ئەبدەشنىڭ تەييارلىغان بىر جۈپ ساندۇق ئارتىلغان بىر جۈپ ئېگەر - توقۇملۇق ئېتىنى بوۋاي ئۆزى يېتىلەپتۇ. ئۇلار ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ، جاپا - مۇشەققەتلەرنى يەتكۈچە تارتىپ، يەتتە قىزنىڭ شەھرىگە يېتىپ كەپتۇ. قۇدىلار ۋە قىزلار ئۇلارنى ناھايىتى قىزغىن قارشى ئاپتۇ. يەتتە قىز قاتار تۇرغان ئوغۇللارنىڭ ئالدىغا بىر - بىرلەپ كېلىپ يىگىتلىرىنى قارشى ئاپتۇ، يەتتىنچى قىز بىر جۈپ ئات ۋە ئاتقا ئارتىلغان ساندۇقنى كۆرۈپ جايىدا تۇرۇپ قاپتۇ ۋە قېيىنئاتىسىغا سوئال نەزىرى بىلەن تىكىلىپتۇ.

— قىزىم، — دەپتۇ بوۋاي، — كۆڭۈللىرىنى يېرىم قىلماي ساندۇقنى ئاچقايلا، ئاندىن ئۆزلىرىنى رازى قىلغۇدەك جاۋابقا ئىگە بولىدىلا، — دەپتۇ. قىز ئالدى بىلەن ئاتتىن قىزىل ساندۇقنى چۈشۈرۈپ ئاچقانىكەن، ساندۇقتىن بىر تال خەنجەر ۋە خەنجەرنىڭ دەستىسىگە باغلاقلىق بىر يۈگەم مارجان چىقىپتۇ. ئارقىدىن كۆك سىرلىق ساندۇقنى ئېچىپتۇ، ساندۇقتىن بىر دانە ئاجايىپ ئەينەك، بىر دانە قول ياغلىق، بىر دانە يولۋاسنىڭ چىشىدىن ياسالغان تارغاق بىلەن يولۋاسنىڭ پەنجە سۆڭىكىدىن ياسالغان ئۈزۈك چىقىپتۇ. قىز بۇ نەرسىلەرنى كۆرۈپ:

— توينى قىلىۋېرەيلى، مەن يىگىتىم بىلەن كۆرۈشتۇم، — دەپ تويغا رازىلىق بېرىپتۇ. توي كۈنى يەتتىنچى قىزنى ئەبدەشنىڭ خەنجىرىگە نىكاھلاپتۇ. ئۇلار توي ئۆتۈپ قايتىش سەپىرىگە ھازىرلىنىپتۇ. قىزلار ھەرقايسىسى ئۆز يىگىتلىرى بىلەن يىگىتلىرى ئېلىپ كەلگەن ئاتلارنى مىنىشىپ شادلىنىپتۇ، يەتتىنچى قىز بىر ئاتنى مىنىپ، بىر ئاتنى يېتىلەپ تەييارلىنىپتۇ، ئۇلار يولغا چىققاندا:

— قۇدام، قىزلىرىم، كۈيئوغۇللىرىم! سىلەرگە بىر سۆزۈم بار، ئېسىڭلاردا چوقۇم چىڭ تۇتۇڭلار، سىلەر يولغا چىقىپ يەتتىنچى قوناققا يەتكەندە بىر قۇدۇق بېشىغا كېلىسىلەر، شۇ قۇدۇقتىن ئۆتۈپ كەتسەڭلار سەككىزىنچى قوناققا بارغۇچە سۇسىز چۆلدە ماڭىسىلەر، يەتتىنچى قوناقتىكى قۇدۇقتىن ئاتلاپ ئۆتۈپ كەتسەڭلار يۇرتۇڭلارغا بىخەتەر يېتەلەيسىلەر، يەتتىنچى قوناقتىن قۇدۇقتىن سۇ ئالساڭلار، خەتەرگە ئۇچرايسىلەر، بەختسىزلىك يۈز بېرىدۇ، — دەپتۇ قىزلارنىڭ ئاتىسى.

— سۆزلىرىنى ئەستە ساقلايمىز! — دەپتۇ قىزلار ۋە يىگىتلەر. ئۇلار يولغا چىقىپتۇ.

بوۋاي يەتتە كېلىن ۋە ئالتە ئوغۇلنى ئارقىسىغا سېلىپ شەھەرنى ۋە شەھەر ئەتراپىدىكى چوڭ - كىچىك يېزا - سەھرالارنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ خىلۋەت ماكانىغا قاراپ يولنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئۇلار چوڭ - كىچىك ئۆتەڭلەرنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئاخىر بىر چۆل - باياۋانغا كېلىپ توختاپتۇ. ئەتراپى ئېگىز - ئېگىز قۇم بارخانلىرى بولۇپ، گىياھسىز قۇرغاق زېمىن ئىكەن، ئاسماندا نە ئۇچار قۇشلار، يەردە نە تىرىك جانلىقلار كۆرۈنمەپتۇ. بوۋاي ئارقىسىغا قاراپ:

— بالىلىرىم، بۇ يەردىن ئۆتۈپ كەتسەك

ئاتلار سۇسىزلىقتىن ئۆلىدۇ. بۈگۈن كېچە مۇشۇ يەردە تۈنەيلى، قېنى ئاتتىن چۈشۈڭلار، — دەپتۇ بالىلىرىغا.

— ئاتا، — دەپتۇ قىزلار، — ئاتام يەتتىنچى قوناقتا قۇدۇق بار، ئۇ يەر خەتەرلىك، قونماڭلار، دېگەن ئەمەسمىدى. بۈگۈن دەل يەتتىنچى قوناق، شۇڭا بۇ جايدا قونمايلى، — دەپتۇ. ئوغۇللار:

— قېنى بۇ يەردە قۇدۇقمۇ كۆرۈنمەيدۇ، بەلكى بۇ جاي قېيىنئاتىمىز دېگەن جاي ئەمەستۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاتام بۇ زېمىننىڭ ھەممە سىرلىرىنى ياخشى بىلىدۇ. ئەتراپنى چارلاپ كۆرەيلى، قۇدۇق بولماي سۇ تېپىلسا قونۇپ قالايلى، — دەپتۇ ۋە دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ ئەتراپنى چارلاپ كېلىشكە مېڭىپتۇ. يىگىت ھايال قالمايلا قايتىپ كېلىپ:

— ئاۋۇ دۆڭنىڭ ئارقىسىدا سۇ بار ئىكەن، قۇدۇق يوق ئىكەن، — دەپتۇ.

ئۇلار ئاتلاردىن چۈشۈپ، ئاتتىكى يۈك-تاقلارنى چۈشۈرۈپ تۈنەشكە تەييارلىنىپتۇ. قىزلار — كېلىنلەر تۇتۇش قىلىپ ئوچاق ھازىرلاپ سەپەر داستىخىنى تەييارلاشقا كىرىشىپتۇ، ئوغۇللار تەرەپ-تەرەپتىن ئوتۇن يىغىپتۇ. شۇ چاغدا ئەتراپنى چارلاپ كەتكەن يىگىت قاپاق كۆتۈرۈپ سۇغا كېتىپتۇ. ھايال قالمايلا سۇنىمۇ ئېلىپ كەپتۇ. كېلىنلەر كەچلىك سەپەر غىزاسىنى تەييارلاپتۇ، ھەممەيلەن خۇشال-خۇرام غىزاغا ئولتۇرۇپتۇ. ئۇلار قورساقلىرىنى تويدۇرۇپ ھاردۇق ئېلىشقا يانپاشلاپتۇ. بوۋاي سۇ ئەكەلگەن ئوغلىنى ئەگەشتۈرۈپ سۇنىڭ قېشىغا —. سۇنى كۆرۈپ كېلىشكە كېتىپتۇ. ئوغۇل ئاتىسىغا:

— ئاتا، ئابايا سىلىگە يالغان ئېيتتىم، ئەمەلىيەتتە بۇ يەردە ئېقىن سۇ يوق ئىكەن. مانا بۇ يەردە بىر قۇدۇق ۋە قۇدۇقتا ساڭگىلىتىپ قويۇلغان چېلەك بار ئىكەن، مەن ئۇ چېلەك بىلەن سۇ تارتىپ ئېلىپ كەلدىم، — دەپتۇ.

— بوپتۇ، ئوغلۇم، كېلىنلەر بۇنى ئۇقمىسۇن، ئۇلارغا دەپ سالما، — دەپتۇ بوۋاي. ئۇلار قۇدۇقنى كۆرۈپ قايتىپ كېتىپتۇ. ئاسمان بۇلۇتسىز، ئەتراپ جىمجىت، ھاۋا سالقىن. بوۋاينىڭ ئوغۇللىرى كېلىنلىرى بىلەن جۈپ-جۈپ بولۇپ ئۇخلاپتۇ. كىچىك كېلىن ساندۇقنى بېشىغا قويۇپ يۇلتۇزلارغا قاراپ يېتىپتۇ.

تۈن نىسپى بولغاندا، بوۋاي شەپە چىقارماي ئورنىدىن تۇرۇپ ئاتلارنى سۇغىرىپ كېلەي دەپ كۈندۈزى كۆرگەن قۇدۇقنىڭ قېشىغا مېڭىپتۇ. قۇدۇقتا چېلەك سېلىپ كەينى-كەينىدىن سۇ تارتىپ ئاتلارنى بىر-بىرلەپ سۇغىرىپتۇ. كەنجى ئوغۇلنىڭ ئېتىنى ئاخىرىدا سۇغىرىپ ئاندىن كېتەي دەپ چېلەكنى قۇدۇققا سالغانىكەن، چېلەككە سۇ چىقماپتۇ. ئىككىنچى، ئۈچىنچى رەت سالسىمۇ سۇ چىقماپتۇ. بوۋاي خاپا بولۇپ قۇدۇققا يېقىن كېلىپ ئېڭىشىپ قۇدۇق ئىچىگە قاراپتۇ. قارىسا، قۇدۇقنىڭ تېگىدە سۇ كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ تۆتىنچى رەت چېلەك سېپتۇ، بۇ نۆۋەت چېلەككە سۇ چىقىپتۇ. بوۋاي چېلەكنى ئاتنىڭ ئالدىغا ئاپارسا، ئات چېلەكنى كۆرۈپ چاپچىپ قاتتىق كىشنەپتۇ، قارىغۇدەك بولسا، چېلەكتە سۇ ئەمەس، قانداقتۇر بىر ھايۋاننىڭ ئۆپكىسى تۇرغۇدەك، بوۋاي ئۆپكىنى يەرگە تاشلىۋېتەي دەپ چېلەكنى قولىغا ئېلىشىغا، چېلەكتىكى ئۆپكىگە زۇۋان كىرىپ:

— ھەي بوۋاي! جېنىڭغا تۇرامسەن، ئېتىڭغىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

بوۋاي قورقۇنىدىن تىلى كالۋالىشىپ، ئارانلا:

— جېنىمغا، جېنىمغا! جې ... جېنىمغا، — دەپتۇ.

— ئۇنداق بولسا ماۋۇ كىشنىگەن ئېتىڭنى ماڭا بەر، بولمىسا سېنى تۇتۇپ قۇدۇققا ئېلىپ كىرىپ كېتىمەن، — دەپتۇ ئابايىقى ئۆپكە. بوۋاي نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ تۇرغاندا، ئۆپكە يەتتە باشلىق يالماۋۇزغا ئايلىنىپ، بوۋاينىڭ ساقىلىنى تۇتۇپ قۇدۇققا سۆرەپتۇ. بوۋاي قارىغۇدەك بولسا يەتتە باشلىق يالماۋۇز تاغدەك قامەتلىك، ھەربىر بېشىدا ئوت چاچراپ تۇرغان ھەيۋەتلىك ئاغزى، ئاغزىدا قىلىچتەك ئۇزۇن چىشلىرى تۇر-

غۇدەك، پېشانىسىدە يوغان بىر كۆز بار ئىكەن، قۇلاق ـ قاسقانلىرى تەڭگىدەك بولۇپ، تۇرقى شۇ قەدەر بەتبەشىرە، قورقۇنچلۇق ئىكەن. بوۋاي يالماۋۇزغا يالۋۇرۇپتۇ:

— مېنى قويۇۋەتكىن، سەن دېگەن ئاتنى بېرەي! — بوۋاي شۇنداق دەپ ئوغلىنىڭ ئېتىنى يالماۋۇزغا بېرىپتۇ، يالماۋۇز بوۋاينىڭ ساقىلىنى قويۇۋېتىپتۇ. بوۋاي قالغان ئاتلارنى ئېلىپ ھېچنېمە بولمىغاندەك قايتىپ كېلىپ ئارام ئاپتۇ. ئەتىگىنى بوۋاي ھەممىدىن بۇرۇن تۇرۇپ ئاتلارغا قارىسا، كىچىك ئوغلىنىڭ ئېتىمۇ تۇرغۇدەك. بوۋاي ئەجەبلىنىپ: «يامان چۈش كۆرگەن بولسام كېرەك، بەلكى شۇنداق ئويلاپ قالغاندىمەن...» دەپ ئويلاپتۇ.

بوۋاينىڭ ئوغۇللىرى، كېلىنلىرى كەينى ـ كەينىدىن ئورنىدىن تۇرۇشۇپ ئەتراپقا قاراپتۇ. قارىسا، ھەممىسىنىڭ ئاتلىرى جاي ـ جايىدا تۇرغۇدەك، ئۇلار ناشتىدىن كېيىن ئاتلىرىنى توقۇپ يۈك ـ تاقلىرىنى ئاتلارغا ئارتىپ يەنە سەپەرگە جابدۇنۇپتۇ ۋە ئاتلارنى سۇغىرىپ شۇ يەردىنلا يولغا چىقايلى دەپ ئېقىن بويىغا قاراپ مېڭىپتۇ. قىزلار كېلىپ قارىغۇدەك بولسا، ئېقىن سۇ ئورنىدا قۇدۇق تۇرغۇدەك. يەتتىنچى كېلىن:

— ئاتا، خەتەرگە يولۇقمىغان بولدۇق. بۇ نېمە قىلغانلىرى؟ — دەپتىكەن، بوۋاي:

— نېمە خەتەر بولاتتى، تۈن نىسپىدە ئاتلارنى سۇغىرىپ تىنچ قايتىپ كەلدىم، خېيىم ـ خەتەر يوق، قېنى ئوغلۇم چېلەك سال، — دەپتۇ.

چوڭ ئوغۇل چېلەك سېلىپ سۇ تارتىپتۇ، ئاتلار سۇغا قېنىپتۇ، لېكىن يەتتىنچى قىز مىنگەن ئات كەينى ـ كەينىدىن كىشنەپ يەرنى تېپىپ قۇدۇق بېشىغا زادىلا ماڭماپتۇ. شۇ چاغدا چوڭ ئوغۇل ئاخىرقى قېتىم چېلەك سالغانىكەن، چېلەككە سۇ ئەمەس، ئۆپكە چىقىپتۇ ۋە ئۆپكىگە زۇۋان كىرىپ:

— بوۋاي، ئاخشامقى ئېتىڭنى تۇتۇپ بەر، بولمىسا بارلىق ئوغۇل ـ قىزلىرىڭنى ۋە سېنى تۇتۇپ قۇدۇققا ئېلىپ كىرىپ كېتىمەن! — دەپتۇ.

ئۇلار بۇنى كۆرۈپ داڭ قېتىپ قاپتۇ. قورققىنىدىن ئەس ـ يادىنى يوقىتىپتۇ. بوۋاي قارىغۇدەك بولسا، كېچە كۆرگەن بەتبەشىرە يەتتە باشلىق يالماۋۇز كېچىدىكى كۆرۈنۈشىدىنمۇ ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈپتۇ، تاغدەك گەۋدىسىدىكى يەتتە بېشى ۋە ھەربىر بېشىدا تاغنىڭ كامىرىدەك يوغان ئاغزى، ئاغزىدا قىلىچتەك ئۇزۇن ۋە پارقىراق چىشلىرى، چىشلىرىنىڭ ئارىسىدىن چىقىۋاتقان سېسىق بۇس. بوۋاي كۆزىنى قاچۇرۇپتۇ، ئۇنىڭغا قايتا قاراشقا جۈرئەت قىلالماپتۇ. يەتتە باشلىق يالماۋۇز گەۋدىسىنى رۇسلاپ سوراپتۇ:

— جېنىڭ لازىم بولسا ئاخشامقى ئېتىڭنى تۇتۇپ بەر، بولمىسا، سېنى، يەتتە قىزىڭ، ئالتە ئوغلۇڭ ۋە كەمپىرىڭنى ئۇزۇقلۇق قىلىمەن.

بۇنى ئاڭلىغان بوۋاينىڭ ئوغۇللىرى، كېلىنلىرى يالماۋۇزنىڭ دېگىنىدەك قىلايلى، دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار كىچىك ئوغلى ئەبدەش باتۇرنىڭ يەل تاپان ئارغىمىقىنى يەتتە باشلىق يالماۋۇزغا تۇتۇپ بېرىپ، ئۆزلىرىنى قۇتۇلدۇرۇپ قۇدۇق بېشىدىن كېتىپتۇ.

بالايىئاپەتتىن قۇتۇلغان بوۋاي ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى، كېلىنلىرى ناھايىتى تېزلا بۇ يەردىن ئايرىلىپتۇ. يەتتىنچى كېلىن قېيىنئاتىسىغا قاتتىق نارازى بولسىمۇ، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ ئۇلار بىلەن كېتىپتۇ.

ئۇلار ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ گۈزەل يۇرتىغا يېتىپ كەپتۇ. بوۋاينىڭ كىچىك ئوغلى بىر كۈزلۈك يەرگىچە كېلىپ ئۇلارنى ساقلاپتۇ. يىراقتىن كېلىۋاتقان ئاتىسى ۋە ئاكىلىرىنى، ئانىسىنى كۆرۈپ چەكسىز خۇشال بوپتۇ. ئۇلار ئاتلىرىدىن چۈشۈپ يۈك ـ تاقلىرىنى يەرگە چۈشۈرۈپتۇ. ئەبدەش ئاتىسىدىن سوراپتۇ:

— ئاتا، مېنىڭ يەل تاپان ئارغىمىقىم قېنى؟

— ئوغلۇم، سەن ئالدى بىلەن مېنىڭدىن، خوتۇنۇڭدىن ھال سورىماي، نېمىشقا ئالدى بىلەن يەل تاپان ئارغىمىقىڭنى سورايسەن؟

— ئاتا، يەل تاپان ئارغىمىقىم قېنى؟

— ئۆلدى، كېسەل بىلەن ئۆلدى.

— ياق، ئاتا، يالغان ئېيتتىڭىز، يەل تاپان ئۇنداق ئوڭاي ئۆلمەيدۇ، ماڭا راست گەپ قىلىڭ!

شۇ ئارىلىقتا يەتتىنچى كېلىن ئەبدەشنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— بۇ سىزنىڭ خەنجىرىڭىزمۇ؟ — دەپ ئۇز يېنىدا ساقلاپ كەلگەن خەنجەرنى كۆرسىتىپتۇ.

— شۇنداق، مېنىڭ خەنجىرىم! سىز مېنىڭ خوتۇنۇم! مېنىڭ يەل تاپان ئارغىمىقىمنى قانداق قىلىپ يوقىتىپ قويدىڭىز؟

يەتتىنچى كېلىن يەل تاپاننىڭ ۋە يەتتە باشلىق يالماۋۇزنىڭ ۋەقەسىنى بايان قىلىپ ئېرىدىن كەچۈرۈم سوراپتۇ ۋە يەل تاپان ئەمدى يوق، ئۇنى يەتتە باشلىق يالماۋۇز يەپ بولدى، دەپتۇ.

— ياق، مەلىكەم، — دەپتۇ ئەبدەش باتۇر، — يەل تاپان ئۆلمەيدۇ. يەتتە باشلىق يالماۋۇزنىڭ مەقسىتى يەل تاپاندا ئەمەس، مېنىڭدە. ئۇ مېنى يوقاتماقچى. سىزگە رەھمەت، ئامان بولۇڭ، مەن يەل تاپاننى تېپىپ كېلەي، — دەپتۇ - دە، يەنە بىر ئاتنى مىنىپ يولغا چىقماقچى بوپتۇ. بۇ چاغدا يەتتىنچى كېلىن:

— توختاڭ، سىز ماڭا تويلۇق، ئۇچۇن ئەۋەتكەن مانا ماۋۇ بىر تىزىق مارجان ئەينەك، قول ياغلىق، يولۋاسنىڭ چىشىدىن ياسالغان تارغاق، يولۋاسنىڭ پەنجە سۆڭىكىدىن ياسالغان ئۈزۈك، بۇ نەرسىلەرنى سەپەرگە ئېلىۋېلىڭ! مەن سىزنى كۈتىمەن، — دەپتۇ.

ئەبدەش باتۇر بۇ نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىپ قوينىغا سېلىپ يولغا راۋان بوپتۇ.

يەتتە باشلىق يالماۋۇز يەل تاپاننى يەر ئاستى ئۆڭكۈرگە قاماق قويۇپ ئەبدەش باتۇرنى ساقلاپ يېتىپتۇ. ئۇ كۆڭلىدە: «ئەمدى قىساسىمنى تەلتۆكۈس ئالىمەن» دەپ ئويلايدىكەن. ئەبدەش باتۇر ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ ناھايىتى تېزلا يەتتە باشلىق يالماۋۇز يوشۇرۇنغان قۇدۇقنى تېپىۋاپتۇ ۋە يالماۋۇزنى ئۆزى بىلەن ئېلىشىشقا چاقىرىپتۇ. ئەبدەش باتۇرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان يەتتە باشلىق يالماۋۇز دەرھال قۇدۇق تېگىدىن ھەيۋەتلىك نەرە تارتىپ زېمىن ئۈستىگە چىقىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، كونا رەقىبى ئەبدەش بىر ئەبگا ئاتنىڭ ئۈستىدە تۇرغۇدەك.

— مېنى نېمەڭ بىلەن جەڭگە چىللايسەن؟ ئۇلۇمتۇك؟ — دەپ ھۆركىرەپتۇ يالماۋۇز.

— يالماۋۇز، — دەپتۇ ئەبدەش باتۇر، — سەن خېلى مەرد ئىدىڭ، ھازىر قارىسام سېنىڭ ئۇ مەردلىكىڭ قالماپتۇ. بۇرۇنقىدەك مەرد بولغان بولساڭ، سېنىڭ دېگىنىڭنى بەجا كەلتۈرۈپ، ساڭا خىزمەت قىلاتتىم. ھازىر بىر نامەرد بولۇپ قاپسەن، — دەپتۇ.

— مېنى نامەرد دەيدىغانغا قانداق ئىسپاتىڭ بار؟ — دەپتۇ يەتتە باشلىق يالماۋۇز.

— نامەرد بولمىساڭ نېمىشقا مېنى يېمەي، مېنىڭ ئېتىمنى يەيسەن؟ — دەپتۇ ئەبدەش باتۇر.

— ماڭا تۆھمەت قىلما! سېنىڭ ئېتىڭ بار، ئىشەنمىسەڭ قاراپ تۇر، — دەپتۇ يالماۋۇز كۆرەڭلەپ ۋە بىر نەرە تارتىپ ئاتنى يەر ئاستىدىن ئەبدەش باتۇرنىڭ ئالدىغا پەيدا قىپتۇ. يەتتە باشلىق يالماۋۇز:

— كۆردۈڭمۇ؟ ئەمدى مېنى يەنە نامەرد دەمسەن؟ — دەپتۇ.

— ياق، سېنى نامەرد دېمەيمەن. سەن ھەقىقەتەن مەرد ئىكەنسەن، ساڭا يەنە بىر تەلىپىم، يەل تاپاننىڭ پۇتىدىكى زەنجىرنى بوشىتىۋەت، مەن بىر قېتىم مىنىپ كۆرۈۋالاي، ئاندىن يەنە ساڭا قايتۇرۇپ بېرىمەن.

— ماقۇل، — دەپتۇ يەتتە باشلىق يالماۋۇز ۋە يەل تاپاننىڭ پۇتىدىكى يوغان زەنجىرنى بوشىتىپ ئاتنى قويۇۋېتىپتۇ. ئەبدەش باتۇر ئاستىدىكى ئاتتىن چۈشۈپ يەل تاپاننىڭ باش ـ كۆزىنى سىلاشتۇرۇپ مىنىپتۇ، يەل تاپان زۇۋانغا كېلىپ:

— قوينۇڭدىكى مارجاننى يالماۋۇزغا قارىتىپ ئات، — دەپتۇ. ئەبدەش باتۇر قوينىدىن بىر تىزىق مارجاننى چىقىرىپ يەتتە باشلىق يالماۋۇزغا قارىتىپ ئاتقانىكەن، مارجان بوغما يىلانغا ئايلىنىپ يەتتە باشلىق يالماۋۇزنى چىرمىۋاپتۇ. يەل تاپان شۇ ھامان ئۇچقاندەك قېچىپتۇ. يەتتە باشلىق مالماۋۇز بوغما يىلان بىلەن ھەپىلىشىپ ئۇنىڭدىن قۇتۇلغۇچە ئەبدەش باتۇر كۆزدىن يىتىپتۇ. يەتتە باشلىق يالماۋۇز بوغما يىلاننى بەدەنلىرىدىن ئاجرىتىپ قاتتىق بىر نەرە تارتىپتۇ ۋە بورانغا ئايلىنىپ ئەبدەش باتۇرنى قوغلاپتۇ. ئەبدەش باتۇر يەل تاپاننىڭ ئۈستىدە شۇنداق تېزلىك بىلەن كېتىۋاتسا، يەل تاپان:

— يەتتە باشلىق يالماۋۇز ھازىرلا يېتىپ كېلىدۇ. ئۇ بىزگە يېتەي دەپ قالغاندا قوينۇڭدىكى تارغاقنى ئۇنىڭغا قارىتىپ ئات ۋە ئۈستۈمدە مەزمۇت ئولتۇر! — دەپتۇ. ئاسمان ـ زېمىننى تۇمان قاپلاپتۇ، شۇ تۇماننىڭ ئىچىدىن يەتتە باشلىق يالماۋۇز پەيدا بوپتۇ ۋە يەل تاپانغا يېقىنلاپتۇ. بۇ چاغدا ئەبدەش باتۇر تارغاقنى يەتتە باشلىق يالماۋۇزنىڭ ئالدىغا تاشلاپتىكەن، شۇ ھامان يالماۋۇزنىڭ ئالدىدا ھەيۋەتلىك بىر يۇلغۇن پەيدا بولۇپ، يالماۋۇزغا ئېتىلىپتۇ، ئۇلار تۇتۇشا ـ تۇتۇشا كۈن ئۆتۈپ تۈن باشلىنىپتۇ. بۇ چاغدا ئەبدەش باتۇر يەل تاپاننى ئوتلاشقا قويۇپ بېرىپتۇ. ئاتنىڭ قورسىقى تويۇپ، ئۇسسۇزلۇقى قانغاندىن كېيىن ئۇلار يەنە يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار خېلى ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ بىر دەريانىڭ بويىغا كېلىپ توختاپتۇ. قارىسا، دەريادا سۇ ناھايىتى ئۇلۇغ ئېقىۋاتقانىكەن. ئۇلار دەريادىن قانداق ئۆتۈشنى ئويلاپ تۇرغاندا، دەريانىڭ قارشى تەرىپىدە كېتىۋاتقان ئاق ئاتلىق بىر بوۋاينى كۆرۈپ قاپتۇ. ئەبدەش باتۇر بوۋايدىن سوراپتۇ:

— ھۆرمەتلىك ئاقساقال، دەريادىن قانداق ئۆتكىلى بولىدۇ؟

— كۈنچىقىشقا ماڭساڭ يولدا بىر بوۋاي ئۇچرايدۇ، ئۇ بوۋاينىڭ ئىسمى ئامالدىكام، شۇ بوۋايدىن سورىساڭ دەريادىن ئۆتىدىغان جاينى دەپ بېرىدۇ، — دەپتۇ.

يەل تاپان ئەبدەش باتۇرنى ئېلىپ يەنە يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار ماڭا ـ ماڭا كېتىۋاتسا، بىر توپ ئاتلار دەريانىڭ بىر يېرىدىن ئۇياققا ئۆتۈپ كېتىۋاتقۇدەك، ئەبدەش باتۇر قارىغۇدەك بولسا بۇ يەردە كېچىك بار ئىكەن. ئۇلار شۇ يەردىن ئۆتۈپ داۋاملىق مېڭىۋېرىپتۇ. كۈن ئولتۇرۇپ جاھاننى قاراڭغۇلۇق بېسىپتۇ. يەل تاپانغا زۇۋان كىرىپ:

— قوينۇڭدىكى ئەينەكنى يالماۋۇزنىڭ ئالدىغا ئات! — دەپتۇ. ئەبدەش باتۇر شۇ ھامان قوينىدىن ئەينەكنى چىقىرىپ يالماۋۇز تەرەپكە ئاتقانىكەن، يەتتە باشلىق يالماۋۇزنىڭ ئالدىدا بىردىنلا ئاسمانغا تاقاشقان كۆك تاغ ھاسىل بوپتۇ. يەتتە باشلىق يالماۋۇز تاغقا ئۇسۇپ توختاپتۇ. ئەبدەش باتۇر يەل تاپان بەك ھېرىپ كەتتى دەپ دەريا بويىدا تۈنەپ، ئەتىسى يەنە داۋاملىق گۈزەل ماكانغا قاراپ مېڭىپتۇ. خېلى كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئەبدەش باتۇر يەتتە باشلىق يالماۋۇز ئەمدى كېلەلمەسلىكى مۇمكىن، دەپ ئاتنى پات ـ پات دەم ئالدۇرۇپ مېڭىپتۇ. يالماۋۇز بولسا تاغنى ئۆتكۈر تىرناقلىرى بىلەن تاتىلاپ يول ئاچماقچى بوپتۇ.

يەتتە باشلىق يالماۋۇزنىڭ بۇنداق تېز كېلەشىنى ئويلىمىغان ئەبدەش باتۇر ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ قېچىپتۇ. يەتتە باشلىق يالماۋۇز تېزلا تاغدىن يول ئېچىپ يەل تاپاننىڭ ئىزىنى سەزگۈر بۇرنى بىلەن پۇراپ ئارقىدىن قوغلاشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. يالماۋۇز كۈچلۈك نەرە تارتىپ قارا قۇيۇن چىقىرىپتۇ. ئۇ ئۇچىنچى كۈنى ئەبدەش باتۇرغا يېتە-

شىپتۇ. بۇ قېتىم يەل تاپان:
ــ قول ياغلىقىڭنى چىقىرىپ يالماۋۇزنىڭ
ئالدىغا تاشلا! ــ دەپتۇ. قول ياغلىق قاتمۇقات ئۆ-
مۈچۈك توردەك تورغا ئايلىنىپ يالماۋۇزنىڭ كۆ-
زىنى كۆرەلمەس، پۇتىغا چىرمىشىپ ماڭالماس قى-
لىپ قويۇپتۇ. يالماۋۇز ئۆزىنىڭ بارلىق ھۈنەرلى-
رىنى ئىشلىتىپ توردىن بۆسۈپ چىقىش ئۈچۈن
ھەرىكەت قىپتۇ. يەل تاپانغا بەرىبىر يېتىشۋاپتۇ.
ئەبدەش باتۇردا بىرلا كوزىر ــ سىرلىق ئۈزۈك
قاپتۇ. ئۇ ئۈزۈكنى يالماۋۇزغا قارىتىپ ئېتىپتۇ،
يالماۋۇزغا ئوت تۇتىشىپتۇ، كەينىگە بۇرۇلۇپ سۇ
تېپىپ ئوتنى ئۆچۈرمەكچى بولۇپ مېڭىپتۇ. ئەب-
دەش باتۇر داۋاملىق قېچىپتۇ، يولدا ھېلىقى ئاق
ئاتلىق بوۋاي ئۇچراپتۇ.
ــ ئوغلۇم، گېپىمگە قۇلاق سال، ئالدىڭدىكى
مۇشۇ تاغدا يەتتە ئات ئوتلاۋاتىدۇ. شۇ يەتتە ئاتنىڭ
ئىچىدە يالى قىزىل، قۇيرۇقى ئاق بىر ئايغىر بار،
شۇ ئايغىر يەتتە باشلىق يالماۋۇزنىڭ جېنى. شۇڭا،
سەن شۇ ئاق قۇيرۇقلۇق ئايغىرنى تۇتۇپ قارنىنى
يارساڭ ئىچىدىن يەتتە دانە بۇركۇت چۈجىسى چى-
قىدۇ. ئۇلارنى تۇتۇۋېلىپ بىر - بىرلەپ بوغۇپ
ئۆلتۇر. ئەڭ ئاخىرقى بىرسىنى يەتتە باشلىق يال-
ماۋۇزنى كۆرگەن چېغىڭدا كۆزىگە كۆرسىتىپ بو-
غۇپ ئۆلتۇر، پەقەت شۇ چاغدىلا يەتتە باشلىق يال-
ماۋۇزدىن تولۇق قۇتۇلىسەن، ــ دەپتۇ. بۇنى ئاڭ-
لىغان ئەبدەش باتۇر دەرھال يەل تاپاننىڭ بېشىنى
بوۋاي كۆرسەتكەن تاغ تەرەپكە بۇراپ يەتتە ئاتنى
ئىزدەپ مېڭىپتۇ. ئۇ تاغلاردىن ئېشىپ، سۇلاردىن
ئۆتۈپتۇ، كەڭرى كەتكەن يايلاقتا ئاق قۇيرۇقلۇق
ئايغىر ئۇچراپتۇ. ئۇ يەل تاپاننى يەتتە ئات تەرەپكە
بۇراپ يېقىنلىشىپتۇ. ھەر كۈنى بىر - ئىككى قې-
تىم ئۇچرىشىپ بىرقانچە كۈن ئۆتۈپتۇ. بارا - بارا
ھېلىقى يەتتە ئات يەل تاپاننىڭ قېشىغا كېلىدىغان
بوپتۇ. بىر كۈنى ئەبدەش باتۇر يەل تاپاننى يۈگەن،
ئېگەر - توقۇملىرىدىن ئازاد قىلىپ يەتتە ئاتقا
قوشۇۋېتىپتۇ. ئەبدەش باتۇر ئاتلارنى يىراقتىن
ئايلىنىپ يۈرۈپتۇ، بىر كۈنى يەتتە ئاتنىڭ كېچى-
سى دەم ئالىدىغان جايىنى، يەنى بىر تاغنىڭ غارى-
نى بايقاپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، بۇ غارنىڭ كىرىپ
- چىقىش ئېغىزى ناھايىتى تار بولۇپ، ئاتنى تۇت-
ماق تولىمۇ ئوڭاي ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئەب-
دەش باتۇر يەتتە ئاتنىڭ تاغنىڭ ئۆڭكۈرىگە كىرىپ
كېتىۋاتقانلىقىنى، يەل تاپاننىڭ ئۇلارنىڭ ئارقىس-
دىن كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ ئاتلارنىڭ غار-
غا تامامەن كىرىپ بولغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن
ئىسقىرتىپتۇ. يەل تاپان ھايال قالماي ئۆز غوجاي-
ىنىنىڭ قېشىغا يېتىپ كەپتۇ ۋە دەرھال ئېگەر -
جابدۇقلىرىنى توقۇپ ئاق قۇيرۇق ئاتنى تۇتۇشقا
ھازىرلىق كۆرۈپتۇ. ئەتىسى ئاتلار غاردىن چىقىشقا
باشلاپتۇ، ھەممىدىن كېيىن ئاق قۇيرۇق ئات چى-
قىپ كەپتۇ. ئەبدەش باتۇر دەرھاللا ئاق قۇيرۇقنىڭ
پۇتىغا، بويىنىغا ئارقان يۆگەپ ئاتنى ئوڭايلا تۇ-
تۇۋاپتۇ. ئەبدەش باتۇر شۇ يەردىلا ئاق قۇيرۇقنىڭ
جېنىنى ئېلىپ قارنىنى يېرىپتۇ، دەرۋەقە، ئاتنىڭ
قورسىقىدىن يەتتە دانە بۇركۇت چۈجىسى چىقىپ-
تۇ. چۈجىلەرنىڭ بىرسىنى شۇ يەردىلا بوغۇپ ئۆل-
تۈرۈپ ئالتىسىنى تور سېۋەتكە قاچىلاپ يەتتە
باشلىق يالماۋۇزنى ئىزدەپ ئارقىسىغا قاراپ مې-
ڭىپتۇ. ئۇلار ئۇزاق ئۆتمەي تاغنىڭ باغرىدا يالما-
ۋۇز بىلەن ئۇچرىشىپتۇ، ئەبدەش باتۇر ئالتە چۈ-
جىنى كەينى - كەينىدىن بوغۇپ ئۆلتۈرۈپتۇ، يال-
ماۋۇزنىڭ جېنى چىقىپتۇ. ئەبدەش باتۇر خەنجىرى
بىلەن يەتتە باشلىق يالماۋۇزنىڭ يەتتە بېشىنى
كېسىپ يەتتە جايغا تاشلاپتۇ. قالغان تېنىنى پارچە
- پارچە قىلىپ قاغا - قۇزغۇنلارغا تاشلاپ بېرىپ،
يەل تاپاننى مىنىپ خاتىرجەم ئۆزىنىڭ گۈزەل يۇر-
تىغا قايتىپ ئاتا - ئانىسىنىڭ خىزمىتىنى قى-
لىپ، ئائىلى بىلەن بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشكە
باشلاپتۇ.

(توپلاپ رەتلىگۈچى كۇچا ناھىيە دۆڭقوتان بازىرى قاراڭغى 1 ـ كەنتتە)

## ياش رەسسام تۇرسۇن ئوسمان
## ماي بوياق رەسىملىرىدىن



سوغۇق چۆل



يۆتۈشۈش



سۇ [illegible]

## ياش رەسسام ئابلەت ئوسمان
## ماي بوياق رەسىملىرىدىن



بۆشۈك



قورغان



كەڭ زېمىن



گۈزەل يۇرتۇم

رەسسام: ئابلەت ئوسمان


بۇلاق

源泉（布拉克）

（维 吾 尔 文）　总141期

«قوش ئايلىق ژۇرنال» ئومۇمىي 141- سان

BULAK A BIMOUNTHLY JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE

主编:艾力·托呼提　副主编:买买提吐尔地

باش مۇھەررىرى: ئەلى توختى　مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

新疆人民出版社编辑出版
（乌鲁木齐市解放南路348号）
新疆漠尔通(MORTOM)印刷有限责任公司印刷
乌鲁木齐市邮局发行
中国国际图书贸易总公司国外发行
全国各地邮局订阅

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 - نومۇر)
شىنجاڭ مورتوم (MORTOM) مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقاتتى
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一连续出版物号:CN65-1063/I
国际标准连续出版物号:ISSN 1005-0876
国外发行号:Q1118　邮政编码:830001
邮政代号:58-108　定价:7.50元
广告经营许可证号:6500006000043

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:
خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى:
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: Q1118　پوچتا نومۇرى: 830001
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 58-108　باھاسى: 7.50 يۈەن
ئېلان تىجارىتى ئىجازەتنامىسى نومۇرى: 6500006000043